ئابدۇكېرىم راخمان

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

ئابدۇكېرىم راخمان

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىسى

# 1

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات پاكولتېتى
ئۈرۈمچى 1983 - يىل

# ئاپتوردىن

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكولتېتلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىسى» ناملىق بۇ قوللانمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق تەجرىبىدۇر.

بۇ قوللانمىنى ئىشلەشتە ئېلىمىزنىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ فولكلۇرشۇناسلىققا ئائىت ئىلمى-نەزەرىيىۋى ماتېرىياللىرى كوپ ياردەم بەردى. بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ ئاتاغلىق خەلق ئەدەبىياتشۇناسى فراپپېسسۇر جوڭ جىڭۋېن تۈزگەن «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» (شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى 1981-يىل نەشرى) بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىل نەشرى قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» ناملىق كىتاپلاردىن بىۋاستە پايدىلىنىلدى ۋە مۇۋاپىق مەزمۇنلىرى سىڭدۈرۈلدى.

فولكلۇرشۇناسلىق ئىلمى ئومۇمەن ئاۋام خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن پۈتكۈل ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. لېكىن بۇ قوللانمىدا پەقەت خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجات قىلغان ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى يەكۈنلەندى.

بۇ قوللانمىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرى (تۈر ۋە ژانىر قىسمى) ئاساسەن ئۆزىمىزگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى نۇقتا قىلغان ھالدا، مۇمكىن قەدەر قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىغا ئېتىۋار بېرىلدى. شۇنىڭدەك ماتېرىياللارنىڭ ناھايىتى ئاز توپلانغانلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى ئۆگىنىش ھەمدە تەتقىقاتنىڭ تېخى بەكمۇ ئاجىزلىقى سەۋەپلىك ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆرپ-ئادەت، مەۋسۇم-موراسىم، ئېتنوگرافىك مىللى شەكىللەر قاتارلىق بەزى تۈرلىرى كىتاپتا مەخسۇس باپ سۈپىتىدە بېرىلمىدى.

بۇ كىتاپنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە پايدىلىق مەسلىھەتلىرى بىلەن ھەر تەرەپتىن كونكرېت ياردەم بەرگەن ۋە قىزغىن قوللىغان بارلىق ئۇستازلار ۋە يولداشلارغا كەمىنە ئاپتۇر سەمىمى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھورمەت بىلەن

ئاپتوردىن

# مۇندەرىجە


1 - باپ

مۇقەددىمە: خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى ........ 1

2 - باپ

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ........ 2

3 - باپ

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ........ 29

4 - باپ

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى (فولكلور ۋە ئەدەبىيات) ........ 46

5 - باپ

ھەر قايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ۋە تەسىرى ........ 89

6 - باپ

خەلق ئەدەبىياتچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ........ 109

7 - باپ

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش مەسىلىسى ........ 142

ئىككىنچى قىسىم

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ژانىر ۋە تۈرلىرى ........ 166

8 - باپ

قوشاقلار ........ 169

9 - باپ

ماقال - تەمسىللەر ........ 285

10 - باپ

تېپىشماقلار ........ 308

11 - باپ

ئەپسانە - رىۋايەتلەر ........ 319

12 - باپ

ھېكايە - چۆچەكلەر ........ 339

13 - باپ

لەتىپە ۋە چاقچاقلار ........................................ 368

14 - باپ

خەلق داستانلىرى ........................................ 390

15 - باپ

ئەلنەغمە تىياتىرى (مەدداھلىق — غەزەلخانلىق ئەدىبىياتى) ........................ 419

16 - باپ

باللار فولكلورى........................................ 429

قوشۇمچە:

خاتىمە........................................ 439

بىبلىئوگراپىيە ........................................ 443

بىرىنچى قىسىم

# 1 باپ

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئومۇمى چۈشەنچە» — جۇڭگو ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئاساسى نەزىرىيە دەرسلىرىدىن بىرى. ئۇ، ئاساسەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسى نەزىرىيىسىنى ئۆگىنىش، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تونۇش، ئۇنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولىنى چۈشىنىش، ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز-ئارا تەسىرى ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىكى، خەلق سەنئەتكارلىرى پائالىيىتىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى رولى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەر-قايسى ژانىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇسۇل، پىرىنسىپلىرى... قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگەللەشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق خەلق ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق چۈشىنىش ئاساسىدا خەلق ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات ھەم تىل توغرىسىدىكى بىلىملىرىمىزنى تولۇقلاش ۋە ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەمدە شۇ جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ.

«خەلق ئەدەبىياتى نەزىرىيىسى» كۈچلۈك ئىلمىلىككە ئىگە بولغان مۇكەممەل بىر پەن. ئۇنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسىنى پۇختا ئىگەللەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇلنى توغرىلاش زۆرۈر. شۇ مەقسەتتە بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز.

## § 1 - خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇقۇمى ۋە دائىرىسى.

خەلق ئەدەبىياتى — پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر تەركىۋى قىسمى. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىجاد قىلغان تىل سەنئىتى.

خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى خەلقارالىق ئىلىم بولۇپ، ئۇ فولكلورنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۇ ئىنگلىزچە «folk» (خەلق) ۋە «Lori» (پەم-پاراسەت، دانىشمەنلىك) دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى — «خەلقنىڭ ئەقىل پارا-

سىتى» دېمەكتۇر. بۇ ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناسى ۋىلىيام تومىس (W·e·Thoms) 1846 - يىلى يازغان بىر كىتاۋىدا ئوتتۇرىغا قويغان. شۇندىن باشلاپ فولكلور شۇناسلىق خەلقارا ئىلىم كاتېگورىيىسىگە كىردى. بىزدە يېقىندىن بۇيان فولكلور شۇناسلىق ئورنىغا «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئىلمى» دېگەن نام قوللىنىلغان. ئەمما ئۇ فولكلورنىڭ پۈتكۈل مەناسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، شۇڭا خەلقارا ئورتاق نام بويىچە «فولكلور» دەپ قوللانسىمۇ بولىدۇ. «فولكلور» دېگەندە ئاساسەن، خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. خەلق سەنئىتىنىڭ باشقا تۈرلىرى، مەسىلەن، مۇزىكا سەنئىتى، ئۇسسۇل سەنئىتى، ھونەر سەنئىتى ۋە باشقىلار بىز قوللىنىۋاتقان تارمەنىدىكى فولكلور دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. لېكىن خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئەسەرلىرىدە مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتى ئېلېمېنتلىرى قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن فولكلور ئۇنىۋېرسال (سىنكرېتىك) سەنئەت دېيىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا فولكلور ئەسەرلىرى خەلق سەنئىتىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى تارىخنىڭ ھەمراسى، ئۇنىڭ تولۇق ئەكس ساداسى بولۇپ كەلگەن. ئۇ تارىخى ۋەقەلەرنى خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشەنچىسى، نۇقتىينەزىرى، پوزىتسىيىسى بويىچە بەدىئى پورمىلاردا باھالايدۇ.

خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىنى ئۆگەنگۈچى، تەكشۈرگۈچى پەن فولكلور شۇناسلىق Folklorxunaslik دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى فولكلور ئەسەرلىرى بىلەن بىر قانچە پەنلەر شۇغۇللىنىدۇ، مەسىلەن: تارىخچىلار تارىخى ۋەقەلەرنىڭ خەلق ئاغزاكى ئىجادىدا قانداق ئەكس ئەتكەنلىكىنى ئۆگىنىدۇ، ئېتنوگرافىيىچىلار خەلق ئاغزاكى ئىجادىدىكى ئۆرپ ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىدۇ؛ سەنئەتشۇناسلار فولكلور ئىچىدىكى مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، ئويۇن ۋە باشقىلارنى ئۆگىنىدۇ؛ تىلشۇناسلار خەلق ئىجادى تىلىنىڭ لەھجە (شىۋە) ۋە دىئالېكتلىرى بىلەن، ئەدەبىياتشۇناسلار فولكلور ئەسەرلىرىنىڭ يازما ئەدەبىيات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشۈرىدۇ ۋاھاكازالار.

خەلق ئەدەبىياتى دېگەن بۇ ئۇقۇم جۇڭگوغا «4 - ماي» دىن كېيىنلا تارقىلىشقا باشلىدى. «فولكلور» نى خەنزۇچىغا دەسلەپ تەرجىمە قىلغاندا «خەلقنىڭ ساددا ئەدەبىياتى» («民俗学») دەپ ئىزاھلىدى.

تارىخى ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس گەرچە مەخسۇس خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدە سۆزلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سىياسى - ئىقتىسات، پەلسەپە، تارىخ قاتارلىق ئەسەرلىرىدە خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى تارىخى ماتېرىيالىزملىق نۇقتىينەزەر ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىمۇ خەلق ئەدەبىياتىغا ناھايىتى قىزىقتى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى يۈكسەك باھالىدى. ماركسنىڭ «"سىياسى - ئىقتىسات ئىلمىگە تەنقىت" كە كىرىش سۆز» دېگەن ئەسىرىدىكى گرېك ئەپسانىلىرى ۋە تارىخى قو-

شاقلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ئىنگىلىسىنىڭ «دىيورىنگغا قارشى» دىگەن ئەسىرىدىكى دىننىڭ ماھىيىتى ۋە چوچەكلەردىكى ئوبرازلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەھلىللىرى بۇنىڭ جانلىق مىسالى. ماركس ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىققان ۋە ياۋروپادىكى بىر قانچە مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېتىقىنىپ ئۆگەنگەن ئىدى. 1839 - يىلى ماركس ئۆزىنىڭ سويگەن قىزى يەنناۋىستىخلونىغا ئاتاپ بىر پارچە كىتاپچە تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ 19 كوبلىت قوشىقى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، كىرىش سوزىدە ماركس ئوز قەلىمى بىلەن «مەن گىرمان، چىخ، ئىسپان، لاتىۋىيە، پولەك، ئالبان خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىن ئوزەمگە ياققان ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ سىزگە تەقدىم قىلدىم» دەپ يازغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كوبلىت قوشاقتا مۇنداق مەزمۇن بار:

ئەقىدەم شۇ، ھاياتىمدا بىرلا سەن،
يۈرۈگۈمنىڭ قېنى سەن دەپ تونۇيمەن.
ساداقەتتىن ئارتوق لەززەت يوق ماڭا،
گۈل شىخىڭدا ئېچىلغان بىر غونچىمەن.

ۋ.ئى. لېنىن روس خەلق چوچەكلىرىنى ئوقۇپ تۇرۇپ: «ھەقىقى ھالدىكى خەلقنىڭ ئىجادى» ① دىگەن ئىدى. بۇ دانا مۇلاھىزە خەلق ئىجادىنىڭ ئىجتىمائى ماھىتىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ماركسىزىم - لېنىنىزىم كىلاسسىكلىرى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان مېھنەتكەش خەلق شۇنداقلا يەنە سوز سەنئىتىنىڭمۇ ياراتقۇچىلىرىدۇر، دەپ تەلىم بىرىدۇ. «بۇ سەنئەتنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپ بولغان نەرسە كىشلەرنىڭ ئەمگەك تەجرىبىسىنى ئاغزاكى شەكىللەردە تەشكىل قىلىشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىدۇركى، بۇلار بېيىتلار، ماقاللار، تەمسىلەر، قەدىم زامانلارنىڭ مېھنەتكە دائىر شېئىرلىرى شەكلىدە خاتىرىگە مەھكەم ئورنۇشۇپ قالغان»②

خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات ساھەسىدە بولۇپمۇ م. گوركىنىڭ توھپىسى ناھايىتى زور بولدى. ئۇ ماركسىزىمنىڭ توپ نوقتىنەزەرلىرىگە ئاساسەن، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدىنىيەت تارىخىدىكى رولىغا يۇقىرى باھا بەردى. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرىنى ماركسىزىملىق نوقتىنەزەر ئاساسىدا بىكىتتى. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىگە ئىلمى تەبىر بەردى. ئۇ: «فولكلور-خەلق، مۇھىمى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئېغىز ئىجادى»، «خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئىجتىمائى تەجرىبىلىرى ئىچىدىن چىقىرىلغان بىلىملەرنىڭ يەكۈنى» دەپ كورسەتتى. فولكلور ھەققىدىكى گوركىنىڭ بۇ تەبىرى سوۋېت خەلق ئەدەبىياتشۇناسلىرىنىڭ (چىچلوۋ، بوگدانوۋ...) زور ئېتىۋارىغا ئېرىشتى، مۇشۇ ئاساستا مەملىكىتىمىزدە 30 - يىللارغا كەلگەندە لۇشۈن ماركسىزىمچە خەلق ئەدەبىياتى نەزىرىيىسىنى

① «ئوزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى» تاشكەنت. 1980 - يىل نەشرى 9 - بەت.

② م.گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت. 1962 - يىل نەشرى. 337 - بەت

توغداپ لىياڭ شىچۇ قاتارلىقلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئاممىسىغا ھۇجۇم قىلغان
سەپسەتىلىرىنى تەنقىت قىلدى، شۇنداقلا خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر ھەرخىل مەسىلىلەرنى
مۇھاكىمە قىلىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ئىقتىدارىنى يۇكسەك باھالىدى.
ئۇلار تارىخى ماتېرىيالىزىمنىڭ ئاساسى قائىدىلىرىنى يېتەكچى قىلىپ خەلق ئەدەبىياتى ئۇسۇ-
قۇمى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى مەسىلىسىنى پىرىنسىپ جەھەتتىن ھەل قىلىپ، خەلق ئەدەبىياتى
تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى.

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ تىل سەنئىتىدۇر

گەرچە فولكلور دېگەن بۇ ئۇقۇم 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تىكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىل سەنئىتى قەدىمدىن مەۋجۇت ئىدى.

ماركسىزىم «ئەمگەكچى خەلق» دېگەن بۇ تارىخى ئۇقۇم، ئوخشىمىغان تارىخى باس-
قۇچلاردە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلارغا ئىگە، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ئىپتىدائى جەمئە-
يەتتە، سىنىپ تېخى پەيدا بولمىغاچقا، جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى خەلق ھىساپلىناتتى.
ئۇ چاغدا گەرچە يېزىق پەيدا بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما تىل سەنئىتى ئاللىقاچان بارلىققا
كېلىپ بولغان. ماركس: «موركان „قەدىمقى جەمىيەت" كىتاۋىنىڭ ئۈزۈندىلىرى» دە «ئەڭ
قەدىمقى ياۋايىلىق باسقۇچىدىلا ئىنسانلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىگە مەنسۇپ بولغان تەرەققى-
ياتى باشلانغان، يەنى تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، ھەمدە بۇنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى
مۇشۇنداق زور ئىختىدارى سەۋەبىدىن ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىق خاتىرىسىز ئەدەبىيات پائال-
يىتى پەيدا بولۇشقا باشلىغان، ھەمدە ئۇ ئىنسانلارغا كۈچلۈك تەسىر كورسەتكەن» دېدى.
لوشۇنمۇ بىزنىڭ ئەۋداتلىرىمىزدا تېخى تىل بارلىققا كەلمىگەن مەزگىللەردىمۇ كوللىكتىپ
ئەمگەك سادالىرىنىڭ بولغانلىقىنى سوزلەپ كېلىپ، ئۇنى ئالاھىدە «ئەيىۇ، ئەيىۇچىلار»
دېگەن نام بىلەن ئاتىدى.

دېمەك، ئىپتىدائى ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسى ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل جە-
مىيەت ئەزالىرىنىڭ كوللىكتىپ ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كېيىنكى دەۋر
لەردە پەيدا بولغان يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق مەنبەيى، شۇنداقلا
ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ بىردىن - بىر ئەدەبىياتى.

ئىنسانىيەت سىنىپى جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش
ۋە مەدەنىيەت بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققى قىلدى. سىنىپى جەمىيەتنىڭ ئىجتى-
مائى پورماتسىيىسى ھوكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە ھوكۈمرانلىق قىلىنغۇچى دەپ ئىككى سىنىپ-
قا بولۇنگەندىن كېيىن، يېزىقتىن ئىبارەت بۇ قۇرالنى ھوكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ ئىگەل-
لىۋالغاچقا، جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەڭ خەلق ئاممىسى يېزىقنى ئىگەللەش
ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئاۋالقىدەكلا ئىپتىدائى جەمىيەتتە باشلان-
غان ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى،

داۋاملىق ھالدا ئېغىز تىلىنى قورال قىلىپ ئاغزاكى ئەدەبىياتىنىڭ خىلمۇ خىل تۈرلىرىنى ئىجات قىلدى ۋە تارقاتتى.

ئومۇمەن ئالغاندا، خەلق ئەدەبىياتى سىنىپىي جەمئيەتتە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىپتىدائىي جەمئيەتتىكىدىن كەڭ ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئەلۋەتتە. بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ يەنە نۇرغۇن يېڭى شەكىل ۋە يېڭى ژانىرلار بارلىققا كەلدى. دېمەك، سىنىپىي جەمئيەتتىكى خەلق ئەدەبىياتى روشەن سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېمىشە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كەمسىتىشى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، «ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغان ياۋايى مەدەنىيەت» دەپ تونۇلۇپ كەلدى. لېكىن خەلقنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىۋەتكىلى بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنىمۇ ئۈجۈقتۇرۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ، خەلقنىڭ مەنىۋى پائالىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئىلغار يازما ئەدەبىياتقا مەيلى چوڭ مەيلى كىچىك بولسۇن ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. سىنىپىي جەمئيەتتە خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى كۆرەش قىلىش قورالى بولۇپ خىزمەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق ئىچىدە ھۆكۈمران سىنىپلار بىر تەرەپتىن قوپاللىق بىلەن ئۇنى نابۇت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بۇ خىل ئەدەبىيات شەكلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئۇرۇندى.

بىر تەرەپتىن سىنىپىي جەمئيەتتە ھۆكۈمران ئىدىيە بولغان فېئوداللىق ئىدىيە تەسىرى، يەنە بىر تەرەپتىن سىنىپىي جەمئيەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي چەكلىمىگە ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن، مەزمۇن جەھەتتىن خەلق ئەدەبىياتىدا مۇرەككەپلىك بارلىققا كەلدى. بۇ ھال ماركسىزملىق نۇقتىنەزەرگە ئاساسەن خەلق ئەدەبىياتى ئىچىگە ئارىلىشىپ قالغان فېئوداللىق شاكاللارنى ئۇنىڭ ئىچىدىن تازىلاپ چىقىرىشنىڭ زورۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى خەلق ئەدەبىياتى ھەرگىزمۇ ئەمگەكچى خەلق بىلەن دۈشمەنلەشمىدىغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

پەقەت سوتسىيالىزىم جەمئيىتىدىلا خەلق ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىلدى. شۇنىسى ئېنىقكى، سوتسىيالىزىم مەزگىلىدە ئۆزىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاۋۋالقىدەكلا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا مول خەلق ئەدەبىيات غەزىنىسى ساقلانماقتا. بۇ پاكىتلار خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تولۇپ-تاشقان ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، باشتىن-ئاياق خەلقنىڭ قەلبىدە ياشاپ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. سوتسىيالىزىم شارائىتىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس ھالدا قەدىمقى دەۋرلەردىكىدەك فانتازىيىلىك ئەپسانە، رىۋايەتلەر بارلىققا كەلمىسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى

خەلق ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ ھەممىسى يەنىلا خەلق تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولىدۇ ۋە يېڭى دەۋرگە مۇناسىپ بولغان يېڭى ئېغىز ئەدەبىيات ئۈلگىلىرى (يېڭى خەلق قوشاقلار، ناخشا-مۇزىكىلار، يېڭى ماقال-تەمسىللەر، تېپىشماق، يېڭى لەتىپە... قاتارلىقلار) ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىدۇ.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ساۋاتلىق بولغاچقا، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلىگەندە تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجاتچىلىرى ئاساسەن كەڭ ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى زىيالىلار ۋە ئۇلارنىڭ كادىرلىرىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يەنىلا ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ئاممىسى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرۈشى، ئۇلارنىڭ دۆلەت خوجايىنىغا ئايلانغانلىقى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىدىندۇر. مۇشۇ نۇقتىدا كونا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن يېڭى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. يەنى يېڭى خەلق ئەدەبىياتىدا ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن يېپ-يېڭى قىياپەت بارلىققا كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، خەلق ئەدەبىياتى تارىختىن بېرى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس سوزۇلۇش خاراكتېرىگە ئىگە. شۇ سەۋەپتىن بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي شارائىتتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ترادىتسىيىسىنى يوقاتماي ئېغىزدا ئىجات قىلىش، ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاممىباپ شەكىل مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. ياكى خەلقنىڭ ساۋاتلىق بولىشىغا ئەگىشىپ، يېزىق ۋاستىسى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئى ئۇسلۇبى ۋە شەكلى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، بەزى ئىشچى، دىخان ئاممىسىنىڭ ئادەتتىكى يازغۇچىلار ئەدەبىياتى شەكلىنى قوللىنىپ يازغان يازما ئەدەبىياتىغا كەلسەك، ئۇ ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى ھىساپلىنىپ خەلق ئەدەبىياتى ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى زىيالىلار ئەمگەكچى خەلق دائىرىسىگە مەنسۇپ، لېكىن جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ پەرقى ھازىر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، زىيالىلارنىڭ تۇرمۇشى، خىزمىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تەربىيىلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى ئىشچى، دىخانلار ئاممىسىدىن پەرقلىنىدۇ. ئومۇملۇقتىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئۇچرىتىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك مەخسۇس يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ھەر ھالدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ شەكلىنى قوللىنىش شارائىتىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلىنىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ گۈزەللىك تەلىۋىگە لايىقلاشقان، ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئارزۇلىرىنى خەلق

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شەكىللىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر ئامما ئىچىدە چوڭقۇر ۋە دەرھال يىلتىز تارتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇ خىل خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنىمۇ كەڭ مەنىدە خەلق ئەدەبىياتى دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ، لېكىن ئومۇمى مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى ئېقىمى دېيىشكە بولمايدۇ.

قىسقىسى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلىگەندە ئەڭ مۇھىمى، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ دىتىغا ياققان، ئۇلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان، تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ ۋە تېز بولغان، ئاممىنىڭ ئىستېتىك تۇيغۇسىغا زىچ ماسلاشقان ئىجادىيەتنى ئۆلچەم قىلىشىمىز لازىم. بۇ تارىختا شەكىللەنگەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئەشۇ ئالاھىدىلىك بىلەن يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدۇ. قىسقىسى، خەلقنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئەسەرلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خەلقنىڭ ئالەم ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى، ئۇنىڭ بەدىئى زوقىنى، ئىجتىمائى، تارىخى، سىياسى، پەلسەپىۋى ۋە ئىستېتىك قاراشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. بۇ نەرسە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە غايىسىنىڭ چوڭقۇر خەلقچىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن م. گوركىي: «مېھنەتكەش خەلقنىڭ پۈتۈن ھاياتى، ئىجتىمائى-تارىخى تەجرىبىسى ماقالىلار ۋە تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن»① دېگەن ئىدى.

يۇقۇرقى نۇقتىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى ئايرىش ۋە باھالاشنىڭ ئاساسى شەرتىدۇر.

## § 2 - خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنىڭ مەقسىدى

1 - خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ تارىخى ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىنەزەرنى كۈچەيتىش: نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۇ ھەرخىل مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ پۈتۈنكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقۇرى كۆتىرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىيات ئىشلىرى، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى 17 يىل ئىچىدە ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. (گەرچە بەزى كەمچىلىكلەر مەۋجۇت بولسىمۇ) لېكىن خەلق ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان تەتقىقات خىزمىتى لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تەلۋىلەشكەن 10 يىل ئىچىدە زور بالايى-ئاپەتكە ئۇچرىدى. خەلق ئەدەبىياتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىندى ۋە ئاياق-ئاستى قىلىندى. نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق قالدۇق

---

① گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت، 1962-يىل نەشرى 98-بەت.

زەھەرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تازىلاش مەدەنىيەت ۋە ئىدىيىۋى سېپىمىزدىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات پاكولتېتلىرى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىختىدارلىق تىل-يېزىق خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالماقتا. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىنەزەرنى مۇستەھكەم تىكلەپ، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىمىزنى يېتىشتۈرۈشىمىز زۆرۈر. بۇ ئەلۋەتتە، مۇھىمى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئۆگىنىشكە تايىنىش بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە باشقا كەسپىي دەرسلەرنىڭمۇ بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار. ئەمما ئەڭ مۇھىمى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ دەرسلىكنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن ئېغىر. چۈنكى خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزىدىكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشنى ئوبيېكتى قىلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا گوركىي: «ئەمگەكچى خەلق تارىخنى ياراتتى، لېكىن ئۇلار تارىخنى يېزىپ قالدۇرۇشنى بىلمەي، تارىخنى يازىدىغانلار باشقا بىر سىنىپنىڭ ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلىدىغان ئادەملىرى بولدى. ئىنتايىن بىر ئاددىي سەۋەپتىن، تارىخنى ياراتقان، قارا ئىش قىلىدىغان ئىشچىلار تارىخىي كىتابلاردا بەزى ۋاقىتلاردا ئېغىزغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما يالغۇزلا «ئىسيانچى»، «ياخشى ئادەملەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزىشىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچى ۋە بۇزغۇچى» دەپ قارالدى. ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى دېخانلار بىلەن ئىشچىلار تارىخ سەھىپىسىدە مەۋجۇت بولالمىدى.»① دېگەن ئىدى.

بىز ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بۇ تارىخىي قاراشنى قايتا ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تىكلىشىمىز لازىم.

### 2- خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىكى ئىدىيە ۋە سەنئەت ئوزۇقلۇقىنى قوبۇل قىلىش:

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى تارىخىي ماتېرىيالىزم قائىدىلىرىنىڭ توغرىلىقىنى جانلىق ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېسىل ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن بىزنى مول ئىدىيە ۋە گۈزەل سەنئەت ئوزۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(1) خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەھمىيىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. لېنىن: «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن نۇت-

① گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، «كەنت تارىخى». «خەلق ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 78- يىل 1- سان، 151- بەت.

قىدا: «پەقەت ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق بىلىملەر بىلەن ئۆزىنىڭ مېڭىسىنى بېيىتقاندىلا، ئاندىن كوممۇنىزمچىغا ئايلانغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

خەلق ئەدەبىياتى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە ئىستېتىك قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقلى تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ تەبىەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى كۆرەش تەجرىبىلىرىنى بايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ گۈزەل كېلەچەك ھەققىدىكى غايىلىرىنى رېئاللىققا تەدبىقلاپ، ھېمىشە ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىلەرنى قىزغىن سۆيۈش ھىسسىياتىنى نامايەن قىلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئومۇمەن ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تەبىەتنى بويسۇندۇرالايدىغانلىق ئىمكانىيىتىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. (ئەلۋەتتە بۈگۈنكى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى قەدىمقى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۇ خىل تەسەۋۋۇرلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى). خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلگەن خاھىشنى تارىخىي نۇقتىدىن ئۆگەنگەندە، ئۇ بىزگە سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەپ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنى ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئىگەللىشىمىزگە ئىلھام بېرىدۇ.

سىنىپىي كۆرەش ئاساسى تېما قىلىنغان خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرى دېموكراتىك ۋە ئىنقىلاۋىلىق خاراكتېرگە ئەڭ باي بولۇپ، ئۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھىرى ۋە ئاساسى قىسمى ھىساپلىنىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەر سىنىپىي جەمىيەتنى ئەينەن سۈرەتلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ قان-ياشلىرى بىلەن يېزىپ چىققان جەڭگىۋار داستاندۇر. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاممىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينىغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق.

خەلق ئەدەبىياتى كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا بىرىنچى مول ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ. خەلق ئەدەبىياتىدا گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتكە ئىگە بولغان، ئومۇمنى دەپ ئۆزىنى ئۇنۇتقان، بارلىقىنى ئاممىغا بېغىشلىغان، كەمبەغەل ئاجىزلارغا ھىسداشلىق قىلىدىغان، زوراۋانلىققا قارشىلىق كورسىتىدىغان، سەمىمى، ۋاپادار ئىنسانپەرۋەر شەخسلەر مەدھىلەنگەن.

ئۇنىڭ ئەكسىچە سوزى بىلەن ھەركىتى بىر بولماسلىق، سەممىيەتسىزلىك، ۋىژدانسىزلىق، ئالدامچىلىق، قانخورلۇق، ھىلىگەرلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ياۋۇزلۇق، ۋاپاسىزلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەر رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشنىڭ ئۇزۇن سىناقلىرىدىن ئۆتكەن خەلقنىڭ كىشىلىك قارىشىغا ماسلاشقان ئەخ-

لاقى چۈشەنچىلىرى بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ ھازىرقى كوممۇنىستىك ئەخلاقى پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

(2) تارىخىي ئەھمىيىتى ھەققىدە: خەلق ئەدەبىياتى — ئۇ تارىخى ھۆججەت بولمىغان بىلەن ئۆز ئىچىگە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللارنى ئالغان بولۇپ تارىخ تەتقىقات خىزمىتىدە بىزگە زور ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ماركس: «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن خەلقلەر تارىخىنى پۈتۈنلەي جەھەتتىن ئەكس ئەتتىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ جەۋرى-جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەرنى (ئەلۋەتتە بەدىئى ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا) تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك» دېگەن ئىدى. گوركىمۇ مۇشۇ نۇقتىدا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ كورسەتكەن. دەرۋەقە، بىز خەلق ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان بەزى قوشاق، بېيت، داستان ۋە قىسسەلەر ئارقىلىق شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئىجتىمائى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگەللىۋالالايمىز، ھەتتا تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىگە ئېلىنمىغان تارىخىي ۋەقەلەرمۇ ئېغىز ئەدەبىيات شەكلىدە خەلقنىڭ ئەدەبىياتىدا ئۆز ئەكسىنى تاپتى. م: قىرغىز خەلقىنىڭ چوڭ ھەجىملىك «ماناس» داستانى قىرغىزلارنىڭ 6 ئەۋلات تارىخىنى بەدىئى يول بىلەن ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇ، قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىي قامۇسى ھېساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىكى كۆپلىگەن داستان، قوشاقلارمۇ تارىخنىڭ بەدىئى ئىنكاسىدۇر. مەسىلەن: «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»، «نۇزۇگۇم قوشاقلىرى»، «تومۇر خەلىپە توغرىسىدىكى قوشاقلار»، «كوچ-كوچ قوشاقلىرى»، «ۋاڭ خولۇ قوشاقلىرى»، «ياقۇپ بەگ توغرىسىدىكى قوشاقلار»، «سېيت نوچى داستانى»... قاتارلىقلار مەلۇم تارىخىي پاكىتلار ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ دەۋر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى پايدىلىق تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئېنگېلس يونان خەلق داستانلىرىدىن «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسىيا» نى مىسال كەلتۈرۈپ «... بۇ داستانلار يونان خەلقىنىڭ قەبىلىۋى جەمئىيەتتىكى ئومۇمى تۇرمۇش كارتىنىسىنى كورسىتىپ بەردى» دېگەن ئىدى.

(3) بەدىئى ئەھمىيىتى جەھەتتە: خەلق ئەدەبىياتى بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەت ئارزۇلىرىنى ھەققى رەۋىشتە ئىپادىلەپ بەرگۈچى ئەدەبىياتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتىدا بەدىئىيلىك جەھەتتە ئوخشاشلا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك قىممەتلىك نەرسىلەر بار. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بېرى تاۋلاپ پىشۇرغان قىممەتلىك سەنئەت بايلىقى. ناھايىتى ئېنىقكى، قىممىتى يوق سەنئەتنى خەلق ئاممىسىمۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇپ ساقلاپ كەلمىگەن بولاتتى. ئەمما خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىگى ئۈستىدە سۆز ئېچىلغاندا، بەزى يولداشلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا، «خەلق ئەدەبىياتى ئاددى-ساددا، قوپال، بەدىئى جەھەتتە ئۆگەنگىدەك ھېچنەرسە يوق» دەپ، قارىشىدۇ. دەرۋەقە خەلق ئەدە-

بىياتىنىڭ شەكلى ئاددى، تۈزۈلۈشمۇ يازما ئەدەبىياتتەك مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - بۈگرى ئەمەس. بىراق ئۇ خەلق ئىچىگە ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇنىڭ بەدىئى مەپتۇن قىلىش كۈچى يۇقىرى، ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئالغا سۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار ناھايىتى يارقىن، جانلىق، كونكرېت ۋە ھېسسىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئەسەرلەر كىشىلەرگە چوڭقۇر بەدىئى لەززەت بېرىپ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرالايدۇ.

مەسىلەن:

تاغمۇ - تاغلاردىن ئېگىز،
ئاھۇ بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈلباغلىرى.

بىر كوبلېت ئۇيغۇر خەلق قوشىقىدا سىمۋولىستىك ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن. خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىكى يەنە بەزى ئەسەرلەر بەدىئى شەكىل جەھەتتىن مۇكەممەل بولۇشتىن سىرت، ھەجىم جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن كاتتا بولۇپ، دۇنيا ئەدەبىياتىدا كەم ئۇچرايدۇ. م: زاڭزۇلارنىڭ «گاسار ۋاڭنىڭ تەرجىمە ھالى» دېگەن تارىخىي داستانى بىر مىليون كوبلېتقا يېتىدۇ. قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى ھازىر مەلۇم بولۇشىچە 220 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق. قەدىمقى كۇچار تىلى (توخار تىلى) دىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت «مايتىرسىمىت» دىرامىسى 27 پەردىلىك بولۇپ، ھەجىم جەھەتتە دۇنيادا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. مانا بۇلار پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىنىڭ شانلىق بىر بېتى.

خەنزۇ خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىكى «پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز»، «لياڭ سەنبەي بىلەن جۇيىڭتەي»، «چوڭ كۆلرەڭ بۆرى»، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى «ئوغۇزنامە»، «چاستانى ئېلىك بېگ»، «پەرھات — شىرىن»، «غېرىپ — سەنەم»، «تاھىر — زۆھرە»، قازاقلارنىڭ «ئارقالىق باتۇر»، «سەلقە — سامان»، ئۆزبېكلەرنىڭ «ئالپامىش»، «رۇستەم» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھېكايە — داستانلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە تارقىلىش جەريانىدا ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىلىك جەھەتتە كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىپ بىر خىل «مەڭگۈلۈك، سېھىرلىك كۈچ» كە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ خاراكتېرى «ھەممە دەۋردە ئۆزگەرمەيدىغان ھەممە ئۇنى ئۆزىنىڭ نەرسىسى» دەپ بىلىدىغان مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. بىزنىڭچە ئەدەبىيات شەكلىنىڭ ئاددى ياكى مۇرەككەپ بولۇشى ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. مۇھىمى ئۇنىڭ شەكلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىنى ئىنكاس

قىلىشقا لايىقلىشالىغان ياكى لايىقلىشالمىغانلىقىغا، شەكلى بىلەن مەزمۇنىنىڭ بىرلەشكەن-بىرلەشمەلمىگەنلىكىگە، شۇنىڭ بىلەن بىر قەدەر ياخشى بولغان بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالىغان-قىلالمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ شەكلى ئىخچام، جانلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا كونكرېت تەسىرلىك بەدىئىي تىپ يارىتىلغان.

گوركى: «سوۋېت ئەدەبىياتىدا، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ روشەن، بەدىئىيلىك جەھەتتە ئىنتايىن مۇكەممەل قەھرىمانلار تىپى خەلق ئىچىدە ئىجات قىلىنىدۇ، يەنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە ئىجات قىلىنىدۇ»① دېگەن ئىدى. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي شەكلى جەھەتتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى ھامان بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە يەكۈنلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

كونا زامان خەلق ئەدەبىياتى — ئەمگەكچى خەلق مەدەنىيەت ئىگەللەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ساۋاتسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئىجات قىلىنغان، بۇمۇ بەزىلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتى «سادda ئەدەبىيات» دەپ كەمسىتىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت يالغۇز يېزىقتىلا يولۇنۇپ ئىجات قىلىنمايدۇ، ئۆتمۈشتە ئەمگەكچى خەلق ساۋاتسىز قالغانلىقتىن، ئۇلار ئاغزاكى تىل ئارقىلىق ئىجات قىلغان. ساۋاتسىز ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىنى ئىگەللەپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئالدى بىلەن يەنىلا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتىدە مەۋجۇت بولماقتا. سەنئەت ئىجادىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ئەڭ ئاۋۋال ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىدى. گوركى ئادەمنىڭ تونۇشى بىلەن «تەسەۋۋۇر» نى ئىككى خىل ئىجادىي كۈچ دەپ قارىغان. «ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا تونۇش، تەسەۋۋۇر ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا دۇنياغا قارىتا تەپەككۇردىن ئىبارەت، بىراق مۇھىمى ئۇ ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىشتۇر، مۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ، تەسەۋۋۇر تەبىئەتنىڭ ستىخىيىلىك ھادىسىلىرىغا ۋە شەيئىلەرگە كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى سىزىم، ھەتتا كىشىلەرنىڭ مۇددىئالىرىنى يۈكلەيدىغان ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.»②

قەدىمقى ئەپسانىلارنىڭ كۆپلىرى مانا شۇنداق تەبىئەت كۈچىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق سىپلىشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىشتەك كۈچلۈك غايىسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

دېمەك، قەدىمقى ئەپسانە-رىۋايەتلەردە تەسەۋۋۇر ھەم پانتازىيە مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ رېئاللىقنى ئىپادىلەشتىكى غايىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى.

---

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 104-بەت.

② گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 160-بەت.

شۇڭا ئۇ، ئەزەلدىن يازغۇچىلارنىڭ ئېتىۋار قىلىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم توھپىسى ئەدەبىيات ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز يېڭى شەكىل ئىجات قىلىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەت شەكىللىرى جەھەتتىكى ئىجادى كۈچى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. خەلق ئەدەبىياتى مىللى تىلنىڭ يۈكسەك خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەچكە، ئۇنى ئاممىۋى تىلنىڭ گۈزەل نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن كىلاسسىك يازغۇچىلار خەلق ئەدەبىياتى ئارقىلىق بەدىئى تىل ئۆگىنىشكە ۋە تىل ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. پۇشكىن ياش يازغۇچىلارغا مۇنداق دېگەن: «خەلقنىڭ دائىم ئېيتىپ يۈرىدىغان گەپ-سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار، مۇشۇ تىللار ئىچىدىن بىزنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا قەتئى تاپقىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايسىلەر». «رۇس تىلىنىڭ بايلىغىنى ئۇزۇل-كېسىل چۈشۈنۈش ئۈچۈن قەدىمقى شېئىرلارنى، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ... پۇخرالارنىڭ ئېغىز تىلىنى ئەڭ قېتىقىنىپ تەتقىق قىلىش زورۇر. ياش يازغۇچىلار پۇخرالارنىڭ ھىكايىلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق رۇس تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ زورلىغىنى چۈشۈنىۋېلىڭلار».① ماكسىم گوركىمۇ مۇشۇ نۇقتىدا: «ياش يازغۇچىلار ھېمىشەم خەلق ئەدەبىياتىغا مۇراجىئەت قىلىپ تۇرىشى كېرەك، چۈنكى خەلق ئەدەبىياتى ئۇلارنى تىل مەسىلىسىدە ئاددىلىققا ۋە يىغىنچاقلىققا ئۆگىتىدۇ».② دەپ كۆرسەتكەن.

ئاددى-ساددا، ئىخچام، جانلىق ۋە ئوبرازلىق بولۇش ئەدەبى تىلنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. خەلق ئەدەبىياتى تىل جەھەتتە چىنلىقنى ئۆزىنىڭ ھاياتى قىلىدۇ. «ساختا شېئىرلار بولسىمۇ، تاغ ناخشىلىرىنىڭ ساختىسى يوق».③

خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىپادىلەپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىۋېتەلەيدۇ. خەلق ئەدەبىياتى تىلىنىڭ ئىخچاملىغى ئەدەبى تىلنىڭ كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل ئۇسلۇبى. ئىخچاملىق ئاددىلىق ئەمەس، ئۇ مەزمۇننى تولۇقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. پەقەت شەيئىلەرگە نىسبەتەن توغرا تونۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى پۇختا ئىگەللىگەندىلا ۋە تونۇشقا ماھىر بولغاندىلا، ئاندىن ئىپادىلەش جەھەتتە ئىخچام ۋە دەل جايىدا بولىدۇ.

خەلق ئاممىسى ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان تۇرمۇشنى ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدۇ.

---

① H. بورولىسكى: «پۇشكىن ۋە خەلق ئەدەبىياتى» يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1958-يىل نەشرى 121-بەت.

② پىگزاتوف: «گوركى ۋە خەلق ئەدەبىياتى» 1942-يىل نەشرى، 22-بەت.

③ مامىك لۇك — «تاغ ناخشىلىرى» جۇڭخۇا كىتاپ ئىدارىسى، 1962-يىل.

ئۇلارنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغانلىرى ئۇزىنىڭ بىۋاستە تەسىراتىدىن ئىبارەت بولغاچقا، دەلمۇ-دەل، ئېنىق ۋە ئىخچام سوزلەر بىلەن غايەت زور مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

(4) خەلق ئەدەبىياتىنى ئۇگىنىشتىن مەقسەت، ئۇنىڭ ھەر خىل ئىلمى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتۇر.

ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئۇزلىرىنىڭ تەبىەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىنى توپلايدۇ. ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل تەجرىبىلىرىنى يەكۇنلەپ، ئۇزلىرىنىڭ ھەر خىل ئەسلى مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتقا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىگى. شۇنىڭ ئۇچۇن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يالغۇز ئىدىيىۋى ۋە بەدىئى قىممىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمىيەت تارىخىنى تونۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىلمى قىممىتى بار. شۇنداقلا تارىخشۇناسلىق، پەلسەپە، جەمىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، پېداگوگىكا، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائى پەنلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئەدەبىياتىدىن لازىملىق ماتېرىيال ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇز ساھەسىنى تولۇقلايدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ جۇملىدىن تەبىئى پەنلەر ساھەسىدىمۇ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى زور. مەملىكىتىمىز بولسا يېزا ئىگىلىگى خېلى بۇرۇنلا تەرەققى قىلغان بىر مەملىكەت. ئوتمۇشتە دىخانلار ھاۋارايى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىم-تەجرىبىلىرىنى مۇھىمى خەلق ئەدەبىياتى شەكلىدە (تەمسىللەر ئارقىلىق) ئىپادە قىلغان. شۇنىڭ ئۇچۇن تارىختا ئاگرانومىيە، دورىگەرلىك قاتارلىق ئىلىملەر خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىكى دىخانچىلىققا دائىر تەمسىللەردىن پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. م: ئاگرانومىيە ساھەسىدىكى «كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىگەللىشىگە دائىر ئاساسى تېخنىكىلىرى» دىگەن كىتاپ، «سەن ئېقىمل جەھەتتە دايۇشاڭغا ئوخشاش بولساڭمۇ ئادەتتىكى دىخانغا يەتمەيسەن»، «بىر يىللىق پىلاندا ئاشلىق تېرىش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ»، «ئون يىللىق پىلاندا دەرەخ تىكىش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ»، «گىيالار قامۇسى» دا «ھەر بىر ئائىلە دائىم توخۇ باقسا ئاق چۇمۇلە لايىغا ئايلىنىدۇ»، «ئىگىز تاغ چوققىلىرى مىنىڭ ئائىلەم، كىمگە جاراھەت چىقىپ قالسا مىنى ئېلىپ چاپلىسىلا ياخشى بولۇپ قالىدۇ» دىگەنلەرنى نەقىل كەلتۇرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان بولۇپ ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى يەكۇنلەنگەن. ھاۋا رايىنى ئالدىن مولچەرلەش ئىلمىمۇ خەلق ئەدەبىياتىدىكى دىخانچىلىققا ئائىت تەمسىللەرنى ئاساس قىلغان. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىچىدىمۇ مۇشۇ مەزمۇنغا تەئەللۇق بولغان كوپلىگەن ماقال-تەمسىللەر ئۇچرايدۇ. ئۇلاردا ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبە-ساۋاقلىرى يەكۇنلەنگەن.

مەسىلەن:

(1) دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى توغرىسىدا:

△ يەر ھەيدىسەڭ كوز ھەيدە،
كوز ھەيدىمىسەڭ يوز ھەيدە.

△ بۇغداي تەرسەك كۆزگى تەر،
ئارپا تەرسەك بوزغا.

△ كوكنى كورۇپ كوكسۇڭنى كەرمە.

△ شالاڭ ئاش باش كورسۇتەر،
قويۇق ئاش چەش كورسۇتەر.

△ يەر تويمىغىچە ئەر تويماس.

△ غاز كەلدى - ياز كەلدى،
غاز كەتتى - ياز كەتتى.

△ كۆنلۈك ئىشنى سەھەردىن باشلا،
يىللىق ئىشنى باھاردىن.

△ تەر توكۈپ چاچساڭ ئۇرۇق،
يەر سىنى قويماس قۇرۇق.

چارۋىچىلىق توغرىسىدا:

△ مالنىڭ بېشى توخۇ.

△ چارۋا مال — بارلىق.

△ شاپتۇلدا باغ قىلما،
ئوشكىدە مال.

△ توگە يۇزگە يەتمەس،
يۇزگە يەتسە كوز يەتمەس.

ھاۋا رايى ۋە تەبىەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا:

△ ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە (ياغار).

△ ئاينىڭ بېشىدىن قورقمىچە بەشىدىن قورق.

△ شار - شار يامغۇر ياندىن ئوتەر،
سىم - سىم يامغۇر جاندىن ئوتەر.

△ كويدۇرسىمۇ كۈن ياخشى.

△ ھوت — كەتمەن سېپىنى تۇت.

△ تەشقەرنىڭ قىشى ئاز،
سوغىقى ئەتىياز.

سالامەتلىك توغرىسىدا (تىبابەتچىلىك ساۋادى):

△ ئاغرىغان چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر.

△ بېشىڭنى سالقىن، قوسىقىڭنى توق، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت.

△ كوزۇڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت،
قوسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى (تارت).

△ ئىشكىنى ئاچ ـ تىنجىقتىن قاچ.

△ كېسەللىك ئېغىزدىن كىرەر.

△ ئون تۇغقۇتتىن بىر چۇشۇك يامان.

△ ئورۇقنىڭ كوڭلى يورۇق.

△ چېچەكتە چىكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار.

△ چۇشىن دىگەن مەينەت نىمە،
ئۇ قونغان نەرسىنى يۇماي يىمە.

△ سامساق ــ ئۇنى يىگەنىنىڭ تېنى ساق.

△ ساپ ھاۋا ــ تەنگە داۋا.

△ قان چىقتى، جان چىقتى.

بۇلاردىن باشقا يەنە، دۇنيانىڭ پەيدا بولىشى، ئاسمان جىسىملىرى، يەر شەكلى ۋە ئوزگورۇشلىرى قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا ھەر خىل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار گەرچە شۇ پەننىڭ ئورنىنى باسالمىسىمۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى چۇشىنىش ئارزۇسى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئى پەن ئالىملىرى ئۇچۇن بەلگىلىك مۇھاكىمە ماتېرىيالى بولىدۇ.

## § 3 ـ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۇگىنىشتىكى مەيدان، كوز قاراش ۋە ئۇسۇل

(1) توغرى ئاممىۋى كوز قاراشنى تىكلەش:

ئامما ھەقىقى قەھرىمان. ئۇ بارلىق ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى، بەقەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىجاتكارلىق روھىنى ھەقىقى تونىغاندىلا، خەلققە نىسبەتەن توغرى پوزىتسىيە شەكىللىنىدۇ. توغرى ئاممىۋى كوز قاراش بولمىغاندا، خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوگەنگىلى ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىپ، خەلقچىللىققا ئىگە بولغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولمايدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتلىرىدا ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.

(2) ماركسىزىم ئاساسى قائىدىلىرىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش:

ماركسىزىمنىڭ «خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ھەقىقى ياراتقۇچىلىرى» دىن ئىبارەت تارىخىي ماتېرىيالىزىم توغرىسىدىكى قائىدىسى ۋە لېنىننىڭ «ئىككى خىل مىللى مەدەنىيەت» توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىكى بىردىن - بىر يېتەكچى ئىدىيىمىز، ھەمدە بىز بىلەن بۇرژۇئازىنىڭ خەلق ئەدەبىياتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ تۈپ پەرق بولۇپ، بىز چوقۇم مۇشۇ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

ماركسىزىملىق ئەدەبىيات نەزىرىيىسىدىكى ئاساسىي نەزىرىيىۋى پىرىنسىپلار ئوخشاشلا بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى يېتەكچى پىرىنسىپىمىزدۇر. ماركسىزىم ھەر قانداق ھادىسىلەرگە پەقەت تارىخىي نۇقتىدىن قاراشنى ئۆگىتىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزىمنىڭ بۇ ئەقەللى پىرىنسىپى خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسى يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر. مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيە ئاساسىدا مىللى ئىنكارچىلىقنىمۇ ھەمدە ھەممىنى مۇقىملاشتۇرۇۋېتىدىغان مىتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەرلەرگىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

(3) خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە خاتىرىلەش خىزمىتىگە تولۇق دىققەت قىلىش:

بىزگە مەلۇمكى، خەلق ئەدەبىياتى پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمى. ئۇ ئادەتتىكى يازغۇچىلار ئەدەبىياتى بىلەن ھەم ئوخشاشلىققا ھەم پەرققە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەندە ۋە تەتقىق قىلغاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىدىن سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. ئومۇملۇق جەھەتتە ئادەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى خەلق ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. لېكىن خەلق ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر پەن بولغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلغاندا ئۇنىڭ كونكرېتنى ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتا قىلىش كېرەك. بىز خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشىمىز، ئادەتتىكى يازغۇچىلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىدا بار بولغان مەلۇم خۇلاسىلىرىنى خەلق ئەدەبىياتى ئىچىگە مەجبۇرى ھالدا كۆچۈرۈپ ئىشلەتمەسلىكىمىز ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىل - ئۇسلۇپلىرىنى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىكىمىز لازىم. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقى «دەرسلىكى» ۋە «دەرسخانىسى» ئامما ئىچىدە، شۇڭا نوقۇل ھالدا قەدىمقى يازما خاتىرىلەرگىلا ئېسىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. دەرۋەقە بىز قەدىمقى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلگىلىرىنى كېيىنكى يازما خاتىرىلەردىن بىلىمىز، لېكىن كېيىنكى خاتىرىلىگۈچىلەر خەلقنىڭ ئەسلى ئىجادىيىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن بىز ئامالنىڭ بېرىچە ئاممىنىڭ ئارىسىغا چوكۇپ، جانلىق خەلق ئەدەبىياتى مەنبەسى بىلەن ئۇچرىشىپ، خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ھېسسى تونۇشىمىزنى يۇقۇرى كۆتىرىشىمىز لازىم.

خەلق ئەدەبىياتى جەمئيەتتە يەككە - يىگانە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ خەلق تۇرمۇشى-

نىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن ھەممە خەلقنىڭ باشقا ئاڭ پورمىلىرى بىلەن زىچ مۇ-
ناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە خەلق ئىجادىيىتى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە باشقا تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشىمىز لازىم.

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرى لى جى مۇنداق دېگەن ئىدى: «خەلق قوشاقلىرىنى ئۆگىنىشتە بىر يۈرۈش ئۆگىنىش، خەلق قوشاقلىرى پەيدا بولغان يىللار، ئىجتىمائىي شارائىت، ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، شۇ جاينىڭ ئۆرپ - ئادىتى، تىل ئالاھىدىلىكلىرىدىن باشلاپ، ھەتتا شۇ يەرنىڭ تارىخى ھادىسىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن سەن خەلق قوشىقىدىن بىرەرسىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولىسەن»①.

① لى جى: «خەلق قوشاقلىرىنى قانداق ئۆگەندىم» جۇڭ جىگۇيىن تۈزگەن، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى يېڭى ماقالىلار توپلىمى» بېيجىڭ داشۆي نەشرىياتى بولۇمى 1 51-يىل خەنزۇچە نەشرى، 134-بەت.

# 2 - باب

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما (يازغۇچىلار) ئەدەبىياتىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات تەرەققىيات يولىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئىجاد قىلىش ۋە تارقىلىش ئارقىلىق تەدرىجى شەكىللەنگەن. خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلق ياشاۋاتقان تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى بىۋاستە ھالدا ئەكس ئەتتۇردى ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلدى.

جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەزمۇندىن شەكىلگىچە ئەمگەكچى خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان ھەۋىسى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخىدىكى روشەن خەلقچىللىققا ئىگە رېئالىستىك روھقا باي بولغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن خەلق ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بولسىمۇ، تۇرمۇشنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۇرۇش جەھەتتە يەنىلا مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت. ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئەدەبىياتىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى ئەسلا پەدەزلىمەي بىۋاستە ئىپادىلەپ بەردى، كونا دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقىنى زادى يوشۇرمىدى، ئەكسىچە كۆپ ۋاقىتلاردا چوڭقۇر ۋە ئۆتكۈر پاش قىلدى. ئادەتتە خەلقنىڭ ئېكسپىلاتاتورلارغا، ئەزگۈچىلەرگە بولغان قارشىلىقىنى توغرىدىن - توغرى ئەكس ئەتتۇردى. خەلقنىڭ ئۆز يۇرتىنى ۋە ئۇلۇق مىللىتىنى سۆيۈشتەك ئالىجاناب روھىنى ئىپادىلىدى. خەلقنىڭ مېھنىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى مەدھىلىدى، ساداقەت ۋە سۇنماس مۇھەببىتىنى كۈيلىدى، كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشىنى يېڭى شەيئىلەرگە قارىتا تەلپۈنىشىنى ئىپادىلىدى، خەلقنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى باتۇرانە كۈرەشلىرىنى مەدھىلىدى، ۋاھاكازا. ئۆتمۈشتىكى يازما ئەدەبىياتقا كەلسەك ئۇ، خەلق ئەدەبىياتى بىۋاستە ئىپادىلىگەن بۇ مەزمۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى پەقەت ۋاستىلىق ھالدا ئىپادىلىيەلىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا خەلق ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن بىۋاستە خەلقچىللىق روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات بەدىئى ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ نۇرغۇن پەرقلەرگە ئىگە. گەرچە يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بەدىئىلىك جەھەتتە خېلى مۇكەممەللەشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوللانغان بەدىئى شەكىللىرى خەلق

ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي شەكىللىرىدەك كەڭ ئاممىنىڭ ياقتۇرۇشى ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلىگىنى يوق. شۇنىسى ئېنىقكى، خەلقنىڭ تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغىنى يەنىلا خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، يەرلىك پۇراققا باي بولغان خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاممىباپ، جانلىق، گۈزەل بەدىئىي شەكلىدۇر.

مەلۇمكى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تىلى ئېنىق، راۋان، ساددا بولۇپ ياسىمىلىقتىن خالى، ئوبرازى جانلىق ھەم سەممىي بولۇپ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ساپلىقى، ئىخچاملىقى، ئېنىقلىقى، مەردانىلىقى، مىللىلىكى، يۇمرلىقى قاتارلىق بەدىئىي خىسلىتى بىلەن يازما ئەدەبىياتتىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ تۈپ پەرقىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردىن مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## § 1 - كوللېكتىپچانلىقى

كوللېكتىپچانلىق — خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنى پەرقلەندۈرىدىغان بىرىنچى بەلگە. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجات قىلىنىشىدىن تارقىلىشىغىچە، پىششىقلاپ ئىشلىنىشىدىن ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىشىغىچە باشتىن - ئاخىرى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇق كوللېكتىپ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئەسىرلەر داۋامىدا يارىتىلىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ كەلگەن كوللېكتىپنىڭ ئىجادىي مەھسۇلىدۇر. چۈنكى فولكلور ئەسەرلىرى بىر كىشىنىڭ ئايرىم پائالىيىتى نەتىجىسىدە يارىتىلماي، بەلكى پۈتۈن بىر كوللېكتىپنىڭ ئىجادى تەجرىبىسى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ ۋە يەنە شۇ كوللېكتىپ ئىچىدە تەدرىجى مۇكەممەللىشىدۇ. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئەسەرلەر مەلۇم بىر شەخسنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىمۇ ئەمەس. ئۇ، مەلۇم يازغۇچىنىڭ نامىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ، ھەم بەلگىلىك شەخسكە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بەرمەيدۇ. پەقەت ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيەتچىلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلار يەنە تۈزەتكۈچىلەر، تارقاتقۇچىلار، ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا ئاساسلىق تىڭشىغۇچىلار ۋە زوقلانغۇچىلاردۇر. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى خەلقنىڭ دىلىغا مەھكەم ئورناشقان بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ئاغزىدا ياشايدۇ، خەلقنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشى بىلەن بىللە خەلقتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇق كوللېكتىپ تەرىپىدىن قەدىرلىنىدۇ ۋە ساقلىنىدۇ.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكى قەدىمقى ئىپتىدائىي جەمىيەتنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئەڭ تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغان ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى ئۇرۇقداشلىق ياكى قەبىلە كوللېكتىۋى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئوۋچىلىق، مەدەنىي ھايات

ۋە باشقا كۈندىلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئۇرۇق ياكى قەبىلە بويىچە كوللېكتىپ ئاساسىدا قانات يايغاچقا، شۇ ئىجتىمائى دەۋرنىڭ بۇ تۈپ ئالاھىدىلىگىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەپسانە، رىۋايەتلەر، قوشاقلار، ناخشىلار، ماقال - تەمسىللەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك كوللېكتىپ ئاساسىدا ئىجات قىلىنىپ، پۈتۈن ئۇرۇغ ۋە قەبىلە كۆڭۈل بولىدىغان شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىپتىدائى جەمىيەتتە يەككە ئىجادىيەت مەۋجۇت بولمىغان، ھەممىسى كوللېكتىپ ئاساستا ئىجات قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىسى مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن قەبىلىنىڭ كوللېكتىپ نۇقتىينەزىرى، ئورتاق تۇيغۇسىنىڭ بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇلىشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ھالەت ھازىر دۇنيادا بار بولغان بەزى ئىپتىدائى قەبىلىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

سىنىپىي جەمىيەتتە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى يەنىمۇ يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى. ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇ دەۋردە مەخسۇس ئەدەبى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسلەر بارلىققا كېلىپلا قالماي، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئەدەبى ئىجادىيەتكىمۇ تەدرىجى ھالدا سىنىپى تامغا بېسىلدى. يازما ئەدەبىيات ساھەسىدە شەخسنىڭ ئالاھىدىلىگى نىسبەتەن روشەنلەشتى ۋە گەۋدىلەندى. خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدە كوللېكتىپ ئىجادىيەت ئىپادىلىگەن تۇرمۇش ۋە ئارزۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ سەنئەت كوز قارىشىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، ھازىرقى زامان خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىچە كوللېكتىپچانلىقىنى شەكىللەندۈردى. سىنىپىي جەمىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ماس ھالدا مەيدانغا چىققان خەلق ئارىسىدىكى كەسپى ياكى يېرىم كەسپى ئېغىز ئىجادىيەتچىلىرى ۋە خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاممىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت تەربىيىسى ئارقىلىق يېتىلگەن بولۇپ، شەخسنىڭ بۇ خىل مۇستەقىل ئىجادىيىتى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ سەنئەت جەۋھىرىنى قوبۇل قىلدى. كوللېكتىپنىڭ بەدىئى ئىختىدارىنى توپلىدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا بىر خىل شەكىلدىكى كوللېكتىپچانلىق بارلىققا كەلدى. بۇ خىل مەخسۇس خەلق ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ پەيدا بولىشى خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە كوللېكتىپچانلىقنىڭ تولۇقلىنىشى ۋە تەرەققى قىلىنىشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىككىسى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندى.

جەمىيەت سوتسىيالىزىم باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن بازىستىن تارتىپ ئۈستقۇرۇلمىغىچە بولغان تۈپلۈك ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئەدەبىياتمۇ مەزمۇن جەھەتتىن تۈپتىن ئۆزگىرىش ياسىدى. كەڭ خەلق ئاممىسى سىياسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇزۇل - كېسىل قەد كوتەردى. مەدەنى - مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ خەلقنىڭ يېزىق ساۋادى ئۆستى. نەتىجىدە ئامما ئىچىدە يازما ئىجادىيەت دائىرىسى كېڭەيدى. ئەسلىدىكى بەزى ساۋاتسىز ئېغىز سەنئەتكارلىرى يازما ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، ۋاھالەنكى سوتسىيالىزىم دەۋرىدە مۇقەررەر بارلىققا كېلىدىغان بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى خەلق

ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ئامما ئارىسىدىكى يېزىق ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان يازما ئىجادىيەت يېزىلىشىدىن تارقىلىشىغىچە يازما ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، ئۇ ئاساسى جەھەتتىن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىگە كىرمىسىمۇ بۇ ھال سوتسىيالىزم دەۋرىدە يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاممىباپلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەنلىكىنىلا بىلدۈرىدىكى، ھەرگىز خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقىنىڭ تارايغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە ئەسلىدىكى ئېغىز ئىجادىيىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى يەنىلا يېتەكچى رول ئوينايدۇ. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە كوللېكتىپچانلىق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى بەلگىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇ باشتىن ئاخىر ئاجىزلىشىپ باققىنى يوق، يوقۇلۇپ كېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، شەخسنىڭ يازما ئىجادىيىتى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، دەيدىغان خىلمۇ-خىل پەرەزلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوق.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى پەقەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجات قىلىنىش ۋە تارقىلىش جەريانىدىنلا كۆزىتىشكە بولىدۇ.

مەلۇمكى ئەمگەكچى خەلق ھەمىشە كوللېكتىپ سورۇنلاردا (كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرى، كوللېكتىپ تۇرمۇش مەيدانلىرى) ئۇ بىر ئېغىزدىن - بۇ بىر ئېغىزدىن كوللېكتىپ ئىجات قىلىشىدۇ. بۇ خىل ئىجادىيەت ھەر قانداق بىر شەخسكە تەئەللۇق بولمىغان سىتىخىيىلىك كوللېكتىپ ئىجادىيەت. مەسىلەن: ئەمگەك قوشاقلىرى، جەڭ ناخشىلىرى، ئوۋ ناخشىلىرى، ھەر خىل ئۆتىنىك شەكىللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇراسىم ناخشىلىرى، ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ھېساپلانغان ماقال - تەمسىللەر، قىسقا ھىكايىلار، لەتىپە ۋە تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسى ئەشۇ خىل كوللېكتىپ ئىجادىيەت يولى بىلەن ئىجات قىلىنغان.

يەنە بىر تۈرلۈك ئەھۋالدا كوللېكتىپ ئىش تەخسىمات شەكلى ئارقىلىق ئىجات قىلىنىدۇ. يەنى، بىر قىسىم كىشىلەر مەلۇم بىر ھىكايىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى تۈزۈپ چىققان. يەنە بىر قىسىملىرى ئۇنىڭ قاش - كىرپىكىنى تۈزگەن، يەنە باشقا بىرلىرى شېئىرلاشتۇرسا، يەنە بىرلىرى بۇنى ئاھاڭغا سالغان. شۇنداق قىلىپ كوللېكتىپنىڭ ئەجرى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانغا مەشھۇر «12 مۇقامى» ئەشۇ يول بىلەن بارلىققا كەلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. بۇ جەرياندا بولۇپمۇ خەلق سەنئەتكارلىرى، ئەلنەغمىچىلىرى، مەدداھلارنىڭ رولى زور بولىدۇ. بۇ خىل كوللېكتىپ ئىجادىيەت شەكلى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوللىنىلۇپ، تاكى پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان ھازىرقى جەمئىيىتىمىزگىچە ئۇ يەنىلا كەڭ ئەمگەكچى خەلق قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئىجادىيەت شەكلىدۇر.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىش جەريانى ئۇنىڭ كوللېكتىپچانلىقىنىڭ تىپىك يارقىن ۋە گەۋدىلىك بەلگىسى. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بارلىققا كېلىش بىلەنلا خەلق ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلايدۇ. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تېز تارقىلىشى ياكى تارقالماسلىقىنىڭ سەۋەبى، شۇ ئەسەرنىڭ كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇش تەلىۋى ۋە سەنئەت ئارزۇسىغا ماسلىشىش-ماسلىشالماسلىقىغا باغلىق. ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان ۋە ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ھەقىقى ۋەكىللىك قىلالىغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مىليونلىغان كىشىلەر ئاغزىدا ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ بۇ جەرياندا مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ پىششىقلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئالغاندا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپ تارقاتقۇچىلىرى خەلق ئەدەبىياتىنى تولۇقلىغۇچىلار، تەھرىرلىك قىلغۇچىلار ۋە ئىجات قىلغۇچى ياكى يېرىم ئىجات قىلغۇچىلاردۇر.

مەدداھلار ئەدەبىياتى ئەنە شۇ خەلق ئەدەبىياتىنى تارقىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بىز ئۇنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. مەدداھلار ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىغا ئەلۋەتتە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئاساسلىق تەرىپى شۇكى، مەدداھلار خەلق ئىچىدىن چىققان ئەڭ ماھىر سەنئەتكارلاردۇر. بىر مەدداھنىڭ بىر سورۇندا مىڭلاپ ئادەمنى نەچچە سائەتلەپ تەبىئى ھالدا ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇرالىشى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تارقاتقان خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ سەنئەت ئارزۇسىغا ۋە ئىستېتىك ھەۋەسىگە ۋەكىللىك قىلالىغانلىقىدىندۇر.

دېمەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قايسى تۈرى بولسۇن ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم شەخسنىڭ ئىجادىيىتى بولسىمۇ، ئۇ تارقىلىش جەريانىدا كەڭ ئاممىنىڭ ئىدىيىسى، ئارزۇسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئېقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە پەقەت كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىلا بولىدىكى، ھەرگىز شەخسى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بولمايدۇ.

## § 2 - ئاغزاكىلىق

ئاغزاكىلىق- خەلق ئەدەبىياتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغاچقا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمىدە ئۇنىڭ نامى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئېغىز ئارقىلىق يارىتىلغان ۋە تارقالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاغزاكىلىق- خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈدىغان بەلگە، پازغۇچىلارنىڭ يازما ئەسەرلىرىنىمۇ ئەسلىدە ئەستە قالغانلىرىغا ئاساسەن يادلاپ، ئېغىز ئارقىلىق بايان قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاغزاكىلىق ھەرگىزمۇ زۆرۈر ۋاستە ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىمۇ يېزىق ئارقىلىق خاتىرلەپ قالدۇرغىلى بولىدۇ. بىراق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا يېزىق

ئۇنىڭ ئۈچۈن زورۇر ئىپادىلەش شەكلى بولالمايدۇ، پەقەت ئېغىزدا ئىجات قىلىش ۋە تارقىلىشلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ زورۇر ئۇسۇلى.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىمۇ خۇددى كوللېكتىپچانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاشلا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن. ئاغزاكى تىل ئارقىلىق ئەدەبى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاڭ شەكتەي پائالىيەتلىرىدىن بىرى. ئاغزاكى تىل ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئەگىشىپ ئىنسانلارنى ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئايرىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىنسانلار جەمئىيىتى شەكىللەندى. بۇ نۇقتىدا ئاغزاكى تىل- ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ بىر بەلگىسى دېيىش مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن تىخى يېزىق پەيدا بولمىغان دەۋرلەردە ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل ئەدەبى سەنئەت پائالىيىتى ئېغىز تىلىغا يۈلەنگەن، يېزىق پەيدا بولغان كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيەتنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ ئېغىز تىلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ كەلدى. ئاغزاكىلىق خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ ئۇزۇن تارقىلىپ يۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تارىخى تەرەققىياتتىن قارىغاندا نۇرغۇنلىغان خەلق ئەدەبىياتى ئۈلگىلىرىنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارقىلىپ يۈرۈشى جۇغراپىيە شارائىتىدىن قارىغاندا خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىكى بەزى ئەسەرلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە، ھەتتا چەتئەللەرگىچە كەڭ تارقىلىشى ئۇنىڭ ئەشۇ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئالامىتى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «پەرھات- شىرىن» «يۇسۇپ زىلەيخا» «تاھىر- زوھرا» «گۆر ئوغلى» «يۇسۇپ- ئەھمەت» قاتارلىق يىرىك داستان ۋە قىسسىلىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا جەنۇبى ئاسىيا، ياۋروپا، يىراق شەرقىچە كەڭ تارقالغان. يېزىق قۇراللىرى نەشرىيات تېخنىكىسى ئىنتايىن تەرەققى قىلغان بۈگۈنكى دەۋردىمۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىقى كەڭ خەلق تۇرمۇشىدا ئاجىزلىشىپ، قالماي يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئاغزاكى تىل ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز تۇرمۇشى ۋە كورەشلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن قولايلىق بولۇپ، ئۇ تەبىئى ھالدا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈدۇ، ئاغزاكى تىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ رولى مەلۇم سىنىپقا بېقىنمايدۇ. سىنىپى جەمئىيەت پەيدا بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا كىشىلەر ئاغزاكى تىلنىڭ بەدىئى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ بىردىن- بىر قۇرالى قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئاغزاكى تىل ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن باشتىن- ئاخىر زىچ بىللە بولۇپ كەلمەكتە، كىشىلەر ياشىغانلىكى جايدا ئاغزاكى تىل بولىدۇ، شۇنداقلا ئېغىز ئىجادىيىتى بولىدۇ.

سوتسىيالىزىم دەۋرىدە ئەمگەكچى خەلق گەرچە مەدەنىيەت ئۆگىنىپ يېزىق قورالىغا ئىگە بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ جانلىق ئېغىز تىلى يوقالمايدۇ. شۇسەۋەپتىن خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋەشەكلىمۇ يوقالمايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئاما بىرتەرەپتىن مەدەنىيەت ئۆگىنىپ يېزىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ

روھى ـ ھالىتى، ئارزۇسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشسا يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادى ئورنىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى سىياسى جەھەتتىن قەد كۆتەرگەنلىكى، ئىدىيىسىنىڭ. ئازات بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئاغزاكى تىل ئارقىلىق يېڭى دەۋرتۇرمۇشىنى ئىپادىلەش ئارزۇسى كۈچىيىدۇ. مەسىلەن، ئازاتلىقتىن كېيىن خەلقنىڭ ئاغزاكى تىل ئارقىلىق ئىجات قىلغان يېڭى رىۋا- يەت ھىكايە، لەتىپە، يېڭى ناخشا قوشاقلىرى، يېڭى تارىخى دەۋردىمۇ خەلق ئەدەبىياتى- نىڭ ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىن ئېيتقاندا زور كۆپچىلىكى يەنىلا يازما ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

## § 3 - ئۆزگۈرۈشچانلىقى

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى، ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكى بىۋاستە ھالدا ئۇنىڭ ئۆزگۈرۈشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ تۇراقلىق خۇسۇسىيىتىدىن پەرقلىنىدىغان بەلگىسىدۇر.

يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ تۇراقلىق تېكىستى بولىدۇ. گەرچە تەھرىرلەش جەريانىدا بەزى ئۆزگۈرۈشلەرگە ئىگە بولسىمۇ يەنىلا چەكلىك بولىدۇ. تۈزۈتۈلگەندىن كېيىن مۇقىم ھالەت شەكىللىنىدۇ. كىيىنچە خەلق ئەدەبىياتى ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئەسەرلەردە دائىم دېگۈدەك ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ، مۇقەررەر ئالاھىدىلىكى.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزگۈرۈشچانلىققا ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەپلىرى ئۇنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيەت بولغانلىقىدىن باشقا يەنە، ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەپلەرمۇ بار.

بىرىنچى: ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەسەرلىرى ئېغىزدا تارقىلىپ كۆڭۈلدە قوبۇل قىلىنىدۇ. كۆڭۈلگە خاتىرلەش ئۆزگۈرۈشچانلىقنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئىچكى سەۋەبى. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كوللېكتىپ تەرەپتىن ئاغزاكى ئىجات قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ تارقىلىش جەريانىدا ھەربىر كىشى ئۇنى دەرھال كۆڭۈلگە خاتىرلەپ ئالىدۇ. بۇجەرياندا شۇشەخسنىڭ بەزى ئىجادىيەتلىرىمۇ ھېچ بولمىغاندا شۇشەخسنىڭ جۇگۆن ماھىللىغى) ئۇنىڭغا سىڭىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ «چوڭ ئوخشاشلىق» قىسمى ساقلاپ قېلىنسىمۇ «كىچىك پەرق» لىرىنىڭ بولىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بەزىدە ھەتتا ئوخشاش بولمىغان ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكى بىرلەشتۈرۈلۈپ باشقا بىر يېڭى ئەسەر پەيدا بولىدۇ.

{ ئىككىنچى: خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىچاتچىلىرىدا ئەزەلدىن ئاپتورلۇق ھوقۇقى كوزقارىشى بولمايدۇ. بۇئەھۋالمۇ ئۆزگىرىشچانلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىچكى سەۋەپلەرنىڭ بىرى. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئاغزاكى ئارقاتقۇچىلارنىڭ ئۆزى قايتا ئىجات قىلغۇچىلاردۇر. شۇڭلاشقا ئۇلاردا ئاممىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئارزۇسى ئاساسىدا مەلۇم ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈش ۋەپىششىقلاپ ئىشلەش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇخىل ئۆزگەرتىشلەر ناھايەتى كۆپ ھاللاردا ئىستېمىلنىڭ ھالدا خەلق ئەدەبىيات- سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنىيەتلىرى

بويىچە تەبىئىي ھالدىكى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ھەرگىزمۇ قەستەن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئەمەس. شۇڭا بۇخىل ئۆزگەرتىشلەر خاتىرىگە ئاساسەن رەتلىگۈچىلەرنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەخسەتلىك ھالدا ئۆزگەرتىۋېتىپ ئەسەرنى ئەسلى قىياپىتىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ قويۇشلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىش روشەنكى خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ.

ئۈچىنچى: خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىش شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن تاشقى سەۋەپ. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى خەلق تۇرمۇشى ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، ئۇنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى جايلارنىڭ ئوخشىمىغان ئۆرپ-ئادىتى ئوخشىمىغان شارائىتى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئامىلى بولۇپ قالغان. مەسىلەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى بەزى ئەسەرلەرگە قارىساق ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان ۋاريانتلارغا ئىگە بولغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز، بۇنداق ئۆزگىرىشلەر ئەسەر مەزمۇنىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن باشقا ئىپادىلەش شەكلى ۋە تىل پەرقلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدىكى پەرقلەر مۇقەررەر يوسۇندا شۇ مىللەت ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

تۆرتىنچى: تارىخ تەرەققىياتى دەۋرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى- ئۆزگىرىشچانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي ئوبيېكتىپ سەۋەپتۇر. خەلق ئەدەبىياتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا، ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈش نەتىجىسىدە ئېغىز ئەدەبىياتىغا يېڭى تۇرمۇش تۈسلىرى قوشۇلۇپ، مەزمۇن جەھەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق دەۋر مەزمۇنىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ تېخىمۇ تولۇقلىنىپ مۇكەممەللىشىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن چاغلاردا يېڭى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەسەرلەر يېڭى دەۋرنىڭ روھىغا ماس ھالدا مەزمۇن جەھەتتە يېڭىلىنىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئىجات قىلىنىۋاتقان يېڭى مەزمۇنلۇق خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئەسلىدە قەدىمقى دەۋرلەردە پەيدا بولغان قوشاقلارغا مەزمۇن جەھەتتە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئىش.

ئۆزگىرىشچانلىق ئالدى بىلەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇخىل ئۆزگىرىش نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ۋە دائىملىق بولىدۇ. بىرپارچە ئەسەر مەيلى قانداق يەرگە تارقالسۇن ئالدى بىلەن شۇ يەرنىڭ يەرلىك تۈسىنى يۇقتۇرىۋالىدۇ.

ئۆزگىرىشچانلىقنىڭ خەلق ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ئىككى تەرەپلىمە بولىدۇ.

بىرى ئاكتىۋالىنى ئۆزگۈرۈش، يەنى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگۈرۈپ تۇرۇشى، خەلق ئەدەبىياتىغا جانلىقلىق ۋە ماسلىشىشچانلىق ئېلىپ كىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ رىيال ئەھمىيىتىنى ئاشۇرۇدۇ.

يەنەبىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پاسسىپ نەتىجىسىمۇ بار، يەنى ئەسلىدىكى تۈسىنى يوقۇتۇپ قويۇش، خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن قىينچىلىق پەيداقىلىش، شۇڭا ئۆزگۈرۈشچان-لىق - پەقەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىگى بولۇپ، ئۇنى مۇتلەقلەشتۇرۇپ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىرخىل ئەۋزەللىگى دەپ چۈشۈنۋالماسلىق كېرەك.

ئۆزگۈرۈشچانلىق - خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىدە تەبىئى يوسۇندا قانۇنىيەتلىك رول ئوينايدىغان ئالاھىدىلىكتۇر. ئۇھەرگىزمۇ شەخسىنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆزگەرتىۋېلىشىنىڭ ئاساسى قىلىنماسلىق لازىم.

## § 4 - ۋارسىلىق خۇسۇسىيىتى

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەلۋەتتە داۋاملىق ئۆزگۈرۈپ تۇرۇش ئالاھىدىلىگى بار، بىراق ئۇنىڭ يەنە بىرقاتارنىسپى تۇراقلىق ئۆزگەرمەس قانۇنلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا قوبۇل قىلىنىپ كەلگەن. روشەنكى، بۇنىسى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئەنئەنىسى بەلگۈلىگەن. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋىلىگى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋارسىلىق قىلىش خۇسۇسىيىتى دېيىلىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ۋارسىلىق قىلىش خۇسۇسىيىتىگە قارىتا ئوخشىمىغان كوز قاراشلار مەۋجۇت، بەزىلەر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ۋارسىلىق قىلغۇچىلىقى يوق. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدىكى بەزى ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە كونا ئىدىئولوگىيىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۇنىڭ «قالاق»، «خۇراپى»، «فېئوداللىق» «مۇتەئەسسىپ»لىگىنى كورسىتىدۇ، دەپ يەكۈن چىقىرىشقان. ئەمەلىيەتتە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ۋارسىلىق قىلىش خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئاددى - ساددا، ساغلام بولغان رىيالىزىملىق ئەنئەنىسىدىن تاشقىرى، ئاساسەن ئۇنىڭ قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى بەدىئى ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قەدىمقى ئەنئەنىۋى كوزقاراش، ئېتىقات، ئۆرپ - ئادەت، تۈزۈم قاتارلىقلار دەل خەلقنىڭ ئۇزۇن تۇرمۇشى ۋە كوڭۈللىرىدىكى ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇنى ئەلۋەتتە كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ۋارسىلىق قىلىش خۇسۇسىيىتى ئەڭ قەدىمقى مەزگىلدىن تارتىپ تەدرىجى شەكىللەنگەن. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەچچە مىڭ يىللارداۋامىدا شۇ مىللەت ئېغىز تىلىنىڭ بوغۇمى، قاپىيىسى، ئىنتوناتسىيىسى، گرامماتىكا قۇرۇلۇشى، ئىستىلىستىك ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن ھەرخىل بەدىئى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى ۋە شەكىللىرىنى كەشىپ قىلغان، بۇ ۋاستىلار ۋە شەكىللەر كەڭ ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن قايتا - قايتا تاۋلىنىش

ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىش، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا يەتكۈزۈلۈش نەتىجىسىدە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىرقاتار بەدىئىي تۈسلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ۋارىسلىق قىلىش خۇسۇسىيىتى ئاساسەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇپ ۋە شەكلى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بەدىئىي ئۇسلۇپ ۋە شەكىللەر قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا قوللىنىلىپ كەلگەن بولۇپ، نىسبەتەن مۇقىم، جۈملىدىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇپ ۋە شەكلىمۇ بىر بىردىن پەرقلىنىدۇ

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ئالساق كۆپرەك ئوخشۇتۇش ۋە سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلار ياردىمى بىلەن، ئادەتتە بىركۇپلېتلىق قوشاقنىڭ 1-2-مىسراسىدا تەبىئەت دۇنياسى سۈرەتلەنسە، 3-4-مىسرالىرىدا بايان قىلماقچى بولغان ئوي پىكىر ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كورگىلى بولماس،
كوڭلۇمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سويگىلى بولماس.

ھېكايە ئېيتىش ئۇسۇلىدىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نىسپەتەن مۇقىم ئۇسۇلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆپىنچە «بار ئىكەن، يوق ئىكەن» ياكى «بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا» ياكى «بۇرۇنقى ئۆتكەن زاماندا» دەپ ھېكايە قىلىش بىرخىل ئادەتكە ئايلانغان.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ بۇنداق قېلىپلاشقان بايان قىلىش شەكلى ئۇنىڭ ئاممىۋىلىقىنى كۈچەيتىپ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

يازما ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىپ شەكلى مىللىي ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىشى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش قىممىتىنى كورسىتىدۇ.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش خۇسۇسىيىتى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەيدىغان بىرخىل بەلگۈسى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا زىچ باغلىنىش بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز يەككە-يېگانە مەۋجۇت ئەمەس، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى كوللېكتىپچانلىق بىلەن ئاغزاكىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجات قىلىنىشى بىلەن تارقىلىشىدا يېتەكچى رول ئويناۋاتقانلىقىدۇر. كېيىنكى ئىككى ئالاھىدىلىكى يەنى ئۆزگىرىشچانلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىش ئالاھىدىلىكى كوللېكتىپچانلىق، ئاغزاكىلىقنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە تەسىر كورسىتىشى جەريانىدا ئىپادىلەنگەن. مانا مۇشۇ 4 خىل ئالاھىدىلىك ئۇنى يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

# 3 باپ

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئورتاق قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار ئېڭىدىكى ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئىجتىمائى تۇرمۇشقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى رولىنى جارى قىلىدۇ. ئەمما خەلق ئەدەبىياتى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرى بار. يەنى ئۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئاغزاكى تىلى ئارقىلىق ئىجات قىلىنغان، تارقالغان ۋە كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان.

ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان تۇرمۇش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىسى، كۆز قارىشى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، ۋە ئىجتىمائى كۈرەشلىرى بىلەن قان ۋە گۆشتەك مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭلاشقا ئۇ، يالغۇز بىر ئەدەبىي ھادىسىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك تەركىۋى قىسمىدۇر. قىسقىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى "خەلق روھىنىڭ ئەينەن ھەققىي ۋە تەبىئىي ھالدىكى ئىپادىلىنىشى، خەلقنىڭ سىرداش دوستى، خەلق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، دەرت-ئەلەم ۋە خۇشاللىق تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ ھەم خەلقنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىڭ خاتىرىسى."① دىن ئىبارەت.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەئى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئۇ باشتىن-ئاياق خەلق تۇرمۇشىغا زىچ باغلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائى تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى بولغان قەدىمقى ئەپسانە-رىۋايەتلەرمۇ، گەرچە خىيالى، پانتازىيىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنى ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلغاندا، يەنىلا رېيال ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئەگرى-بۈگرى يوللار بىلەن ئەكس ئەتكەن مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ مەسىلىلەرنى تۆۋەندە ئايرىم كۆرۈپ ئۆتىمىز.

---

① لاپارگ: «ئوبزورلار توپلىمى» خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى 1979-يىلى نەشرى. 8-9-بەت.

## §1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى - خەلقنىڭ ئەمگەك ھاياتىنىڭ مەھسۇلى

خەلق ئەدەبىياتى «ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ سەنئىتى» بولۇپ، ئۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئەمگەك ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان. ئەمگەك - خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئۇ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ھەمرا بولۇپ كەلدى. بۇنى بىز خەلق ئەدەبىياتىنىڭ **پەيدا بولۇش،** تەرەققى قىلىش تارىخىدىن ئېنىق كۆرىمىز.

1 - ئىپتىدائىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ۋە شۇ تەرەپتىن بەلگىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىپتىدائىي دەۋر ئەدەبىياتى - ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتكە ماسلىشىش، چارچاشنى يەڭگىللىتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ھاياتلىق يولىنى ئىزدەش ئۈچۈن، ئۇلار تۈپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، كوللېكتىپ ئەمگەك ئېلىپ بېرىش لازىم ئىدى. كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ قايتىلىنىشى بەلگۈلۈك «رىتىم»نى پەيدا قىلدى. رىتىملىك ئەمگەك يوقۇرى دەرىجىدە جىددىيلىككە كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ئەمگەكنى يېنىك، ئەپچىل ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەلۇم ئەمگەك ساداسى چىقاردى. مانا بۇ ئىپتىدائىي مۇزىكىلارنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمگەك سادالىرىنىڭ ئارىسىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي سۆزلەرنى قوشۇش بىلەن ئىپتىدائىي شېئىر قوشاقلارغا ئايلاندى. «قېدىمقىلار مېھنەت قىلسا ئېيتار غەزەل، غەزەل بىلەن مېھنىتىنى قىلار ئەۋزەل» دىگەندەك، ئىپتىدائىي قوشاقلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەك ساداسى بىلەن ھەقىقىي بىرلەشتۈرۈلگەن. پلېخانوپ ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ئىچىدە «ھەربىر ئەمگەك تۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشىلىرى بار. ناخشىنىڭ ئۇدارى ھامان ئىنتايىن مۇۋاپىق ۋە توغرى ھالدا ئاشۇ ئەمگەك تۈرىدە بار بولغان ھەرىكەت رىتىمىغا ماسلاشقان»① دەپ ئېيتقان ئىدى.

2 - ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئورتاق ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق تەقسىمات ئېلىپ بارىد-

① پلېخانوپ: «‹ئادرېسسىز خەتلەر› ‹سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش›» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى. 1962 - يىل نەشرى. خەنزۇچە 39 - بەت

غان كوللېكتىپ جامائەت مۈلۈكچىلىكىدىكى جەمئىيەتتۇر، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتىدۇر. بۇ دەۋردە ئىنسانلار بارلىق زېھنىنى پۈتۈنلەي دىگىدەك تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا بېغىشلىغان. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىپتىدائىي ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئوۋچىلىق ئارقىلىق ئوزۇقلۇق يىغىش ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى يېڭىشتىكى مۇھىم ۋاستىسى ئىدى. ياۋايى ھايۋانلار ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە كىيىم-كېچەك ئېلىشىدىكى مۇھىم مەنبەسى ئىدى. ئوقيا قاتارلىق باشلانغۇچ قوراللارنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، ئېنگېلس ئېيتقاندەك "خۇددى ياۋايىلار (ۋەھشىلەر) دەۋرىدىكى قىلىچنىڭ، مەدەنىيەت دەۋرىدىكى ئوت قوراللارنىڭ رولىغا ئوخشاشلا، ئوقيامۇ جاھالەت دەۋرىدىكى ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە قورال بولۇپ قالدى."① شۇڭلاشقا ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىدىكى بۇ دەۋر بولگۈچ چوڭ ئىشلار ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتتى.

بولۇپمۇ ئوۋ ئۇسۇلى ئىپتىدائىي سەنئەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ زىچ بولغان بىر خىل سەنئەتتۇر، ئۇ ئاساسەن ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قىلىق-ئادەتلىرىنى دورايدۇ. ئوۋ قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق يىغىشتەك ئەمگەك ھاياتىنى تەكرارلايدۇ. مەسىلەن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىڭ ئەنلىڭ رايونىدىكى ئورۇنچۇر كىشىلىرىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى «ئېيىق بىلەن ئېلىشىش ئۇسۇلى» «ياۋا توخۇ ئۇسۇلى» قاتارلىقلار قېدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇللار.

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان "دولان مەشرىپى" نىڭ ناخشا-ئۇسۇللىرى بولۇپمۇ ھازىر ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇل ھەرىكەتلىرى ئەشۇ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان "يولۋاس ئويۇنى" "شىر ئۇسۇلى" قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى روشەن ھالدا چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ھاياتىنى ئىنكاس قىلغان، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلغا ماسلاشقان ناخشا-قوشاقلىرى ئىچىدە:

ياساپ ئوقيا يامبۇكتىن
قىلدۇق ۋاششاق تاشلارنى
چەللەپ ئېتىپ جەرەنگە
سوقۇۋەتتۇق باشلارنى

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» خەلق نەشرىياتى. 1972 - يىل نەشرى. 21 - بەت.

دىگەن قوشاقنى مەزمۇن جەھەتتىن ئانالىز قىلغاندا، يوقۇرىدا ئېيتقانلىرىمىزغا ئاساس بولالايدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەپسانىلار قارىماققا ئىنتايىن بىمەنىدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئۇلار چوڭقۇر رىئاللىق ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ئىپتىدائىي ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ تەكرار ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىدە شۇنداقلا يۇنان، رىم ئەپسانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە توپىدىن ئادەم ياسىغانلىقى توغرىسىدا ھەرخىل ھېكايىلار بار. بۇ ھېكايىلار ئىپتىدائىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەدرىجىي تەرەققى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رىئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئىنسانىيەت يېڭى تاش قۇراللار دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ساپالچىلىق تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ساپال قاچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ گۈدەكلەرچە سادda تەسەۋۋۇرىدا ئىنسانلار لايدىن ھەر خىل ئەسۋاپلارنى ياسىغان ئىكەن ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئادەم ياساشقىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايتتى. مۇشۇ قاراش نەتىجىسىدە لايدىن ئادەم ياسىغانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانىلار كېلىپ چىقتى. خەنزۇ خەلق ئەپسانىلىرى ئىچىدىكى ئاسمان ئىلاھىسى نۈيۋا توغرىسىدىكى ئەپسانە ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئانىلىق سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا ئاياللارنىڭ تەشكىللىگۈچى، رەھبەرلىك قىلغۇچى ئىكەنلىكى ھەمدە مۇھىم ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لافارگ (拉格法) مۇنداق دەيدۇ: "ئومۇمەن مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەيلادوس (斯多拉埃) قەبىلىلىرى ۋە باشقا قەبىلىلەر ئىچىدە ئاياللارنىڭ باش مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر بۇرۇن بولغان، چۈنكى يۇنانىستاندىمۇ خۇددى كىچىك ئاسىيا، ھىندىستان، مىسىرغا ئوخشاشلا ئاياللارنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ئەرلەردىن بۇرۇن بولغان، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا سەنئەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ئىلاھلارغا ئەمەس، بەلكى ئايال ئىلاھلارغا مەنسۇپتۇر."① يەنە ئۇ، ئاياللارنىڭ ئېقىل پاراستىنىڭ بىر قەدەر بۇرۇن تەرەققى تېپىشىنىڭ سەۋەبى ئىپتىدائىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگۈلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، جەڭ قىلىش، ئوۋ قىلىش، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق ئەمگەكلەرنى ئۈستىگە ئالغان، ئاياللار ھەر خىل شەكىلدىكى باشقا كۆپلىگەن ئەمگەكلەرنى يەنى، ئائىلە ئەمگىكى، قورال - سايمان ياساش ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ قالغان تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ۋە كوندۇرۇش، ئوزۇق - تۈلۈك يىغىش ۋە ساقلاش قاتارلىق ئەمگەكلەرنى

---

① لافارگ: «دىن ۋە كاپىتال» 3 - بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1963 - يىل نەشرى خەنزۇچە، 58 - بەت.

ئۆز - ئۆستىگە ئالغان. بۇنداق كۆپلىگەن ئەمگەكلەر ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ساپال قاچىلارنى ياساش ۋە ئىشلىتىشنىڭ ئۆزى ئاياللارنىڭ ئىجادى مېھنىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئەلۋەتتە.

قانداشلىق مۇناسىۋەتتە ئانىلىق سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەردە قەبىلە سىرتىدىن كۆپ نىكالىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، شۇ سەۋەپتىن پەرزەنتلەر پەقەت ئۆز ئانىسىنى بىلىپ، ئاتىسىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇلار ئاياللارلا بىردىن - بىر ئادەم ياراتقۇچى دەپ قارايتتى، بۇ يەردىكى ئىلاھە ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ھەمدە ئەمگەك قۇرالىغا ئىگە بولغان ئىنتايىن رىيال شەخسلەردۇر.

ئىپتىدائى جەمىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىنتايىن تۆۋەن ھەمدە ئاڭ فورمىسى بىرلا خىل بولغانلىقتىن ئەدەبى ئىجادىيەتنىڭ مەزمۇنىمۇ ئاساسەن كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ شەكلى ئاددى، قوپال، بىر خىل بولۇپ ناخشا، ئۇسۇل، مۇزىكا ئۆز - ئارا زىچ بىرلىشىپ كەتكەن.

لۇشۈن „ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى سەنئەت ھادىسىلىرىدە ئەڭ قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئىپتىدائى خەلقلەر دەۋرىدە بولغان»① دەيدۇ.

ئەلۋەتتە. ئىپتىدائى دىنى كۆز قاراشلار بىلەن ئىپتىدائى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن قويۇق، ئارخېئولوگلار بىلەن ئىنسانشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە نەچچە ئون مىڭ يىل بۇرۇن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق ئىپتىدائىدىن بولغان، بۇ ئىپتىدائى جەمىيەتتىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ۋە توتېمغا② چوقۇنۇشتۇر. مەسىلەن خەنزۇلارنىڭ شىيا ئۇرۇقىدىكىلەر ئەژدىھارنى توتېم قىلاتتى. شياڭ ئۇرۇقىدىكىلەر قارا قۇشنى توتېم قىلاتتى. جياۋ، ياۋ مىللەتلىرى ئىتنى توتېم قىلاتتى. ئولۇنچۇر كىشىلىرى (كېيىنچە ئورۇسلارمۇ) ئېيىقنى توتېم قىلاتتى. ھىندىسلار كالىنى، تۈركى خەلقلەر بۆرىنى توتېم قىلاتتى. بۇنداق توتېملارنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئوۋچىلىق ئەمگىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قىدىمقى رىۋايەتلىرىدە بۇ نەرسىلەر ئەكس ئەتكەن.

قەدىمقى ھەر خىل دىنى چۈشەنچىلەرگە كەلسەك، ئۇمۇ ئەلۋەتتە شۇ دەۋرنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

① لۇشۈن «سەنئەت توغرىسىدا» „تەرجىمە كىرىش سۆزى» لۇشۈن ئەسەرلىرى 17 - توم 18 - بەت خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1973 - يىل خەنزۇچە نەشرى

② توتېم - ئىپتىدائى جەمىيەتتىكى كىشىلەر ئۆز ئۇرۇق جەمەتى بىلەن ئالاھىدە سىرلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ ھېساپلايدىغان ھايۋان ياكى نەرسىلەرنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ بەلگۈسى ھېساپلايتتى، بۇ بەلگۈ قىلىنغان نەرسە توتېم دېيىلىدۇ.

«دىن ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپلىرىدا بولغان تەبىئەت
توغرىسىدىكى ئەڭ نادان، ئەڭ ساددا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىدىن كېلىپ چىقتى»①،
«ھەر قانداق دىن باشقا نەرسە ئەمەس، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇلارنىڭ
ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدىغان تاشقى كۈچلەرنىڭ شۇ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالى ئىنكاسى
بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر كۈچلىرى، يەرگە خاس بولغان كۈچلەر شەكلىنى ئالىدۇ.»②

دېمەك، ئىپتىدائىي دىنىي قاراشلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر راھىپلارنىڭ ئالدامچى-
لىقى بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان نەرسە بولماستىن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ، بەلگىلىك ماد-
دى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل ئىنكاسى ئىدى.

ماركسچە ئىنكاس نەزىرىيىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دىن ئەڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاڭنىڭ
ماددىي بارلىق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان ھېسسى تەسەۋۋۇرنىڭ مەھ-
سۇلى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ تەبىئىي ھالدا خەلقنىڭ سەنئىتىدە ئوبرازلاشتۇرۇلدى.

يۇنانلىقلارنىڭ گۈزەل تەبىئىي شارائىتى — ئۇنىڭ بۇلۇتسىز، زۇمرەتتەك كۆك
ئاسمىنى، ئۇنى ئوراپ تۇرغان چەكسىز يېشىل رەڭلىك دېڭىزى ئۇلارنىڭ مەنىۋى
سېزىمىگە تەسىر كۆرسىتىپ گۈزەللىككە ئۈندىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
ئىپتىدائىي ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلىرىنىمۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئالىي پاساھەتلىك كىشى
قىياپىتىدە تەسۋىرلىدى. قىسقىسى، خەلقنىڭ بىۋاستە ئەمەلىي تەجرىبىسى دائىرىسىنىڭ سىر-
تىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا ئالغان ھەممە تەجرىبىلىرىنى
تەبىئەت كۈچلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەنە شۇ دىن ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ
ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار خەلق قەھرىمانلىقىنىڭ ئىدىئالى سۈپىتىدە دەسلەپكى قەھرىمانلىق
ئېپوسلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئىران ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمىي دىنىي ئېتىقادىنى، ئۆرپ-
ئادەت، تارىخىنى ئىپادىلەيدىغان «ئاۋېستا» ناملىق مۇقەددەس كىتاب (ئىككى يۈز مىڭ
مىسرالىق شېئىرلار توپلىمى) بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1400 يىلدىن مىلادىدىن
كېيىنكى 3 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق جەرياننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. زاروئاستىرىزىم
(ئاتەشپەرەستلىك) دىنىنىڭ بۇ مۇقەددەس كىتاۋىدا ئىككى ياراتقۇچى كۈچ — ياخشىلىق
ۋە يامانلىق ئاخۇرامازدا ۋە ئاھرىمان قىياپىتىدە نامايان بولىدۇ. بۇ مۇقەددەس كىتاپ-
نىڭ غايىسىدىن قەتئىينەزەر، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھادىسىلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچى
ئىلاھىنىڭ ئۆز ئارا كۈرىشىدىن كېلىپ چىققان. ئاخۇرامازدا ياخشىلىق، يورۇقلۇق ۋە
ئەزگۈكۈچلەرنىڭ خۇداسىدۇر. ئاھرىمان بارچە ياۋۇزلۇق ۋە يامانلىق خۇداسىدۇر. ئۇ
ئاخۇرامازداغا قارشى چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق دۈشمەنلەر يارىدىمىدە ئىنسانلارغا ئازاپ-

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، 627 - بەت.

② ئېنگېلس: «ديۈرىنگە قارشى» دىن.

ئوقۇبەت ۋە كۈلپەت - مۇشەققەت كەلتۈرىدۇ. ئاھرىمان زور كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئاخۇرامازداغا ئوخشاش ھەممە نەرسىگە قادىر ۋە قابىل ئەمەس، شۇ سەۋەپتىن يامانلىق كۈچلىرى ياخشىلىق ئالدىدا دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. يورۇقلۇق مەنبەئى قۇياش دەپ كورسۇتىلىدۇ. قۇياش نۇرى ئىنسانغا ھايات بېغىشلايدۇ. ئوت ئەنە شۇ قۇياشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئوتنى مۇقەددەس ھىساپلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان ئىدى. بۇنىڭدىن كورۇشكە بولىدۇكى، «خۇدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا مەۋھۇم چۈشەنچە، خىيالى مەۋجۇدات ئەمەس، بەلكى ئۇ ياكى بۇ مېھنەت قۇرالى بىلەن قۇراللانغان رىئال سىما ئىدى»①

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇنداق بىرلىكىنى شامانىزىم تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى يىرىك ئېپوسى — «ئوغۇزنامە» دە، مىلادىدىن كېيىنكى 4 - 5 - ئەسىرلەردە مانى دىنى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن «مۇقەددەس قەۋرە» دۇئانامىسىدا، 5- ئەسىر ئەتراپىدا يارىتىلغان قەھرىمانلىق داستانى «چىستانى ئىلىك بەگ» دە، 7 - ئەسىر ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى — «قاراخانىلار» دەۋرىدە يارىتىلغان ئاجايىپ باي خەلق ئاغزاكى پوئېتىك يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتالايمىز.

بىزنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنىمىز كوپىنچە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا پەيدا بولغان دىن بولۇپ، ئۇ كېيىنكى سىنىپىي جەمىيەتتە ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى ئېزىش قۇرالىغا ئايلانغان «دىن» دىن پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

خۇلاسە: سوز سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى ئىنسانلارنىڭ نۇتقى پەيدا بولۇشى بىلەن دۇنياغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەينى دەۋر شەرت - شارائىتى، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، دۇنيا قاراش ۋە چۈشەنچىلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئەڭ ئاۋال ئاغزاكى نەسرى تۈرنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇلار ناھايىتى ساددا بولۇپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىشارەت خىتاپلار ۋە ۋەقەلەر بايانىدىن ئىبارەت بولغان. ئەمگەك جەريانى ھەمدە ئاڭنىڭ راۋاجلىنىشى ۋەقە ۋە ھادىسىلار تەلقىنىدە ئاددى بايانىدىن ئوبرازلىق تەسۋىرلەشكە ئېلىپ كەلدى. ساددا ۋە تەكرارى جۈملىلەر بەدىئى تىل ۋاستىلىرى بىلەن بېيىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاددى سوز ئورنىنى كوچمە مەنالىق سوز، ئىسپاتلاش، مۇبالىغە ۋە ئوخشۇتۇشنىڭ يىرىك نەمۇنىلىرى ئىگەللەشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ دۇنيانى بەدىئى ۋە ئىستىتىك دىت بىلەن قىياس قىلىش، بەدىئى نۇتۇق تەجرىبىلىرىنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىنىڭ دەسلەپكى ژانىرلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت. 1962 - يىل نەشرى 266 - بەت

دىمەك، ئەڭ قەدىمقى ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى يېزىق پەيدا بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم ھەسسە قوشقان. ۋاھالەنكى، ئەڭ قەدىمقى فولكلور نەمۇنىلىرى ئەسلى ھالىتىدە، تولۇق نۇسخىسى بويىچە بىزگە ئەينەن يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇ ئېغىزدىن - ئېغىزغا، دەۋردىن - دەۋرگە ئۆتۈش جەريانىدا ھەر قايسى ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ شەكىل ۋە مەزمۇن تەرەپلەردە مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان.

## § 2 - سىنىپىي جەمئىيەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەبىئىي مۇناسىۋىتى ۋە مۇرەككەپلىكى

سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولغاچقا، ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئۈستقۇرۇلمىدا ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، سىياسىتى ھەمدە پەلسەپە، قانۇن، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە پورمىلىرى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە ھالىتىگە ئوخشىمىغان ھالدا، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى بىلەن پەقەت سىياسىي ئارقىلىق ۋاستىلىق باغلىنىدىغان ھالەت شەكىللەندى. جۈملىدىن دىن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆزگىچە ئەھۋال شەكىللەندى. سىنىپلار پەيدا بولۇپ، سىنىپىي جەمئىيەت مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى روشەن ھالدا، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئۇلارنى قوغداش، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئېزىش قورالىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن دىننىڭ ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپ تەرىپى تولۇق ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. شۇڭا لېنىن: «ھەر قانداق ھۆكۈمران سىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىككى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاملىيا - جاللاتقا ۋە پوپقا ئىگە بولۇشى كېرەك» دېگەن ئىدى. بۇنداق بولۇشىنى ئەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى بەلگىلىگەن.

نەتىجىدە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئوتتۇرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئامىللار تەرىپىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىلدى. بۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئەدەبىياتنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتى. خەلق ئەدەبىياتىمۇ ئەلۋەتتە بۇ قانۇنىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇ تۆۋەن قاتلام ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ئەدەبىياتى بولغانلىقتىن ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك بار:

(1) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەك ھاياتىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

بىزنىڭ خەلقىمىز ئەزەلدىن ئىجادىي روھقا باي بولغان ئەمگەكچان باتۇر خەلق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى قولى ۋە ئەقىل پاراسىتى بىلەن ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىپ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى كەشپ قىلدى. شۇڭلاشقا كوپلىگەن ئەپسانە، رىۋايەتلەردە، ھىكايە، چوچەكلەردە، ماقال-تەمسىل ۋە قوشاقلاردا ئەمگەكنىڭ ئىنسانىيەتنى يارىتىشتىكى تۈپكى ئاساس ئىكەنلىكى، بەخت يارىتىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى ئىكەنلىكى، مەدھىيىلەنگەن. ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى ماختاپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئىپتىخارلىغى تولۇپ تاشقان. ئەمما سىنىپىي ئېزىلىش تۈپەيلىدىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ يىل بويى جاپا تارتىپ ياراتقان ئەمگەك مېۋىسى بىر قىسىم ئاز سانلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كىتەتتى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئاچ يالىڭاچلىقتا تۇرمۇش كوچۈرەتتى. شۇڭلاشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ قۇللۇق خاراكتېرىدىكى جاپالىق ئەمگەكلەرنى قاغاپ-تىللايدىغان كوپلىگەن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى «ئۇستەڭ ناخشىسى»، «سېپىل ناخشىسى»، «ۋاڭ خۇلۇ قوشاقلىرى»، «دودشاڭ قوشاقلىرى»، قاتارلىقلاردا قۇللۇق خاراكتېرىدىكى ئەمگەكنىڭ مېھنەتكەشلەرنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن بالايى ئاپەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. ئەمما ئەمگەكچى خەلق قۇل بولۇشقا، ئېزىلىشكە ھەرگىز رازى ئەمەس. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە بۇ رەھىمسىز رىياللىققا قارشى كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىمەي قالمىدى.

دېمەك، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەمگەك ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر مۇقەررەر ھالدا يۇقۇرقىدەك ئىككى خىل تۈس ئالدى.

(2) ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ كەڭلىكى، شۇنداقلا ھەر خىل ئاڭ پورمىلىرىنىڭ ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كېتىشى ئەمگەك ھاياتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن مۇرەككەپلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل بولدى.

سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەمگەك ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى كوپ قىسمى ئىپتىدائى جەمئىيەتتىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاش بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكنىڭ ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. بەلكى تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرى بىلەن خۇددى سۇغا سۈت قوشۇلغاندەك بىرلىشىپ كېتىدۇ. يەنە ئەمگەك ھاياتى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەردە يەنە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردە، ئەخلاقى كوز قاراشلار، مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ئىنساپەرۋەرلىك، ھەمدە پارازىتلىق قاتارلىق باشقا ئىدولوگىيە ھالەتلىرى سىڭىشىپ بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدىگە ئايلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەقدىرگە باش ئېگىش ساختىلىق بىلەن جان بېقىشقا ئىنتىلىش، تەييارغا-ھەييار بولۇش، ئۇ دۇنياغا ئۈمىت باغلاشتەك پاسسىپ ئىدىيىلەرمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا ئەلۋەتتە تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

لېكىن يەنە خېلى كوپ بىر قىسىم ئەسەرلەر يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئەگىشىپ داۋاملىق بىۋاستە رول ئوينىماقتا.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاپتورلىرى ھەم ماددى ئىشلەپچىقارغۇچىلار شۇنداقلا روھى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن تەبىئى مۇناسىۋىتى بار. بىر قىسىم مۇزىكا، ناخشا، ماقال-تەمسىللەر ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىچ باغلانغان بولىدۇ..

## § 3 - خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىكى قورالى

سىنىپىي جەمىيەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ خەلقنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ مۇقەررەر ھالدا يەنە بەزى بىر دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك تەركىپلەرگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ، سىياسىي كۈرەشلەر جەريانىدا ئۆزىنىڭ زور رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئۇستازلىرى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ جەڭگىۋار رولىغا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى.

ماركس 19 - ئەسىردىكى گېرمانىيە سىلېزىيە توقۇمىچى ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ۋاقتىدىكى „قانلىق سوراق“ دېگەن خەلق ناخشىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئېنگېلس 1865 - يىلى دانىيەلىكلەرنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى خەلق ناخشىسى „كېنەز دىتمان“ نى ئۆزى تەرجىمە قىلغان. ئۇ „بۇ ناخشا بىزگە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئارىستوكراتلارنىڭ ئەركىن دېھقانلارغا قانداق قارشى تۇرغانلىقىنى ۋە دېھقانلارنىڭ قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئارىستوكراتلارنىڭ تەھدىت-ئېزىشىدىن قۇتۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ“① دەپ يازىدۇ، ھەمدە „بۇ ناخشا گېرمانىيىگىمۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق“ دەپ قارايدۇ.

ئەمگەكچى خەلق ئېزىلىشكە ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشقا ئۇچرايدىغان سىنىپىي ئورۇندا تۇرغاچقا، ئۇلار ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ رەزىل ئەخلاق ۋە زوراۋانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاچكۆزلۈكتە ئۇچىغا چىققان ياۋۇزلۇق ماھىيىتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگەن. ئۇلار «ئەلا سەگەك رىئالىزمچىلار» دۇر ھەم تولۇق ئەمەلىيەتچىلەردۇر. ئۇلار ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا چېنىققان، ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت يىققان، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ماھىرلاردۇر. ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ خىل ئىرادىسى كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە ئەكس ئېتىلگەن. بۇ ھەقتىكى گەۋدىلىك مىساللار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا دېگەندەك ئۇچرايدۇ.

---

① ئېنگېلس: «كېنەز دىتمان»، „ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى 16 - توم 39 - بەت.

دىخانلار ئىنقىلاۋى جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئارزۇ-لىرىنى، تەلەپ ۋە غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەڭ ئۆتكۈشلۈك قورال، شۇنىڭدەك ئەڭ ياڭراق جەڭ سىگنالى ۋە قۇدرەتلىك جەڭگىۋار قورال بولدى.

دىخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا دائىم دىگەندەك، بىۋاستە ھالدا ھۆ-كۈمران سىنىپلارنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىدىغان، «ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارنىڭ دىخانلار-نى ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقى» نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سانسىز قوشاقلار، رىۋايەتلەر، ھىكايە-چۆچەكلەر، لەتىپىلەر، ماقال-تەمسىللەر مەيدانغا چىقىپ خەلق ئىچى-دە كەڭ تارقالغان ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئىچى-دە كەڭ تارقالغان «غېرىپ-سەنەم» گە ئوخشاش خەلق داستانلىرى، «زالىم پادىشاھ»، «ئۆژمە سايىسى» گە ئوخشاش ھىكايىلار، نەسىردىن ئەپەندى نامىغا توقۇلغان بىۋاستە ئانتاگونىستىك زىددىيەت (قارىمۇ-قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت) نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان لەتىپىلەر،

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.
ئوستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
تېرىۋالدىم غازاڭنى.
ئالدىرىمىغىن زالىملار،
بىز بېرىمىز جازاڭنى. ......

دىگەنگە ئوخشاش جەڭگىۋار قوشاقلار ... خەنزۇ خەلقى ئارىسىدىكى ۋۇسۇڭ، لىن چوڭنىڭ ئىسيان كۆتۈرىشى ھەققىدىكى ھىكايىلار بۇنىڭ ئەمەلى مىساللىرى.

## § 4 - خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىختىدارى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى - خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمىدۇر. ناۋادا ئوستەڭ قېزىش ئەمگىكى بولمىغان بولسا «ئوستەڭ ناخشىسى» بولمايتتى، تېرىقچىلىق ئىشلەپ-چىقىرىشى بولمىغان بولسا، دىخانچىلىق تەمسىللىرى، دىخانلار ئىنقىلاۋى بولمىغان بولسا، دىخانلار قوزغىلاڭلىرى ھەققىدىكى قوشاق، رىۋايەت، ھىكايىلار ... بولمايتتى. قىسقىسى خەلق ئەدەبىياتى ھەمىشەم خەلق تۇرمۇشىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئەدەبىياتى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە زىچ باغلىنىپ، كۆپ جەھەتلەردە رول ئوينايدۇ.

## 1 - تەربىيىۋى رولى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىدىيولوگىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شەكلى ھەم ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىللەردە بولۇپ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە، شۇنداقلا ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەشتىكى ئەڭ ئەپلىك ۋە ئەڭ ئۇمۇمى دەرسلىكتۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسىرلەردە خەلقنىڭ توغرا، ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان، باتۇرانە ئىدىيىۋى پەزىلىتى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، قەھرىمانانە كۈرەشچانلىق ئىرادىسى، شۇنداقلا گۈزەل ئارزۇ - غايىسى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبرازلىق ھالدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ياخشى بىلەن ياماننى ئېنىق تونۇپ، سەت بىلەن چىرايلىقنى ۋە ئۆز بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى - تەربىيىۋى رولى بولىدۇ. روس شائىرى پوشكىن بالىلىق دەۋرىدىلا تۈرلۈك خەلق چۆچەكلىرىگە ئامراق ئىدى ۋە ئۇلارنى پىششىق بىلەتتى، كېيىن ئۇ سۈرگۈن قىلىنىپ يەنە بىۋاستە ھالدا خەلق ناخشا قوشاقلىرى ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلارنى توپلىدى، ئۇ ئۇكىسىغا يازغان خېتىدە: «خەلق ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ، شۇ ئارقىلىق بۇرۇن ئاڭلىغان نامۇۋاپىق تەربىيىنىڭ ئەيىپلىرىنى تۈزەتمەكچى بولۇۋاتىمەن»① دەپ يازىدۇ.

ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىكى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولىدۇر. كىشىلەر بوۋاق دەۋرىدىن تارتىپ، بۆشۈكتە يېتىپ تۇرۇپ ئانىسى، مومىسى ۋە تەربىيىچىسىنىڭ ئەللەي ناخشىلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيىسىگە ئۇچرايدۇ. ياش قۇرامىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ھەر خىل، ھەر ياڭزىدىكى قوشاق، چۆچەك، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىقلارنىڭ تەربىيىسىگە تېخىمۇ ئۇچرايدۇ. بالىلار ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ، بىلىم ئېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدۇ، پانتازىيىگە باي بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار خەلق ھېكايە، چۆچەكلىرىنى ئاڭلاشقا، بولۇپمۇ سېھىرگەرلىك ھېكايىلىرى، ھايۋاناتلار چۆچەكلىرى ۋە ئۇرۇش ھەققىدىكى ھېكايىلارنى ئاڭلاشقا تولىمۇ ئامراق، بۇنداق ھېكايىلەر بالىلارغا سەزدۈرمەي ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ماكسىم گوركىي، لۇشۈن قاتارلىق پرولېتارىيات يازغۇچىلىرىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى تەربىيىلىنىش ۋە ئۆسۈش جەريانىدىكى ئەھۋاللىرىنى ئەسلىسەك ئۇلارغا قارىتا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيىۋى رولىنىڭ زور بولغانلىقىنى كۆرىمىز. قىسقىسى، خەلق ئەدەبىياتى بالىلارنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى، ياردەمچىسى ۋە ئەقىل - پاراسەت ئۆگەتكۈچىسى، بۇ توغرىدا مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كېيىنكى قىسىملاردا يەنە ئايرىم توختىلىمىز.

---

① «پوشكىن ۋە خەلق رىۋايەتلىرى»، «سوۋېت خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ماقالىلىرى توپلىمى» يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1958 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 129 - بەت.

## 2 - بىلىش رولى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن دۇنيا قارىشى ۋە بەدىئىي قارىشىنىڭ گەۋدىلەندۇرۇلۇشى، ئۇ تۇرمۇشنى ئاددىي - ساددى، ھەقىقىي، كونكرېت، چوڭقۇر، راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەچكە ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىش رولى بولىدۇ.

ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي داستانلىرى، مەسىلەن: قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» داستانى، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» داستانى، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇز نامە» داستانى، يى مىللىتىنىڭ «مېيگې» داستانى قاتارلىقلارنىڭ كوپۇنچىسى ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى، مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى، قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆچىيىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سىستېمىلىق ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەن.

ئەلۋەتتە، قىسسە ۋە داستانلار ھەقىقىي تارىخ ئەمەس، لېكىن بىز ئىنسانلارنىڭ باللىق دەۋرىدىكى پاك تەسەۋۋۇرلىرىدىن قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي شەكىللىرى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنى كۆرەلەيمىز.

يەنە دىخانلار قوزغىلاڭلىرى توغرىسىدا بىر قىسىم خەلق قوشاقلىرى ۋە رىۋايەتلىرى بولۇپ، ئۇلار تارىخنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۆتمۈشتىكى ئەمەلدارلار ۋە ئوردا تارىخچىلىرىنىڭ يازغان تارىخ كىتابلىرىدا بۇرمىلانغان ۋە خاتىرىلەنمىگەن جايلىرى خەلق ئەدەبىياتىدا بەدىئىي ئۇسۇلدا شۇ تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ تارىخنى بىلىشكە تېخىمۇ زور ياردەم بېرىدۇ.

خەلق ماقال - تەمسىللىرى، بولۇپمۇ دىخانچىلىق، ھاۋارايى بىلىمى ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەر، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق دەۋرلەردىكى ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىغان تەجرىبە ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر. بۇ ماقال - تەمسىللەر ئىخچام ۋە نەپىس تىل، جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق مەلۇم ماھىيەت ۋە قانۇنىيەتلەرنى بايان قىلغانلىقى ھەمدە ساددا ئىلمىلىك ۋە پەلسەپىلىك خاراكتېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن كىشىلەرگە ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ. ئۇلار دىخانلارنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» ۋە ئومۇملاشقان ئاغزاكى تېخنىكا دەرسلىكىدۇر. نۇرغۇن دىخانچىلىق ماقال - تەمسىللىرى ئىلمىي قائىدىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ پەن تېخنىكا تارىخىدا ئاچقان پارلاق سەھىپىسىدۇر.

## 3 - خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش رولى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە سىنىپىي كۈرەشتىكى ئەمەلىي رولىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ نىكاھ، مۇھەببەت، ئورپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاتقا ئوخشاش كۈندۈلۈك تۇرمۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ كەڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش رولى بولىدۇ.

(1) خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ياردىمى بىلەن نىكاھ، مۇھەببەتلىشىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش: نىكاھ ۋە مۇھەببەت خەلقنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىدا بىر قەدەر زور ئىشتۇر، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خەلق ئىچىدە نىكاھ ۋە مۇھەببەت ئىشلىرى نىسبەتەن ئەركىن ئىدى. ئۇ چاغدا قىز - يىگىتلەر ئۆز - ئارا بېرىش - كېلىش قىلاتتى، ناخشا ئارقىلىق ئۆز مۇھەببەتلىرىنى بىر - بىرىگە ئىزھار قىلىشاتتى ۋە ئۆز ئارا خاتىرە بويۇملىرىنى ئالماشتۇراتتى.

ئەمما فېئوداللىق جەمئىيەتكە كەلگەندە نىكاھ ۋە مۇھەببەت باشقىلارنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى نەتىجىسىدە سودا - سېتىق ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ھال نۇرغۇنلىغان نىكاھ پاجىئەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاياللارنى تاۋار ئورنىدا ئېلىپ ساتىدىغان فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئۇزاقتىن بۇيان ھەر قايسى جايلاردىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا، ئۇنىڭغا قارشى ھەر خىل قوشاق، ناخشا، ھېكايە، چۆچەكلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «ھاي - ھاي يولەن» «قىز قوشىقى» «چىمچاچاق ناخشىسى» «گۈلەمخان»، «قەمبەرنىسا» ۋە باشقىلارنى ئالساق، بۇ ناخشىلاردا قىز - يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىزھار قىلدى. فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى.

ئەمما جەنۇبىي جۇڭگونىڭ تاغلىق رايونلىرى ۋە ئورمانزارلىقلىرىدا ياشىغۇچى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ ئىشى نىسبەتەن ئەركىن بولغاچقا، ئۇلار ناخشا - ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ نىكاھ ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. مياۋزۇ، ياۋزۇ، جۇاڭزۇ، يىزۇ، زاڭزۇ قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدە شەكىلگە باي بولغان مىللىي قائىدە يوسۇن ناخشىسى، توي مۇراسىم ناخشىلىرى بار. كۈيجۇدىكى مياۋزۇ ياشلىرى مۇھەببەتلىشىشتىن باشلاپ توي قىلىشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئوخشىمىغان ناخشىلارنى ئوقۇيدۇ. مەسىلەن «كۆرۈشۈش ناخشىسى»، «ياشلىق باھار ناخشىسى» «مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ناخشىسى» «تويلۇشۇش ناخشىسى»، «ئايرىلىش ناخشىسى»، «بويتاقلىق ناخشىسى» قاتارلىقلار. ئۇلار:

مياۋزۇدا بار تۈمەنلىك ناخشا،
شۇ ناخشىدۇر ئىشق ئەلچىسى.
ئېيتىلمىسا مياۋزۇ ناخشىسى،
باغلانماس ھېچ سۆيگۈ رىشتىسى. دەپ قارايدۇ.

(2) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ياردىمى بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ماجرالارنى ھەل قىلىش:

بەزى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ھەمىشە خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە ياكى داستانلاردىكى داۋىلار ئارقىلىق خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدۇ. ئۆتمۈشتە لى - زۇ مىللىتى ئارىسىدا دائىم دېگىدەك ئۆز - ئارا ئۆچمەنلىك بىلەن بىر - بىرىنى ئۆلتۈ-

رۇش ماجرالىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇ خىل ماجرانى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى مۇنداق ئىدى؛ ماجرالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ياراشتۇرغۇچىلار تەرىپىدىن دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشە-تۈرۈلۈپ قويۇلغاندىن كېيىن مەخسۇس بىر ئويۇنى تەيىنلەپ، شۇ ئويدە ئىككى تە-رەپ ناخشا بىلەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى بايان قىلاتتى. ياراشتۇرغۇچى ھەم ناخشا بىلەن ئۇلارغا داۋلى سوزلەيتتى، ناخشا ئوقۇش جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئوچمەنلىك كەيپى-ياتى تەدرىجى پەسىيىپ، نەتىجىدە ماجرا ناھايىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىناتتى. (سەن-ئەتتە بولىدىغان تەبىي گۈزەللىك سىزىمى ئارقىلىق تەسىر كورسىتەتتى) دىمەك، خېلى كوپ مىللەتلەر ئارىسىدا ئوتمۇشتە ناخشا-قوشاق ياكى ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق ھەر خىل ماجرالارنى ھەل قىلىش تۈزۈمى بولغان. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئەدىبىياتى شۇ خەلق-لەر ئارىسىدىكى ئاساسى يەرلىك قانۇنغا ئايلانغان.

(3) خەلق ئېغىز ئەدىبىياتى ياردىمى بىلەن خەلق ئىچىدىكى ئورپ-ئادەت ۋە ئېتىقانلارنى ئىپادىلەش: خەلق ئىچىدىكى بەزى ئورپ-ئادەتلەر ھامان دىنى ئېتىقات خۇراپاتلىق ۋە باشقا روھى ھالەتلەر بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز بولمىغان شاكاللار بولۇپ تەنقىت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئۇ قەدىمدىن كېلىۋات-قان ئورپ-ئادەت بولغانلىقتىن بەلگىلىك دەرىجىدە خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورپ-ئادەت ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچىلىرى ئۇلارنىڭ ئەدىبىياتىدا ئوز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ بەلگىلىك قىممىتى بولىدۇ. خەلق ئەدىبىياتىدا ئىپادىلەنگەن دۇئا-تالاۋەت، ئىلاھى-روھ قاتارلىق دىنى ئېتىقات بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئەلۋەتتە فېوداللىق خۇراپاتلىقتىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقى بولىدۇ، خەلق ئەدىبىياتى ئىچىدىكى مۇنداق ئەسەرلەر ئارقىلىق بىز ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقىمىزنىڭ ئېتنوگراپىسىنى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار تارىخىي جەريانلارنى چۈشىنىۋېلىمىز.

(4) خەلق ئەدىبىياتىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىش: خەلق ئىچىدە يەنە ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ ياردىمى بىلەن روھى ھالەتلەرنى داۋالاش، مەنىۋى ئوزۇق بېرىش قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەتتا خەلق ئەدىبىياتىنى «دورا» سۈپىتىدە ئىشلىتىپ ئۇ ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ. بۇلار خۇراپى تۈس ئالغان بولىشىدىن قەتئى نەزەر، كېسەلگە روھى جەھەتتىن مەلۇم تەسەللى بېرىش، مەنىۋى ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا پىرخونلۇق ۋە باخشىلىق ئۇسۇلى بىلەن كېسەل داۋالاش ئوت-مۇشتە بەزى رايونلاردا خېلى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭدا ئاساسەن پىر ۋە باخشىلارنىڭ مەخسۇس ناخشىسى بولۇپ، كېسەلنى شۇ ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ ھەركەت قىلىشقا مەج-بۇر قىلاتتى، گەرچە بۇ شامان ئېتىقاتىدىن قالغان خۇراپى ئادەت بولسىمۇ شۇ كېسەلگە نىسبەتەن روھى جەھەتتىن بەلگىلىك مەدەت، ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينايتتى.

مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ قالاق خۇراپىي ئادەتنى قاتتىق تەنقىت قىلىش ۋە چەكلەش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما بەزىلەرى مۇئەييەن دەرىجىدە خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، بەزى بىر مۇۋاپىق جايلىرىمۇ بار. مەسىلەن: مۇڭغۇللار (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار) ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئىككى خىل «تېپىلاندۇرۇش ئۇسۇلى» بولۇپ، بىرىنىڭ خۇراپاتلىق تۈسى ناھايىتى ئېغىر. ئۇ ئاتالمىش «جىن چاپلىشىۋالغان ئادەم» نى جىندىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، يەنە بىر خىلى بولسا مەخسۇس، نىكاھ، مۇھەببەت ئىشىدا كىلىشمەسلىكتە ئۇچراپ نېرۋا كېسىلىگە دۇچار بولغان ياش ئاياللارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ «موڭغۇل ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» دا بايان قىلىنىشىچە، ئەنە شۇنداق نېرۋا كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ ھەممىسى ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق تېپىلاندۇرۇلىدۇ ۋە ناخشا ئۇسسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ نېرۋا ھالىتىنى ئىدىنغلاش رولىنى ئوينايدۇ.

## 4 - خەلق ئەدەبىياتىنىڭ گۈزەللىك (ئېستېتىك) رولى

ماركس: «ئادەم گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە نەرسىلەرنى ياسىغان»① دېگەن ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەر خىل قۇراللارنى ياسىغاندا ئىمكانىيەت بار ئۇنى چىرايلىغىراق قىلىشقا ئۇرۇنغان، ئەگەر گۈزەللىك تەلىپىگە يەتمىسە، ئۇلار روھىي جەھەتتىن خۇشاللىققا چۆمگەن، مانا بۇنىڭ ئۆزى بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىدى. دېمەك، گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ھالەت بولسىمۇ، لېكىن گۈزەللىك ئىختىدارىدا ئۆز - ئارا زور پەرقلەر بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەقىقەتەن گۈزەلدۇر. چېرنىشېۋسكى: «خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئورغۇنلىغان يېڭى ۋە ساپ پەرلىرى بار، مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا بىزنى گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن لەززەتلەندۈرەلەيدۇ.»② دەيدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ گۈزەللىكى خەلق ئەمگىكىنىڭ ئەمگەك تۇرمۇشىنىڭ گۈزەللىكىدىن كەلگەن. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىچى ۋە سىرتى ئادەتتە ساغلام بولىدۇ ۋە گۈزەل بولىدۇ. ئەمما خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلار ھەم رېئال تۇرمۇشتا قارىغاندا تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ ئومۇمىي، تېخىمۇ غايىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تېخىمۇ

① «ماركس، ئېنگېلس سەنئەت ھەققىدە» خەنزۇچە، I - توم، 226 - بەت.

② چېرنىشېۋسكى: «سەنئەت بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئېستېتىكا بىلەن مۇناسىۋىتى»، يېڭى 3 - بىرلەشمە كىتاپخانىسى 1958 - يىل نەشرى. «چېرنىشېۋسكى تاللانما ئەسەرلىرى» 40 - بەت.

گۈزەل بولىدۇ. قىسقىسى خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىلغار گۈزەللىك نۇقتىئى نەزىرى ۋە گۈزەللىك غايىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇلار كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ۋە سەنئەتتە زوقلىنىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە يۇقۇرى كۆتىرىلىشى ئۈچۈن ياردەمچى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ساپ گۈزەللىك نەزىرى ۋە بەدىئى زوقلىنىشىنى يېتىشتۈرىدۇ.

## 5 - خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى

ئېنگېلس: «گېرمانىيە خەلق ھېكايىلىرى» دېگەن ماقالىسىدا خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان كۆڭۈل ئېچىش قورالىدۇر، كونا جەمىيەتتىكى دېخانلارنىڭ بولۇپمۇ يىراق، چەت جايلاردا ئولتۇراقلاشقان دېخانلارنىڭ مەدەنى تۇرمۇشى كەم بولاتتى. ئۇلار پەقەت ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئاچاتتى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ئەمگەكچى خەلق ئەمگەك جەريانىدا ناخشا ئېيتىشىدۇ. ياز كۈنلىرى ئىشىك ئالدى، باراڭ ئاستىدا توپلىشىپ پاراڭلىشىدۇ، ھېكايە، تېپىشماق، لەتىپىلەرنى ئېيتىشىدۇ. بەلگۈلۈك قەرەل بىلەن كوللېكتىۋ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ناخشا-ئۇسۇل قىلىشىدۇ، ۋاھاكازالار. بۇلارنى ئەسلىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھاردۇق چىقىرىش خۇش كەيپىياتنى قوزغاش مەقسىدىدە ئۇيۇشتۇرىدۇ. دەل مۇشۇ مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي پائالىيەت جەريانىدا كىشىلەر ھەر جەھەتتىن تەربىيە ئالىدۇ. بۇ «كۆڭۈل ئېچىش بىلەن تەربىيىنىڭ بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كېتىشى»دۇر.

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى بولۇپمۇ باللار ئۈچۈن ئالاھىدە كورۇنەرلىك بولىدۇ. بەزى باللار قوشاقلىرىنىڭ مەنىسى بولمىسىمۇ لېكىن بوغۇملىرى ئېنىق، ئېيتىشقا ئاسان بولغاچقا، ئۇنىڭ باللارنى تەربىيىلەشتە رولى بولۇشتىن تاشقىرى، باللار ئۇنىڭدىن لەززەت ئالىدۇ. باللارنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىپ، ساغلام روھ بېغىشلايدۇ. دېمەك، خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيىتىدىكى كۆپچىلىك ئەسەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىجتىمائى رولىنى ئەنە شۇ كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت ئەملى رولى ئارقىلىق ئارتتۇرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىستېتىكىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىمۇ ئەنە شۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشتىكى ئەملى رولىنىمۇ تارىخىي ماتېرىيالىستىك ئاساستا ئېتىراپ قىلىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. بۇ ھەرگىزمۇ بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭ قانداقتۇر „سەنئەت كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن" دېگەن سەپسەتىسى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش ئەمەس.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىز شەرھلەپ ئۆتكەن يۇقۇرقى بەش خىل رولى ھەرگىز يەككە-يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى بىر-بىرىگە باغلانغان، ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەن، بىر-بىرىنى تولۇقلىغان ۋە بىر-بىرىگە ماسلاشقان ھالدا بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە كونكرېت ئەسەرلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

# 4 — باپ

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى

## (فولكلور ۋە ئەدەبىيات)

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئىجادىيىتى (يازما ئەدەبىيات) ھەم ئۆز ئارا پەرقلىق ھەم ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم نۇقتىدا ئەدەبىيات تارىخىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئىجادىيىتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى رولى ئىنتايىن كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ماكسىم گوركىنىڭ «سۆز سەنئىتىنىڭ باشلىنىشى فولكلوردىدۇر» دېگەن چوڭقۇر پىكرىدە، ھەر قايسى خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە رىۋاجلىنىشىدا مېھنەتكەش ئامما تارىخىنىڭ سالنامىسى ھېسابلانغان خەلق ئاغزاكى ئىجادى ئەسەرلىرىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس غەزىنە بولغانلىقى ئاڭلىشىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئىككى خىل ئەدەبىيات (فولكلور ۋە ئەدەبىيات) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر قاتار نەزەرىيەۋى مەسىلىلەر ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش، ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدەشتە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە رىۋاجلىنىشىدا چوڭقۇر نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككى خىل ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن مۇنداق بىر ئاساسىي نەزەرىيىنى، يەنى خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى رولى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. چۈنكى دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە تارىخىي ماتېرىيالىزىمچىلار بىلەن تارىخىي ئىدىيالىزىمچىلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن پىرىن-

سىپاللىق ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئەزىرىيەۋى كۆرەش ئۈزۈلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى.

تارىخىي ماتېرىيالىزىمچىلار ئىزچىل ھالدا، خەلق تارىخنى ياراتقۇچىلار، شۇنداقلا يەنە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ خوجايىنلىرى دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، تارىخىي ئىدىيالىزىمچىلار خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى رولىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ئىختىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىنى زادىلا ئەدەبىيات-سەنئەت دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئۆتمۈشتىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىرى بىلەن دىنىي مۇتەئەسسىپ ئىدېئولوگىيەچىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ئەنە شۇنداق بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ئىدارە قىلغۇچىلار، جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ئىدارە قىلىنغۇچىلار»① بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ئاز ساندىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە «قابىلىيەتلىك» ئەدىبلەر شۇغۇللىنىدىغان نازاكەتلىك ئىشمىش؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەمگەكچى خەلق پەقەت ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى بىلەن يۇقىرى تەبىقىنى قامدايدىغان تەبىئىي «قۇللار» بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارلىقىغا كىرىش ئىختىدارى يوقمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، ئىلىم-مەرىپەتتىن چەتتە قويۇش» سىياسىتىنى بەلگۈلەپ، خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ سەنئەت ئىختىدارىنى رىۋاجلاندۇرۇشقا پۈتۈنلەي چەك قويىدۇ.

بۇرژۇئا جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە تارىخشۇناسلىقىدا بولسا، فېئودالىزم تېئولوگلىرى تەرىپىدىن بازارغا سېلىنغان يۇقۇرىقىدەك غەلىتە سەپسەتىگە ئاز-تولا رەڭ بېرىلىپ، قانداقتۇر «تارىخنى قەھرىمانلار ياراتقان» دېگەن مېتافىزىكىلىق پىكىر ئېقىمى تېخىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار دۇنيا تارىخىنى پەقەتلا ئايرىم ساندىكى نوقۇل ئەرباپلارغا، شەخسىي قەھرىمانلارغا، يولباشچىلارغا باغلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى پاسسىپ كۈچ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەمەلىيەت جەھەتتە شەخسىي بىلەن كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى، خەلقنىڭ سەنئىتى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ يازما ئىجادىيىتىنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدۇ. بۇرژۇئا ياللانما پەيلاسوپى نىتسەي گىمىڭ (尼采曾赤裸) قىپ يالىڭاچ ھالدا: «بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر تالانت گۈلتاجىسىنى ئاممىنىڭ تاقىر بېشىغا قوندۇرۇپ قويغانلىقى پەلسەپىدىن خەۋىرى بولمىغان كورۇمسىز ئاممىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن ئەزەلدىن كورۇلۇپ باقمىغان غەلىتە ئامەتتۇر»①، دەپ بىلجىرلايدۇ.

بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇشۇنداق غەلىتە بىلجىرلاشلىرىغا قارىمۇ-قارشى ھالدا ئەينى

---

① كۆڭزىنىڭ «لۇنيۈ» كىتاۋىغا قارالسۇن

① چىچلۇپ: «ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» «سوۋېت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى» خەنزۇچە، 258-بەت.

ۋاقىتتا ماكسىم گوركى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەمگەكچى خەلق تارىخنى ياراتتى، لېكىن ئۇلار تارىخنى يېزىپ قالدۇرۇشنى بىلمەي، تارىخنى يازىدىغانلار باشقا بىر سىنىپنىڭ ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلىدىغان ئادەملىرى بولدى. ئىنتايىن بىر ئاددى سەۋەپتىن تارىخنى ياراتقان، قارا ئىش قىلىدىغان ئىشچىلار تارىخى كىتابلاردا بەزى ۋاقىتلاردا ئېغىزغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما يالغۇزلا «ئىسيانچى»، «ياخشى ئادەملەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچى ۋە بۇزغۇنچى» دەپ قارالدى. ماددى مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى دېھقانلار بىلەن ئىشچىلار تارىخ سەھىپىسىدە مەۋجۇت بولالمىدى».①

تارىخىي ماتېرىيالىزم: خەلق، پەقەت خەلقلا، دۇنيا تارىخىنى ياراتقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، — دەپ قارايدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزىنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى «كاپىتال»دا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھالقىسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى ھەقىقى ئىگىللىگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم رولىنى چۈشىنىپ تونۇپ يېتىشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. ھەقىقەتەن، ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك: «خەلق پەقەت بارلىق ماددى بايلىقلارنى ياراتقۇچى كۈچلا ئەمەس، بەلكى ئۇ بىردىن-بىر پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى بايلىق مەنبەسى. مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن، ياكى گۈزەللىك ۋە ئىجادى دانىشمەنلىك جەھەتتىن بولسۇن، خەلق ئومۇمەن بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە شائىردۇر، ئۇلارنىڭ ئىجات قىلغان ئۇلۇغ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى تىراگېدىيە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك تىراگېدىيە بولغان پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىن ئىبارەت».① گوركى يەنە «خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى ۋە سۈت ئانىسى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق پەقەت ماددى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە مەنىۋى بايلىقلارنىڭمۇ ئىجاتچىسى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، مانا بۇ، بىزنىڭ يازغۇچىلارنىڭ يازما ئىجادىيىتى بىلەن خەلق ئاممىسى كوللېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ (ئۇچۇغراق ئېيتقاندا، يازما ئەدەبىيات بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ) مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشىمىزدىكى ئاساسىي پىرىنسىپ.

خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئىجادىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ.

---

① م.گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» — «كەنت تارىخى»، «خەلق ئەدەبىياتى ژورنىلى» 1978 - يىل 1 - سان، 151 - بەت.

① م. گوركى «شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھالاكىتى»، «سوۋېت خەلق ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى» خەنزۇچە، 74 - بەت.

سىنىپىي جەمئىيەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، ئېغىز ئەدەبىياتى پۈتكۈل ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي خەلق ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ بىردىن بىر شەكلى ئىدى، ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ مانا شۇ ئىپتىدائىي ئەدەبىياتى كېيىنچە شۇ خەلقلەرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى بىر قەدەر تاكامۇللاشقان ئەدەبىياتىنىڭ تۇرەلمىسى ۋە ئەژداتى بولۇپ قالدى.

ماددىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە باشلانغۇچ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە سىنىپنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتە تەكرار ئىش تەخسىماتى پەيدا بولدى. ئەنە شۇ تەكرار ئىش تەخسىماتىنىڭ نەتىجىسىدە «ئەركىن كىشىلەر بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن باشقا يەنە، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارلىققا كەلدى. يېڭى تەخسىماتقا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتە يېڭى سىنىپىي تەركىپ پەيدا بولدى.»① سىنىپنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىياتمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى سىنىپنىڭ قارىمۇ-قارشى ئەدەبىياتى بولۇپ بۆلۈندى. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر قەدەر مۇرەككەپ، گەرچە ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتىلگەن ئىككى خىل ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلى (ئېغىز ياكى يازما ئارقىلىق) دىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى يازما ئەدەبىيات بولسۇن، ھەر ئىككىسىلا تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ھەر خىل چەكلىمىلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە تەئەللۇق بولغان ئومۇمىي خەلق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. بولۇپمۇ سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، گەرچە ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مەيدانى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەمدە ھەممىسىلا تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان. گەرچە تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ئەدەبىي تىل بىلەن ئېغىز تىلى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق پەيدا بولسىمۇ، لېكىن باشتىن-ئاخىر يېزىق تىلى بىلەن ئېغىز تىلىنىڭ قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇتكى، سىنىپىي جەمئىيەت تارىخىدا بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچىلار (كېلىپ چىقىشى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا تەئەللۇق بولسىمۇ) ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى

---

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4-توم، 160-بەت.

چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ھامان ئۇزىنىڭ دۇنيا قارىشىدىن ھالقىپ ئوتۇپ،
خەلق تۇرمۇشىدىكى بەزى دەرت ـ ئەلەملەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر
ھېسداشلىق قىلىدۇ. شۇنداقلا ئاكتىپ ھالدا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەلق ئېغىز ئەدىبىـ
ياتىدىن ئوزۇقلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خەلقنىڭ ئېغىز ئەدىبىيات ـ سەنئىتى سىنىپىي
جەمىيەتتىكى ھەر خىل چەكلىمىلەرنى بۇسۇپ ئوتۇپ، تەبىئىي ھالدا كىلاسسىك يازما
ئەدىبىياتقا قارىتا ھەر قايسى تەرەپلەردىن غايەت زور تەسىر كورسىتىدۇ ۋە يازما ئەدىـ
بىياتقا ھوسۇن قوشۇپ، ئۇنىڭ ئاۋام خەلق قەلبىدە يىلتىز سۇرىشىگە تۇرتكە بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئەدىبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، خەلق تۇرمۇشى بولسا پۇتـ
كۇل ئەدىبىي ئىجادىيەتنىڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەس مەنبەئى، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خەلقـ
نىڭ ئېغىز ئەدىبىياتى يالغۇز خەلق تۇرمۇشىدىكى تەبىئىي ھالەتلەرگە نىسبەتەن زىچ
يېقىنلاشقان نەرسە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئۇ يەنە، ئەڭ گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى
بولۇپ، يازغۇچىلارنى يېتىشتۇرىدىغان تەربىيىچى ئانىدۇر. شۇ سەۋەپتىن يازغۇچىلارنىڭ
ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئىلھام مەنبەئى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، خەلق تۇرمۇشى ھەمدە
خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە ساقلىنىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدىبىياتى بىلەن يازما ئەدىبىيات ئوخشاشلا ئىدىئولوگىيە پورمىلىلىـ
رىدىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن سىنىپلىك ئۇلارنىڭ ئوز ئارا ئالاقىسى مەسىلىسىگە ھەم
خاستۇر. دىنى ـ مىستىك ئەدىبىي ئېقىم (ئەھمەت يەسىۋى، رابغوزى، سولايمان باقىرغانى
ئەسەرلىرى، دىنى قىسسىلەر، ھىكايەتلەر، قوشاقلار) ئوزلىرىنىڭ شەرىئەت، قانون ـ قائىدىـ
لىرىگە سوزسىز ئەمەل قىلىش، تەركى ـ دۇنياچىلىق ئوخشاش رىياكسيون غايىلارنى تەرغىپ
قىلىشتا، ئاممىغا تېز سىڭىدىغان يوللارنى، يادىلاشقا قولاي شەكىللەرنى ئىزلەپ تېپىشتا
ھامان فولكلورغا مۇراجەت قىلدى، فولكلور ماتېرىياللىرىنى، جانلىق تىلنىڭ باي ئىمكاـ
نىيەتلىرىنى ئوز مەقسەتلىرىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى. فېئودال ـ ئارىستوكراتلار ئەدىبىياتى
ۋە دىنى ـ مىستىك ئەدىبىياتقا قارىمۇ ـ قارشى غايىۋى يونىلىشتە ۋۇجۇتقا كەلگەن
دىداكتىك، دۇنياۋى ئەدىبىيات كېيىنچىرەك گۇمانىستىك ۋە دېموكراتىك ئۇيغۇر كىلاسـ
سىك ئەدىبىياتى كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ مەنپەتلىرىنى بەدىئىي ئىپادىلەشتە ۋە ئۇلـ
مەس ئەسەرلەر يارىتىشتا خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئىلغار غايىلىرى ۋە بەدىئىي ۋاسـ
تىلىرىدىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان ئىدى.

قىسقىسى، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمىلىيىتىدىن قارىغاندا خەلق ئاممىسى نەچچە
يۈز مىڭ يىللار مابەينىدە ياراتقان تىل گوھەرلىرىنى ئەڭ گۈزەل مىسرالارغا تىزىپ ئۇنى
يازغۇچىلارغا بەخش ئەتتى، ھەمدە جانلىق ئىجادىيەت شەكىللىرىنى تەييارلاپ بەردى؛
خەلق ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ كوپ خىل تېمىلىرى ۋە مول ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى يازغۇچىـ
لارنى چەكسىز، كەڭ تېما ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئەڭ مۇھىمى، خەلق بېسىپ
ئوتكەن تارىخىي سەپەرلىرىگە ماس ھالدا، ئوزلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە «مەڭگۈ گۈزەلـ

ئىككىنچى: خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنى تىپىك ئوبرازلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماكسىم گوركى: «شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھالاكىتى» دېگەن ئەسىرىدە، «بارلىق ئەللەردىكى ئۇلۇغ شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى خەلق كوللېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ غەزىنىسىدىن پايدىلىنىپ ياراتقان؛ ھەممە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشلا، ھەممە شانلىق ئوبرازلار ۋە تىپلار قەدىمقى زامانلاردىن بېرى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ غەزىنىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە» دەپ كۆرسەتتى، دەرۋەقە، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالساق، بۈيۈك كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆلمەس تىپىك ئوبرازلارنىڭ كۆپچىلىكى ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە يارىتىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. شېكسپىر ① نىڭ مەشھۇر درامىلىرى «رومېيوژۇلىيېتتا»، «ئوتېللو»، «ھاملېت»، سېرۋانتېسنىڭ ② «دونكىخوت» گىئوتېنىڭ ③ «فائۇست» گيوگو ④ نىڭ «پارىژ چېركوۋى» (پارىژدىكى مۇقەددەس بۈۋى مەريەم ئىبادەتخانىسى) قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرىدىكى تىپىك ئوبرازلارنى ۋە مەلۇم كۆرۈنۈشلەرنى خەلق ئاممىسى ئۆز يازغۇچىلىرىدىن بۇرۇن ياراتقان. «سېرۋانتېستىن ئىلگىرىلا، خەلق چۆچەكلىرىدە رىتسارلىق تۈزۈمى مەسخىرە قىلىنغان، شۇنداقلا بۇ مەسخىرىلەر خۇددى سېرۋانتېسنىڭكىدەك ئۆتكۈر ۋە سالماق بولغان».

ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى كلاسسىك رومانلىرى - «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت» لەردە تەسۋىرلەنگەن تىپىك ئوبرازلارمۇ ئالدى بىلەن نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلگەن ھېكايە، رىۋايەتلەردە ئىجات ئېتىلگەن.

① شېكسپىر (مىلادى 1564 - 1616) - ئەنگلىيەنىڭ ئۇلۇغ دراماتۇرگى، ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى غەلىبىلەرنى ئەڭ يۇقىرى كۆتەرگۈچى داھى يازغۇچىدۇر.

② سېرۋانتېس - (مىلادى 1547 - 1616) ئاتاغلىق ئىسپانىيە يازغۇچىسى. دونكىخوت - سېرۋانتېسنىڭ شۇ ناملىق رومانىدىكى باش قەھرىمان، ئۇ ساۋارىلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇشقا مەپتۇن بولغان مۇرەۋۋەتلىك چەۋەنداز بولۇپ، ئورغۇن تېتىقسىز، كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلغان.

③ گېيوتى - (1749 - 1832) گېرمانىيەنىڭ مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچىسى، «فائۇست» ئۇنىڭ ئەڭ يىرىك ئەمگەكلىرىنىڭ بىرسى، بۇ ئەسەر شېئىرى شەكىل بىلەن يېزىلغان فىلوسوپىيىلىك تراگېدىيە بولۇپ، 1773 - يىلىدىن 1831 - يىلىغىچە جەمئى 58 يىل ئىچىدە يېزىپ تاماملىغان. بۇ ئەسەرنىڭ ماتېرىيالى 16 - ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق رىۋايەتلىرىدىن ئىبارەت.

④ ۋىكتور گيوگو (1802-1885) فىرانسىيەنىڭ ئىلغار رومانتىك يازغۇچىسى. پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئىشتىراكچىسى.

«سۇ بويىدا» رومانىنىڭ ئاساسى خەلق ئارىسىدىكى «داسوڭ يىلنامىسى ۋە سىقىللىرى» دىگەن رىۋايەتتۇر. ئۇنىڭدا سۇڭجياڭ، لىنچوڭ قاتارلىق 36 پالۋاننىڭ تىپىك ئوبرازى ھىكايە قىلىنغان، كېيىنچە يازما ئەدەبىياتقا ئايلانغان «سۇ بويىدا» ناملىق روماندا خەلق رىۋايەتلىرىدە يارىتىلغان 36 شۇيخۇ قەھرىمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 108 تىپىك قەھرىمان ئوبرازىغا كۆپەيتىلگەن.

ۋۇچېڭئېن (Wucheng·n) نىڭ «غەرىپكە ساياھەت» رومانى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۈەنجۇاڭنىڭ مۇقەددەس بۇددا نومىنى ئېلىشقا بارغانلىقى توغرىسىدىكى خەلق رىۋايەتلىرىنى پىششىغلاپ ئىشلەش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، شۈەنجۇاڭ 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان جۇڭگودىكى ئۇلۇغ تارىخىي ئەرباپلارنىڭ بىرى. ئۇ 26 يېشىدا ھىندىستانغا بېرىپ مۇقەددەس نومنى ئېلىپ كېلىشكە بەل باغلىغان. 17 يىل رىيازەتلىك ساياھەت قىلىپ ئاخىرى 657 جىلد بۇددا نوم سوتىرالىرىنى ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك تۆھپە ياراتقان. شۈەنجۇاڭنىڭ غەرىپكە ساياھەت قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ھىكايىلار ئەل ئارىسىغا تارقىلىش جەريانىدا بارا-بارا شۈەنجۇاڭنىڭ رىيال ئىش-ئىزلىرىدىن يىراقلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي پەرىشتىلەر ۋە ئالۋاستىلار ھەققىدىكى ئاجايىپ قىزىقارلىق خىيالى ھىكايىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن، «غەرىپكە ساياھەت» رومانى ئۈچۈن ئاساس قىلىنغان نۇسخا شۈەنجۇاڭنىڭ ئۆز ئەسىرى «تاڭ دەۋرىدىكى غەرپ خاتىرىلىرى» بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتى خۇيلىنىڭ «تاڭ سۇلالىسى سىئېن (si n) بۇتخانىسى ۋە سەنزاڭ فاشىنىڭ تەرجىمىھالى» دىگەن ئەسىرى تاڭسىڭ (Tang sing) ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي ماتېرىيالدۇر. لۇشۈن ئەپەندى مۇشۇ رىۋايەتلەردىكى ۋۇجىچى (Wu zhi qi) نى سۈن خىشاڭ (سوڭۋۇكۇڭ) نىڭ ئەسلى قىياپىتى دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ھەقىقەتەن سۈن ۋۇكۇڭ ھەققىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ رىۋايەتلەر قەدىمقى خەنزۇ رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ ئۇ «غەرىپكە ساياھەت» رومانىنىڭ ئاساسى ماتېرىيالىدۇر. يېقىندا بەزى تەتقىقاتچىلار ۋۇجىچىنىڭ رىيال شەخسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى ماتېرىياللارنى ئېلان قىلدى. يەنى لىيەنيۈنگاڭ جايلاشقان باغ-بوستانلىق تاغدىكى شۈي لىيەن دوڭ غارى سۇڭۋۇكۇڭنىڭ ئەسلى يۇرتى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ خىل قاراشنىمۇ ئويلۇنۇشقا تېگىشلىك. 3-4 يۈز يىلدىن كېيىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىياتىرلاردا سۇڭۋۇكۇڭنىڭ قەھرىمانلىقى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا جۇباۋجى (zhubaoji) ئوبرازى قوشۇلغان، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋۇچېڭئېن تەرىپىدىن يېزىلغان. «غەرىپكە ساياھەت» رومانى ئەنە شۇ رىۋايەتلەر ۋە تىياتىرلاردىكى غەرىپكە ساياھەت توغرىسىدىكى ھىكايىلارنى قوبۇل قىلغان-

① «لۇشۈن توپلاملىرى» 8-قىسىم. 46-67-بەتلەرگە قارالسۇن.

لىقى ۋە يېقىنلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەنە شۇ ئارقىلىق دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە
سۆلۈۋۆكۈگىنىڭ شانلىق تىپىك ئوبرازىنى ياراتقان بولۇپ، بۇ رومان شۇنىڭ ئۈچۈن
مەشھۇر رومانتىك كىلاسسىك ئەسەر ھېساپلىنىدۇ.

دىمەك، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتكەن ۋۇچىڭئېننىڭ «غەرپكە سايا-
ھەت» دىگەن ئەسىرىدە، ئۆزىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە پەيدا بولغان خەلق رىۋايەت-
لىرى ۋە ئەلنەغمە تىياتىرلىرىدىكى غەرپكە ساياھەت توغرىسىدىكى ھىكايىلارنى قوبۇل
قىلغانلىقى ۋە ئۆزلەشتۈرگەنلىكى نەتىجىسىدە تىپىك دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە سۆلۈ
ۋۆكۈگىنىڭ ئاجايىپ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك
رومانلىرى ئىچىدە رومانتىزىملىق مەشھۇر ئەسەر بولۇپ قالدى. خۇددى گوركى ئېيتقاند-
دەك، «زېۋسىنى خەلق ياراتتى، فىساغوروس ئۇنى چوڭ مەرمەر تاشقا ئويۇپ چىقتى».

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە شانلىق ئوبرازلارمۇ
ئۆزىدىن بۇرۇن خەلقنىڭ ئىجادىيىتىدە بارلىققا كەلگەنلىكى شۈبھىسىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
قىممەتلىك مەدەنى مىراسلىرىدىن بىرى بولغان «ئوغۇزنامە» داستانى ھازىر مەلۇم بول-
شىچە 13 - ئەسىردە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن تۇرپاندا كوچۈرۈلگەن. لېكىن يازما
نۇسخە ھالىتىگە كېلىشتىن خېلى بۇرۇن ئوغۇزخان ھەققىدىكى بۇ قىسسە قەدىمقى زامان-
لاردىن تارتىپلا خەلق ئارىسىدىكى بىر رىۋايەت سۈپىتىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۈپ،
ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردە شۇ دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ مەز-
مۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ پىشقان ۋە ئوغۇزخان ئوبرازى تېخىمۇ تىپىك
خاراكتېر ئالغان. شۇنداق قىلىپ ئوغۇزخاندىن ئىبارەت بۇ تارىخى شەخس تەدرىجى
ھالدا غايىۋى تىپىك ئوبرازغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ناۋايىنىڭ پاساھەتلىك قەلىمى ئاستىدا «خەمسە» ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ دۇنياۋى
ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋاپادار - ئاشىق مەشۇقلارنىڭ تىپىك ئوبرازلىرى پەرھاد بىلەن
شىرىن، لەيلى بىلەن مەجنۇن ۋە كېيىنچىرەك نىزارى قاتارلىق داڭدار شائىرلارنىڭ
مۇھەببەت داستانلىرىدا كۈيلەنگەن ۋامۇق بىلەن ھوزرا، يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا، تاھىر
بىلەن زوھرا، غىرىپ بىلەن سەنەم، مەسئۇد بىلەن دىلارام قاتارلىقلار قوشۇلۇپ،
شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلمەس مەزمۇنى بولۇپ شەكىللەندى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تو-
نۇش بولغان بۇ 7 جۈپ ئاشىق مەشۇقلارنىڭ ئوبرازى ئەسلى پەيدا بولۇش مەنبەئىدىن
قارىغاندا، ئۇ يەنىلا ئالدى بىلەن شەرق فولكلورىدا ئىجات قىلىنغان ئاجايىپ سەلتەنەت-
لىك تىپلار بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىلا خەلقىمىزنىڭ رىيال ئىجتىمائى جەمىيەت ھەققىدىكى
كوز قاراشلىرىنى، گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى، ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىققا بولغان
تەلپۈنۈشلىرىنى ۋە ئىستىتىكىلىق قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۈرگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان مۇزىكىلىق داستان «غېرىپ - سەنەم»
نى ئالساق، تارىخي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا

(10 - ئەسىر ئەتراپىدا) پەيدا بولغان. ئۇ شۇندىن بۇيان 10 نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، كۆپلىگەن نامسىز يازغۇچى-شائىرلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نادىر نەمۇنىسىغا ئايلانغان. ئادەتتە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «غېرىپ-سەنەم» نىڭ بىرەر ناخشىسىنى بىلمەيدىغان ياكى بۇ سادا قەتمەن، ۋاپادار ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغان ئادەم يوق دېسەمۇ بولىدۇ. ئەشۇنداق كەڭ دەرىجىدە ئومۇملىشىشىنىڭ سەۋە-ۋى شۇكى، ئۇ ئەسەر خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئۇنىڭدىكى غېرىپ ۋە سەنەم ئوبرازلىرى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى ۋە غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۈر-گەن ھەمدە رېئالىزم بىلەن رومانتىزمىلىق روھ بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتا قىلغاندا، ئۇنىڭدا يارىتىلغان يارقىن بەدىئىي ئوبرازلار، ئەھمىيەتلىك ئالەمشۇمۇل تىپلار-نىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېگىدەك، ئالدى بىلەن شۇ خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ھېكايىلىرىدا يارىتىلىپ، ئۇ ئارقىلىق كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە خەلق ئارىسىغا قايتقان. شۇنداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز ھالدا خەلق كوللېكتىۋى-نىڭ قايتا-قايتا پىششىقلىشى نەتىجىسىدە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بەدىئىي تىپقا ئايلىنىپ، سەنئەت گۈلزارلىقىنىڭ ئۈچمەس سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان.

ئۈچىنچى، بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتلەردىكى تەسىرى: ئەزەلدىن تارتىپ يازغۇ-چىلار ئەدەبىي شەكىل، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇپ قاتارلىق تەرەپلەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق سەنئەتنىڭ يۇقۇرى چوققىسىغا چىققانلى-غىدەك بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىزنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىمىزنى قوزغايدۇ.

دەرۋەقە، ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، مىللىي ئەدەبىياتنى شەكىللەن-دۈرگەن بۇ بەدىئىي ئالامەتلەر شۇ خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىن كەلگەنلى-كىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر قەدەر روناق تاپقان شېئىرىيەت ژانىرىنى ئالايلى: ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، ئوبراز يارىتىش شەكلى، تىل خۇسۇسىيىتى قاتارلىق ئۆزگۈچىلىكلىرى ئاساسىدا كۆپ خىل تۈر ۋە رەڭمۇ-رەڭ بەدىئىي شەكىللەرگە ئىگە بولغان. بۇ تۈر ۋە شەكىللەر ئەسلىدە ئۇيغۇر خەلقى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرى بولۇپ، ئەدىپلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يازما شېئىرى-يەتكە ئۆزلەشكەن ۋە راۋاجلانغان، قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن ئۆلگىلىرى ئىچىدە لىرىك ۋە ئېپىك قوشاقلارنىڭ نەمۇنىلىرىمۇ، تەبىئەت سۈرەتلەنگەن پېزاژ قوشاقلىرىمۇ، «ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى» غا ئوخشاش ھەجۋىي قوشاقلارمۇ، مەدھىيە نامە، مەرسىيە نامى، ساقىنامە ۋە قەسىدىلەرمۇ، ھەمدە بارماق ۋەزنىدىكى قوشاقلارمۇ، ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر-قوشاقلارمۇ... ئۇچرايدۇ. شۇن-

داقلا يەنە ئۇنىڭدا بوغۇم سانى جەھەتتىن 5 لىكتىن تارتىپ 12 لىككىچە بولغان قوشاقلارنىڭ ئۈلگىسى تېپىلىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بولسا يەنىمۇ كۆپ خىل شەكىللەر، رەڭمۇ-رەڭ بەدىئىي ۋاستىلار جارى قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى تەمىنات ئىسكىلاتى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى قانداقتۇر «ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەپ پوئېزىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان» دېگەندەك غەيرى قاراشلارنىڭ زادىلا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، بەلكى بۇ ۋەزنىمۇ ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىك شەكلى سۈپىتىدە خەلق قوشاقلىرىدا قەدىمدىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى (گەرچە «ئارۇز» دەپ ئاتالمىسىمۇ) مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەدەبىي شەكىل مۇتلەق ھالدىكى ئۆزگەرمەس ئۆلۈك موردا بولماستىن، ئۇ دەۋر مەزمۇنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ئەنئەنىۋى مىللىي شەكىلنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىل شەكىللەرمۇ كىلاسسىك يازغۇچى-شائىرلار تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەنلىكى ۋە راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز، «دىۋان» دىكى قوشاقلاردا كۆپرەك ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەجەز، رەمەل، ھەجەز قاتارلىق بىر قانچە بەھرىلىرى ئۇچرايدۇ، «چىغتاي دەۋر» ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ ناۋائىينىڭ شېئىرىيەت بابىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مەۋجۇت بولغان يۇقارقىدەك بەھرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپ «ئىلمى ئارۇز»دا قەيت قىلىنغان بەھرىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي مىساللار ئوقۇغۇچىلارغا بىر قەدەر تونۇش بولغاچقا، قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ھەر خىل مەجازىي ۋاستىلارنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەدبىقلىنىش ئالاھىدىلىكىمۇ ئۆز ئارا ئەنئەنىۋى تەسىر كۆرسۈتۈشتىن خالىي ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئىسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن مۇزىكىلىق سۆز سەنئىتى بولۇپ، ئۇ يۈكسەك ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا بەدىئىي ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرگۈچى تەسۋىرى ۋاستىلار خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ماددى تۇرمۇش شارائىتى (تەبىئىي شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى) ھەمدە شۇ ئاساستا تۇغۇلغان ۋە تەرەققىي قىلغان مەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەلسەپىلىك ۋە ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى، ئىدىيىۋى ئىشەنچ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقات ئالاھىدىلىكلىرى

قاتارلىقلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەر خىل سىمۋوللۇق ۋاستىلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن. بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى سىمۋوللۇق ئەدەبىيات دېيىلسە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي پىكىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان سىمۋوللۇق ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سىمۋولىستىك ۋاستىلار روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق زامانلار مابەينىدە شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ۋە ئىستېتىك تۇيغۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللاشتۇرۇش ئوبيېكتلىرىدىن مەلۇم نۇقتىلاردا پەرقلىنىدۇ (ھەممىسى ئەمەس، ئەلۋەتتە) ئادەتتە، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا قىزىلگۈل دايىم سۆيۈملۈك يارنىڭ، خوشاللىقنىڭ، بەختنىڭ سىمۋولى قىلىنغان، بۇلبۇل بولسا ئەشۇ سۆيۈملۈك مەشۇقنىڭ (قىزىلگۈلنىڭ) سادىق شەيداسىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى. شۇ خەلقلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدە «بۇلبۇل جەننەتنىڭ قۇشى» دېسە، قىزىلگۈلنى خەلق قوشاقلىرىدا «قىزىلگۈل دېگەن نەرسە بېھىشتىن چىققان نەرسە» دەپ ئۇلۇغلايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھوقۇش ۋەيرانچىلىقنىڭ، شۇملۇقنىڭ، قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ سىمۋولىدۇر. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا قاراڭغۇلۇقنى، ۋەيرانلىقنى تىلىگۈچىلەرنى ھوقۇشقا ئوخشىتىدۇ، ئۇندىن باشقا لەيلى قازاق، يېكەن چېچىكى (ئۈجول) خەلق قوشاقلىرىدا ياسانچۇق، چىدامسىز، ئۆمرى قىسقا مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. يۇلتۇز-بەختنىڭ، قارىياغاچ-يەكلەنگەن، لېكىن چىداملىق دەرتمەننىڭ، قىزىل رەڭ خۇشاللىقنىڭ، ئاق-ساپلىق ۋە قۇتلۇقنىڭ، سېرىق پەرىشانلىق، غەمكىنلىكنىڭ، قارلىغاچ-دوستلۇقنىڭ، يىلان-دۈشمەننىڭ، ھۆپۈپ-چېقىمچى، ھەسەتخورنىڭ، ئەژدىھا-ياۋۇزلۇقنىڭ، كاككۇك بىلەن زەينەپ ئۇز ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ساداقەتمەن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان، بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، بەزىلىرى باشقا خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئەنئەنىسى سۈپىتىدە كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرگەن. بىز يەنە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىن ئوخشىتىش، سىمۋول، مېتافورا، مېتونومىيە، ئېپىتېت، ئېفېمىزم، جانلاندۇرۇش قاتارلىق مەجازىي ۋاستىلارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئۈلگىلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

ئۆرۈك باشى قازلايۇ
ساغراق تولو كوزلەيو
ساقىنچ قوزى كىزلەيو
تۈن - كۈن بىلە سەۋنەلىم

مەنىسى: (ئەۋرىق بويىنى غازغا ئوخشايدۇ
لىق تولغان قەدەھ كوزگە ئوخشايدۇ
قايغۇ گويا ئۇنىڭ تەگىگە كومۈلدى
كىچە ـ كۈندۈز شاتلىنايلى)

ياراتتى ياشىل چەش
ساۋۇردى يۈرۈڭقاش
تىزىلدى قارا قۇش
تۈن ـ كۈن يۈز، يوركە نۇر

(ئاسماننى خۇددى زۇمرەتتەك گۈزەل ياراتتى ـ يۇ
ئۈستىگە يۈرۈڭقاش (قاشتېشى، ئۈنچە مەرۋايىت) نى
چاچتى ۋە قارا قۇش (تارازا ـ مىزان) يۇلتۇزىنى تىزدى.
تۈن پەردىسىنى كۈن ئۈستىگە ياپتى)

«دىۋان» ئىچىدىكى بۇ قوشاقلاردا سىمۋول ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇنداق مىساللار ھازىرغىچە خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشا ـ قوشاقـ لار ئىچىدە ناھايىتى كوپ ئۇچرايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدىبىياتى بەدىئى ۋاستىلار جەھەتتە خەلق قوشاقلىرىدىكى بۇ خىل سىھرى كۈچكە ئىگە گۈزەل ۋاستىلاردىن يېتەرلىك ئوزۇقلۇنۇپ، شېئىرىيەت دۇنياسىدا شوھرەت تاپقان. مىسال ئۈچۈن پەقەت «قۇتاد قۇبىلىگ» داستانىدىكى مۇنۇ پارچىلارنى كورسەك كۇپايە.

ئىرىنچىغ قىشىغ سۇردى يازقى ئەسىن
ياروغ ياز يانا قۇردى دەۋلەت ياسىن

ئېغىمىزدىم

(مەنىسى ـ باھار شامىلى كورۇمىسىز قىشنى ھەيدىدى
نۇرلۇق باھار دولەت ئوقىياسىنى بەتلىدى)

قالىق قاشى تۇكدى، كوزى ياش ساچار

ستاپورا

چىچەك يازدى يۈز، كور، كۈلەر قاتغورار

ئېيىتىت

(مەنىسى ـ ئاسمان قاپىغىنى تۈرۈپ كوزدىن ياش توكتى
كورگىنكى، چېچەكلەر گۈل ئېچىپ، قاھ ـ قاھلاپ كۈلدى)

(«قۇتاتقۇ بىلىگ» دىن)

ياكى

كۆزۈڭ نەرگىس، ئۇزارىڭ گۈل، قەدىڭ سەرۋى، ساچىڭ سۈمبۈل
ئوخشىتىمىش
بوزوغ كۆڭلۈم خىيالىدىن بۇلارنىڭ تورفە باغ ئولمىش

سىمۋول
(«ناۋايى» غەزەللىرىدىن)

بۇ خىل مەجازى ۋاستىلارنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئىپادىلىنىش شەكلى بىلەن خەلق قوشاقلىرىدا كەڭ جارى قىلىنغان تەسۋىرى ۋاستىلار مەنتىق جەھەتتىن زىچ باغلىنىشچانلىققا ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئى شەكىل جەھەتتە كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان ئاكتىپ تەسىرىنى تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىدىن تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئاتاغلىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىن ئۇزۇن يىللار داۋامىدا تاۋلانغان ۋە تاللانغان سوز گوۋھەرلىرىنى تاللاپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە سىڭدۇرۇش ئارقىلىق خەلق تىلىنىڭ غايەت زور كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ. رۇس ئەدەبى تىلىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئۇستازى پوشكىن كوپ قېتىم مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەدەبىيات پەقەت خەلق قوشاقلىرى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ بىرلەشكەندىلا، ئاندىن گۈللەپ- ياشنايدۇ، يازغۇچى پەقەت خەلق سەنئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، خەلقنىڭ تىل مۇناسىۋىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ تىل سەنئىتىنى ئىگەللىيەلەيدۇ.»① دەرۋەقە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا شوھرەت تاپقان يازغۇچى- شائىرلارنىڭ بەدىئى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتە خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان جانلىق، ئوبرازلىق، ئىپادىلەش كۈچى يۇقۇرى تىل جەۋھەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئۇنۇملۇك ئىشلەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بولۇپمۇ گەۋدىلىك بولغىنى، ئۇيغۇر خەلقى ئەسىردا تاۋلىنىپ يۇغۇرۇلغان تىل جەۋھىرى ھېساپلانغان خەلقنىڭ ماقال- تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك ئىبارىلىرىدىن كىلاسسىك شائىرلىرىمىز ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاممىباپلىققا ۋە ئىخچاملىققا ئىگە قىلغان، شېئىرى مەزمۇنىنى تېخىمۇ كونكىرتلاشتۇرغان ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغان؛

«ئوقۇشلۇغ ئۇقار ئول، بىلىگنىڭ بىلىر
بىلىگلىگ، ئوقۇغلى تىلەككە تەگىر»

X X X

① «پوشكىن ۋە خەلق ئەدەبىياتى»، «سوۋىت خەلق ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى». خەنزۇچە 121- بەت.

ئۇقۇش① كوركى تىل ئۇل، بۇ تىل كوركى سوز
كىشى كوركى يۇز ئۇل، بۇ يۇز كوركى كوز
(«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىن)

ئاياقىغە تۇشەر ھەر لەھزە گېسو ②
مەسەلدۇر كىم: «چىراق توبى قاراڭغۇ»
كوزۇڭ قانىمدىن ئەيمەنمەس، ئەجەبدۇر
كى: قورقار قايدا كىم قان كورسە ھىندۇ»③
(«لۇتفى غەزەللىرى»دىن)

غۇربەتتە غەرىپ شادىمان بولماس ئىمىش
ئېل ساڭا مۇشفىق، مېھرىبان بولماس ئىمىش
ئالتۇن قەپەز ئىچرە گەر قىزىلگۇل بوتسە
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش
(«ناۋايى رۇبائىلىرى»دىن)

شەكىل جەھەتتىن شۇ نەرسە خاراكتېرلىككى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى (كوپرەك لىرىك قوشاقلار) مەزمۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ھەربىر كوبلېت ئوز ئالدىغا مۇستەقىل مەناغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئوزىدىن باشقا قوشاقلار بىلەن مەزمۇن ۋە غايە جەھەتتىن ھېچقانداق باغلانمايدۇ. ھەر بىر كوبلېت قوشاقنىڭ مۇنداق مەزمۇن ئورگىناللىقى كېيىنچە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغا ئىجادى تەسىر كورسۇتۇپ، رۇبائى، تۇيۇق ۋە قىتئە قاتارلىق شېئرىيەت تۇرلىرىنى بارلىققا كەلتۇردى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ تۇرلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىگىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، شۇبھىسىزكى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىجابى تەسىرىدىن يىراقلاشمايدۇ.

مەلۇمكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شۇ خەلقلەرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر ماپەينىدىكى تەبىئەت ۋە جەمىيەت ھەققىدىكى كوز قاراشلىرى ۋە ئىستىتىك غايىسىنىڭ بەدىئى ئىنكاسى بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇ ئەڭ روشەن مىللى ئالاھىدىلىك ۋە مىللى ئۇسلۇبقا ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مىللى ئالاھىدىلىگى ۋە مىللى ئۇسلۇبى ھەققىدە توختالغاندا ئۇنىڭ ئىجتىمائى مەنبەسىنى ۋە بەلگۇلىرىنى يەنىلا شۇ خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا گەۋدىلەنگەن مىللى ئالاھىدىلىك ۋە مىللى ئۇسلۇبقا نەزەر تاشلىساق، تەبىئىكى، ئۇنىڭ ئاساسى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا

① ئوقۇش - ئېقىل - ئىدرەك،
② گېسو - ئورۇمە چاچ، ئۇزۇن چاچ.
③ ھىندۇ - «قاندىن قورقمايدۇ» دىگەن تەمسىلنى كورستىدۇ،

ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ تېخىمۇ بېيىغانلىقىنى كۆرىمىز.

دىمەك، دۇنيانىڭ پوئېزىيە تارىخىدا خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئەسەر يازغان شائىر بولمىغىنىدەك، ئۇيغۇر يازما شېئىرىيەت تارىخىدىمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە (تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بولغان ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرمەي تۇرۇپ نەتىجىلىك ئەسەر ئىجاد قىلغان شائىرلارنى ئۇچرىتىش قىيىن.

مەيلى قانچىلىك تالانتلىق يازغۇچى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ تىل غەزىنىسىدىن ئايرىلمايدۇ. «تىل سەنئىتىنىڭ تۈگۈنى خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە» (گوركى) يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ خەلق ئېغىز سەنئىتىدىن ئايرىلىشى خۇددى ئىنسانلارنىڭ ھاۋا ۋە سۇدىن ئايرىلغىنىغا ئوخشاش. مانا بۇلار يازما ئەدەبىيات تارىخىدا يەكۈنلەشكە تىگىشلىك بىر قانۇنىيەت.

## § 2 - يازما ئەدەبىياتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى

ئېلىمىز تارىخىدا ھەر قايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپ قىسمى پەقەت ئەدىپلەرنىڭ خاتىرىلەپ رەتلىشى ئارقىلىق ساقلىنىپ قالدى.

ناۋادا ئەدىپ ۋە يازغۇچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى بەزى ئۈلگىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ ۋە تەھرىرلەپ خاتىرىگە ئېلىپ قويمىغان بولسا، تارىخى ۋە ئىجتىمائى ئۆزگۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشى ناتايىن ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدا يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ئىككى تەرەپلىمە بولىدۇ.

### 1 - يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ساقلاش ۋە ئۈستۈرۈشتىكى رولى

خەلق ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ۋە ئۇزاق داۋاملىشىپ كەلگەن ئېغىز ئەدەبىيات ماتېرىياللىرى پەقەت يازغۇچىلار (يازما) ئەدەبىياتى ۋە تارىخى ۋەسىقىلەر ئارقىلىق ساقلىنىپ كەلدى. قىسقىسى تارىختىن بۇيان يازغۇچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ساقلىغۇچىسى ۋە ئاسرىغۇچىسى بولۇپ كەلدى. يەنى بەزى ئۇلۇق يازغۇچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تولۇقلاپ بېيىتتى ۋە يۇقۇرى كۆتەردى، بۇ ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. مۇشۇ ئاسرىغۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچى ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا قەدىمقى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە قوشاقلارنىڭ تىلى ۋە بەدىئى شەكلىدىكى گۈزەللىككە تۈنجى قېتىم

جەھەتلەردىكى تەبىئى قانۇنىيەت ئۈستىدىن قىممەتلىك خۇلاسە چىقىرىلىدىغان باي ماتېرىيال بولىدۇ، ھەمدە بۇ ئىككى مىڭ يىل ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قېرىنداش مىللەتلەر ئارا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىرى تارىخنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان تەبىئى گارمونىيەلىك قانۇنىيەتكە ئىگە. ئۇ خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيىتىنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىق خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بولۇپمۇ بوئېتنىك تەركىب جەھەتتىن قانداش بولغان، دىنى-ئېتىقادى، ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرى ئورتاق بولغان ھەمدە، ئۆز ئارا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەردە نىسبەتەن گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن؛ جەنۇبىي جۇڭگونىڭ تاغلىق ۋە ئورمانلىقلىرىدا ياشىغۇچى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئوخشاش، ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئانا ماكان قىلغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەم كۆپلىگەن ئورتاقلىقلار مەۋجۇت، مەسىلەن: قەدىمقى «توتېم ئەپسانىسى»، «تۇمارىس رىۋايىتى»، «شىراق ئەپسانىسى»، «ئوغۇزنامە» ئېپوپېيىسى، «ئەرگىنەقۇن ھېكايىلىرى»، «ئالىپ ئەرتوڭا رىۋايەتلىرى»، «دەدە قورقۇت داستانلىرى»، «گور ئوغلى تۈركۈمىدىكى داستانلار»، «ئالپامىش» داستانى، «مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى»، «رۇستەم» ۋە «جەمشىت» ھەققىدىكى ھېكايەتلەر، «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «تاھىر - زوھرا»، «يۈسۈپ - ئەھمەت» قاتارلىق داستانلار بىر خىل شەكىلدە ياكى ئۆزىگە خاس ۋارىيانت بىلەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن، قازاق، ئەزەربەيجان، قاراقالپاق، باشقىرت ... لاردىن تارتىپ، ھەتتا ئەرەپ، پارسلار ئارىسىغىچە كەڭ تارقالغان بولۇپ، مىللەت ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ھېكايە - چۆچەكلەر، قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەر قاتارلىق تۈرلەردە بۇنداق ھالەتنى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى ئايرىشتا ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىدىكى پەرقلەردىن باشقا، مۇھىمى، شۇ ئەسەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى دەرىجىسىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## § 3 - مىللەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز - ئارا باغلىنىشى ۋە تەسىرىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى

ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشى ۋە ئۆزئارا تەسىرى قانداق كېلىپ چىقىدۇ؟ ئۇ قانداق قانۇنىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ بۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە. بۇ ھەقتە بىر نەچچە يۈزەكى تونۇشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى؛

1 - ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىرى

تاسادىپى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان بولماستىن بەلكى ئۇزۇن مۇددەتتە شەرتلىك ۋە تەبىئى ھالدا ئېلىپ بېرىلغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقە ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشىدىكى ئاساس. مىللەتلەر ئارىسىدىكى ھەر خىل ئالاقىنىڭ يوللىرى ۋە شەكلى ئوخشاشمىغانلىقتىن، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش شەرتلىرى ۋە سەۋەپلىرىمۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان خەنزۇلار مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن سىرت، ئېلىمىزدىكى 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئاساسەن چېگرا رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان. جەنۇبى جۇڭگو، شەرقى شىمال رايونلاردا بولسا خەنزۇلار بىلەن باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر گىرەلەشكەن ھالدا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. نەتىجىدە تارىخىي شارائىت ئاستىدا شەكىللەنگەن بۇنداق تەبىئى مۇناسىۋەت ھەر قايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئېلىمىز تارىخىدا خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان چوڭ-كىچىك ئۇرۇشلار ئىلگىرى-ئاخىرى كۆپلەپ يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلار خەلققە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن بەلگىلىك شارائىتتا، مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. ئېنگېلس: «ئۇرۇشنىڭ ئۆزى يەنىلا بىر خىل نورمالنى ئالاقە شەكلىدۇر» دېگەن ئىدى. بۇ نۇقتىدا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تارىختا يۈز بەرگەن ھەر خىل ئۇرۇشلار مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. يۈننەننىلا مىسالغا ئالساق، «تارىخى خاتىرىلەر، غەربى جەنۇپ ئەللىرى تارىخى» دا «يۈننەندىكى جۇاڭچياۋ شاھ» توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. جۇاڭچياۋ قول ئاستىدىكى 120 مىڭ لەشكىرى بىلەن ھەربى كېيىمنى تاشلاپ، پۇخراچە كىيىنىپ يۈننەندە يەرلىكلەشكەن بولۇپ، ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا يۈننەندىكى ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىرىنچى تۈركۈم خەنزۇلار ئىدى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئالاقە ئارقىلىق «ئۈچ دۆلەت قىسسىسى»، «سۇ بويىدا»، «باۋگۇڭ»، «مىڭ جاڭنوي» قاتارلىق رىۋايەت، ھېكايىلار يۈننەندىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تۈردە تارقالغان.

4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فىنچېڭ (ھازىرقى داتوڭ شەھرى — ئا) نى پايتەخت قىلىپ، جۇڭگو تارىخىدا شىمالى ۋېي خانلىقى دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇرغان سيانبىپلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان توبالار ئىلگىرى — ئاخىر 149 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاخىرى پۈتكۈل قەبىلە بويىچە خەنزۇلىشىپ كەتكەن ئىدى. جۇڭگو تارىخىدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار شۇنى ئىسپاتلايدىكى، ئىنسانىيەت ئالەمدە ھېچقانداق ساپ قان بولمىغىنىغا ئوخشاش مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ (بولۇپمۇ خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا) نوقۇل ھالدىكى مۇتلەق ساپ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھامان مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزئارا بىر-بىرىگە چوڭ ياكى كىچىك، يىراق

ياكى يېقىن، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئالمىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز ئارا قوشۇلۇش جەريانلىرىمۇ مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. تارىختا ئۆتكەن كۆپلىگەن سۇلالىلەر (بولۇپمۇ خەن سۇلالىسى دەۋرى) چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئۆز ئارا قوشۇلۇش سىياسىتىنى قوللانغان ۋە بۇ ئارقىلىق شەكىللەنگەن مۇناسىۋەت نەتىجىسىدە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىمۇ ئۆز ئارا ئالماشقان. تارىختا مۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ مىساللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، خەن ۋۇدى مىلادىدىن 106 يىل بۇرۇن ئۆزىنىڭ تۇغقىنى ليۇمەن ئاتلىق بەگنىڭ قىزى شىجۈننى ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىدۇ. مەلىكە شىجۈن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىدىن يۈز يىللار بۇرۇن خەن ۋۇدى يەنە ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ قىزىدىن جەيېۋ ئاتلىق مەلىكىنى ئۇيسۇنلارغا ياتلىق قىلىدۇ. (ئۇيسۇن خانى ئۇنىڭغىمۇ ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغۇلىدۇ) مەلىكە جەيېۋ ئۇيسۇنلار ئېلىدە ئەللىك يىلچە تۇرغان. ئۇ بۇ جەرياندا ساداقەت بىلەن ئىشلەپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى - جەنۇبىدىكى قىزىل قورغاننى پايتەخت قىلغان، شۇ چاغلاردا 630 مىڭ ئاھالىسى ۋە يۈزمىڭغا يېقىن ھەربى قوشۇنى بولغان ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ يولىنى ئاچقان. ئومۇمەن ئەشۇ دەۋرلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەمىشە ئوتتۇرا ۋە جەنۇبى چوڭ تۈزلەڭلىككە تەھدىت سېلىۋاتقان كۈچلۈك ھۇن ئىمپېرىيىسىگە قارىتا خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىتى ئاساسەن قوشۇلۇش يولى بىلەن ئارىنى يېقىنلاشتۇرۇش ۋە ئىتتىپاقلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى.

بۇ خىلدىكى قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى قەدىمقى چاغدىكى تارىخىي شارائىت بويىچە، بىر خىل سىياسى مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، مەدەنىيەت بولۇپمۇ خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىدىكى قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مىللىي ئېيتىشنىڭ شەكىللىرى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدىكى بىر مەيدان بولدى، يەنى مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بەزمىلەر، مىللىي بايراملار مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى ئالماشتۇرۇشتىكى جانلىق يىغىنىدىن ئىبارەت بولدى. مەسىلەن: گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنخۇاشەن تېغىدىكى «گۈل بەزمىسى» دە ھەر يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېلىشى بىلەنلا، ھەر مىللەت خەلقى تاغ قاپتىلىغا توپلىشىپ، سەيلى قىلىپ بېيىت ئېيتىشىدۇ. تۆت كېچە - كۈندۈز ناخشا ساداسى ئۈزۈلمەيدۇ. قاتناشقۇچىلار ئىچىدە خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن باشقا زاڭزۇ، تۇزۇ، دۇڭشاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە ئېيتىش ئەدەبىيات پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنى-

شىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئىپتىدائىي تىل مەنبەسىنىڭ بىر بولىشىدەك ئوبيېكتىپ
شارائىتمۇ شۇ مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
مىللەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، ھەر قايسى مىللەتلەر بىر
ياكى بىر قانچە ئۇرۇق ئايماق ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەدرىجى قوشۇلىشى، بۆلۈنۈ-
شى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ئەسلىدە بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە-
گە تەۋە بولغان بەزى مىللەتلەر تىل، ئۆرپ-ئادەت، ئېيتقات، پىسخولوگىيە جەھەتلەردە
تەبىئى ئورتاقلىققا ئىگە بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمىيەت توغرىسىدىكى ئەپسانە-
لىرىمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ھېكايى-
لىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، شۇنى بايقاپ ئالالايمىزكى، ئوخشاش بىر تىل
سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش شەكىلدىكى ئەسەرلىرى كۆپرەك بولىدۇ. مەسىلەن،
مياۋزۇ، ياۋزۇلار ئەسلىدە قانداش قەبىلىلەر بولۇپ، كېيىن جۇغراپىيە شارائىتى، تەبىئى
شارائىتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن تەدرىجى ھالدا ئىككى مۇستەقىل مىللەت بو-
لۇپ شەكىللەنگەن، ئۇلار ئوخشاشلا خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىستېمىسىنىڭ مياۋزۇ-ياۋزۇ
تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر
كۆپ ئۇچرايدۇ. شىۋەلەر بىلەن مانجۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ئوخشاش، تىلىمۇ يېقىن
بولۇپ ھەر ئىككىسىلا ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۇڭغۇس-مانجۇ تىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ.
ئۇلاردىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ يېقىن. مانجۇ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ بىر-
بىرىگە سىڭىپ كېتىشى بىلەن خەنزۇ ھېكايىلىرىنىڭ كۆپى مانجۇ تىل-يېزىقىنى بىلىدىغان
شىۋەلەر ئارقىلىق كەڭ شىۋە خەلقى ئارىسىغا تارقالغان. موڭغۇل، داغۇر، تۇزۇ قاتارلىق
مىللەتلەر ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىل ئائىلىسىگە تەئەللۇق بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر خەن-زاڭ تىل سىستې-
مىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق،
قىرغىز، ئۆزبېك، تۈرك، ئەزەربەيجان، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئالتاي تىل سىستېمى-
سىنىڭ تۈركى تىل ئائىلىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاقلىققا ئىگە بولغان
ئەپسانە-رىۋايەتلىرى باشقا تىل سىستېمىسىدىكىلەردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ھادىسىلەر مىللەت-
نىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە تىل مەنبەسىنىڭ بىردەكلىكى ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئوخشاشلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دىنىنىڭ
تارقىلىشى ھەر قايسى مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەلۇمكى، دىن
بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، شۇنداقتىمۇ ئۇ خەلق ئەدەبى-
ياتىنىڭ ساقلىنىشى ۋە تارقىلىشى، ئۆز-ئارا ئالمىشىشىدا خېلى ئاكتىپ رول ئوينىدى.
مەسىلەن: ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە تەسىرى زور بولغان بۇددا دىنى شەرقى خەن
سۇلالىسى دەۋرىدە ھىندىستاندىن ئېلىمىزگە تارقالغان ئىدى، (شىنجاڭ ئارقىلىق كىرگەن)
ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت بۇددىستلىرى بۇددا دىنىنى تەرغىپ قىلىش جەريانىدا ھەمىشە

ئۆز مىللىتىنىڭ خەلق ھېكايىلىرىنى دىنى ئەقىدە تەرىقىسىدە بىرگە تەشۋىق قىلاتتى. نەتىجىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەر ئارىسىدا مەزمۇن ۋە ۋەقەلىكلىرى ئوخشاپ كېتىدىغان ئەپسانىۋى رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە دىنى تۈس تېخىچە ساقلانماقتا.

2. ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى تەڭ نىسبەتتە بولمايدۇ، تەرەققىياتىمۇ ئوخشاش ئەمەس، ھەر قايسى مىللەتلەر ھامان باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى بېيىتقان ۋە تەرەققى قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئۆز ئارا تەسىر ئەلۋەتتە تەڭ نىسبەتتە بولمايدۇ. مەسىلەن، بەيزۇلارنىڭ يۈننەندىكى باشقا مىللەتلەرگە بولغان تەسىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركى مىللەتلەرگە بولغان تەسىرى چوڭراق ھەم چوڭقۇرراق بولغان.

ماركس «ماددى تورمۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى پۈتكۈل ئىجتىمائى تۇرمۇش، سىياسى تۇرمۇش ۋە مەدەنى تۇرمۇشنىڭ جەريانىنى شەرت قىلىدۇ» ① دېگەن ئىدى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىنىڭ تەكشىسىزلىگىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر ئىلغار بولغان مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولغان مىللەتلەرگە بولغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭراق ۋە چوڭقۇرراق بولىشى مۇمكىن (لېكىن بۇمۇ مۇتلەق قانۇنىيەت ئەمەس) ھەر قايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىدىكى بۇ خىل تەكشىسىزلىك، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىجتىمائى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى دائىم دېگىدەك ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ئىدىيىۋى ئارزۇلىرى، پسىخىك تۈيغۇسى ۋە سەنئەت ئەنئەنە-لىرىگە ئاساسەن ئىجادى ئۆزگەرتىلىپ روشەن مىللى تۈسكە ئىگە قىلىنىدۇ.

خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، تۇرمۇش دەرسلىكى بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەر باشقا مىللەتنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى قوبۇل قىلىشتا ھامان ئۆز مىللىتى، خەلقىنى تەربىلەش ۋە كۆڭلىنى ئېچىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچ-قا، باشقا مىللەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى قوبۇل قىلغان ھەر قانداق مىللەت ئۇنىڭغا ئۆز-لىرىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ئىدىيىۋى ئارزۇلىرى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۆز خەلقى قوبۇل قىلىدىغان، لەززەتلىنەلەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ.

يوقۇرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشۇرۇلىشى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2-توم، 112-113-بەتلەر

بولۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەمەلىي ھادىسە. ئازاتلىقتىن بۇرۇن مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېزىشنىڭ مەۋجۇتلىقى تۈپەيلىدىن ھەر قايسى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلىشى خىلمۇ-خىل چەكلىمە ھەم توسالغۇلارغا ئۇچرىغان ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا مىللىي زۇلۇم بىكار قىلىنىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن مىللىي ئىتتىپاقلىق شەكىللەندى. ھەر قايسى مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلىشى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىلدى. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئومۇمەن مىللەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ پەيدىن-پەي بىرلىشىشكە قاراپ مېڭىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يوغۇرۇلۇشقا يۈزلىنىشى ھەر قايسى مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى. ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىمۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ تەدرىجىي ھالدا تارىيىشىغا ئەگىشىپ ئورتاق گۈللىنىش ھەتتا پەيدىن-پەي سىڭىشىپ كېتىش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى بىر ئۇزۇن تارىخىي جەريان بولۇپ، سىنىپ ۋە دۆلەت يوقالغاندىلا ئاندىن مىللەت يوقىلىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا گەرچە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مەلۇم تەرەپلەردە بىرلىشىش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈنلەي «سىڭىپ كېتىش» ئۈچۈن يەنە ئۇزۇن نەچچە ئەسىر ھەتتا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن تارىخىي دەۋرى سەرپ قىلىنىشى مۇمكىن، چۈنكى مىللەتلەر مەۋجۇت بولىدىكەن، مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىمۇ مەڭگۈ قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ ئەلۋەتتە.

سوتسىيالىزم دەۋرى — ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى. ھەر قايسى مىللەتلەر پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى بويلاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئاساستا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە ئۆگىنىپ، بىرلىكتە يۇقىرى ئۆرلىسىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى گۈللەپ-ياشناپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ، خالاس.

## 6 — باپ

# خەلق ئەدەبىياتچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى

مەلۇمكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاغزاكى كوللېكتىپ ئىجادىيىتى، شۇڭا ئۇ، ئومۇملۇق جەھەتتىن ھېچقانداق كىشىگە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بەرمەيدۇ. لېكىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش، تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىشىدىن ئىبارەت كونكرېت جەريانلىرىغا نەزەر سالساق، تارىختىن بۇيان خەلق ئاممىسى ئىچىدە بەلگىلىك سەنئەت ئىختىدارىغا ئىگە، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە باي، بىر قەدەر ئىلغار پىكىرلىك كۆپلىگەن خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار خەلق ئاممىسى ئىچىدە زور ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

خەلق سەنئەتكارلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە سەنئەت ھۆسنىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئىجادكارلىرى ۋە تەشۋىقاتچىلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە خەلقنىڭ مىللىي مەدەنىي مەراسلىرىنىڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىلىرى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىجادىي قۇيۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ ئۆزىدە نامايان قىلغان. شۇڭا ئۇلار ياراتقان ئەسەرلەر شۇ ھامان خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كوللېكتىپنىڭ مەنىۋى مۈلكىگە ئايلانغان. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ (ئاساسەن خەلق قوشاقچىلىرى، ناخشىچىلىرى، ھېكايىچىلىرى، لەتىپىچىلىرى، ۋە ئەلنەغمىچىلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، تەرەققىيات ئەھۋالى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رولى قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق ھالدا ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر. پەقەت شۇ چاغدىلا پۈتكۈل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىستىقبالىنى توغرا ئىزاھلاپ بېرەلىگىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە بىز بۇ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. قسقىچە بايان

ئېلىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا كۆپلىگەن خەلق قوشاقچىلىرى، ناخشىچىلىرى، ھىكايىچىلىرى (مەدداھلار) ۋە ئەلنەغمىچىلىرى ... ئۆتكەن بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

قەدىمقى جەمىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ تونۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشىنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن «ئىلاھلاشقان» پىرخۇنلار مەيدانغا چىقتى. بەزى تارىخى ماتېرىياللار ھەم ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا پىرخۇنلارنى ئىنسانلار جەمىيىتىدە ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا چىققان «مەدەنىيەتلىك كىشىلەر» دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار پال ئېچىش، چۈش ئورۇش، تارىخ يېزىش، تىبابەتچىلىك قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئورۇقداشلىق جەمىيەتتە، ئۇلار بىر تەرەپتىن دىنى ئۇستاز ھەم سىياسى رەھبەر بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەۋلىيالارغا «سېغىنغۇچى» ناخشا - ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ باشلامچىسى ئىدى. پىرخۇنلۇق بولۇپمۇ خەنزۇلار ئارىسىدا قەدىمقى دەۋرلەردە بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئەينى ۋاقىتلاردا بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. چىڭ دەۋرىگە مەنسۇپ بەزى خاتىرىلەردە مۇنداق يېزىلغان «پىرخۇنلار توپى داقا - دۇمباق، چاڭ، نەي قاتارلىق سازلارنى چېلىپ، ئۇنىڭغا تەگكەش قىلغان ھالدا رەت بويىچە بىر - بىرىگە قول تۇتۇشۇپ بىر تەرەپتىن پىر (ئۇسسۇل) ئوينىسا، بىر تەرەپتىن زىكرى قىلىپ (ناخشا ئېيتىپ) «ئەرۋاھلارنى»، كىشىلەرنىمۇ خۇشاللاندۇراتتى. ئۇلار بەزىدە يالغۇز، بەزىدە بىرلىشىپ ئوقۇيتتى. بەزىدە توپ بويىچە، بەزىدە يالغۇز پىر ئويناتتى. لىرىكىلىق ئېيتىشلارمۇ، بايان خاراكتېرلىك زىكرى سىلىشمۇ بار ئىدى ........ بۇلار مەزمۇنغا باي، شەكلى جانلىق بولۇپ، سەنئىتى خېلى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى. پىرخۇنلارنىڭ بۇ خىل سەنئىتى زور جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلگىلىك دەرىجىدە بەدىئىي ئۇزۇقلاندۇرۇش كۈچىگىمۇ ئىگە ئىدى»① شۇڭلاشقا ئۇچۇن پىرخۇنلار قەدىمقى دەۋردىكى خۇداغا باش ئۇرۇپ كوكۇل ئاچىدىغانلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ناخشىچىلىرى ۋە ئۇسسۇلچىلىرى بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن «پىرخۇنلار سەنئىتى» ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. چۈنكى ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردە فېودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرىدىغان دىنى پائالىيەت قورالىغا ئايلىنىپ كەتتى. كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدىن ئاز بولمىغان خەلق سەنئەتكارلىرى چىققان بولسىمۇ ئوتمۇش قاراڭغۇ جەمئىيەت ئۇلارغا چىقىش يولى بەرمىگەچكە، ھامان «تىلەمچى ناخشىچىلار» بولۇپ قالغان

① «دوڭ خۇاڭ تەيىپى»، «دوگچۇن»، «لى خۇن» دىگەن شېئىرلاردىن ئېلىندى.

ئىدى. چۈنكى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆپچىلىگى نامرات ئائىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئىجتىمائى ئورنى تۆۋەن ئىدى. بۇ هال ئۇلارنىڭ كەڭ ئەمگەكچى ئامما بىلەن تەقدىرداش بولۇپ خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئاساس بولدى.

سۇڭ سۇلالىسى ۋە يۈەن سۇلالىسىدىن تارتىپ شەهەر قاتلاملىرىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، بازارلاردىكى هىكايە ئېيتىش، ناخشا ئېيتىش سەنئىتى كۆنسايىن ئاۋاتلىشىپ، ئۇرغۇنلىغان ئاتاغلىق ناخشىچى ۋە هىكايە ئېيتقۇچى سەنئەتكارلار بارلىققا كەلدى. قەدىمقى دەۋردە ئۆتكەن بۇخىل سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ هەرخىل زىددىيەتلەردىن خالى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۆپرەك هازىرقى زامان خەلق قوشاقچىلىرى، ناخشىچىلىرى ۋە هىكايىچىلىرى ئۈستىدە مۇلاهىزە يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ دەۋردىكى خەلق سەنئەتكارلىرى كۆپرەك سانائەت ئىشچىلىرى، دىخانلار ۋە هەربىلەر ئارىسىدىن چىققان بولۇپ، يەنە مەخسۇس كەسپى خەلق سەنئەتكارلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«خەلق سەنئىتىنىڭ ئۈچىغى» بولۇش سۈپىتى بىلەن مەشهۇر بولغان شىنجاڭدىكى هەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇزاق تارىخى جەريانلاردا ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانسىنپلارنىڭ زىيانكەشلىگى، جاهالەتلىك ئۆتمۈشتە خەلق ئاممىسىنىڭ ساۋاتسىز قېلىشى نەتىجىسىدە خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ نامى، ئەسەرلىرى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتكەن ياكى پەقەت يۈزەكى ئىزىلا قالغان.

بۇرۇن ياشىغان كۈچارلىق سۇجۇپ (Sujup) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشهۇر ناخشىچىسى، مۇقامچىسى ۋە مۇزىكا كەشپىياتچىسى سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. سۇجۇپ كېيىنكى جۇ دەۋرىدە جۇۋۇۋى پادىشانىڭ (561 - 578 - يىللار) تەختتە تۇرغان يىللىرى ئارىسىدا 571 - يىلى چاڭئەنگە بېرىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسۇل مۇزىكىسىنى كەڭ تارقاتقان، كۈچاردا ئۇنىڭ دادىسى مۇزىكا پىرى دەپ ئاتىلاتتى، سۇجۇپنىڭ «5 تارانە 7 ئاۋاز قانۇنى» بولغان. هەر بىر تارانە بىر ئاهاڭ (Jhat) شەكلى بولۇپ، ئۆز ئىچىدىن 7 ئاۋاز باسقۇچقا بۆلۈنۈپ، جەمئى 35 ئاۋاز بولەكلىرىگە ئايرىلغان.

7 ئاۋاز 12 تېپىپلىق كۈي قانۇنى كۈچار مۇزىكىسىنىڭ كۆيشۇناسلىق ئاساسى بولۇپ، ئۇمۇملۇق جەهەتتىن، پۈتۈن غەربى رايون مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسى بولغان. تۇرپان، قەشقەر، خوتەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزى ئاسىيا خەلق مۇزىكىلىرى ئەنە شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان.

سۇجۇپقا ئەگىشىپ چاڭئەنگە بارغان ئاقارى ماندا (بەي مىندا) مۇ كۈچار مۇزىكانىتلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ سۇي دەۋرىدە شوهرەت قازانغان خەلق سەنئەتكارى. ئۇ تاڭ دەۋرىدىمۇ داۋاملىق مۇزىكىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. سۇي ياڭدى (605-618 - يىللار) نىڭ بۇيرىغى بىلەن بەي مىندا شۇ دەۋردە خەلق ئارىسىغا كەڭ تار-

قالغان 15 نەزمىگە نەغمە ئىشلەپ بەرگەن. سۇجۇپ ۋە بەي مىندا ئاساسەن مۇزىكاشۇناسلىق بىلەن شوھرەت قازانغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتلاردا ناخشا - ئۇسۇل ۋە مۇزىكا ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىدە بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمقى ئۇستازلىرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، كۇچارنىڭ ھازىرغىچە خەلق سەنئىتى جەھەتتە ئۆلگىلىك رول ئويناپ كېلىۋاتقانلىقى ئەشۇ سەنئەت ئەنئەنىسىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا چۈچۈ ئىسىملىك ئۇيغۇر خەلق شائىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىبلىئوگراپىيىسى ۋە قوشاقلىرى بىزگە نامەلۇم. يەنە باشقا كىتاپلاردا پىراتىيايا، ئاسىخ - تۇتۇڭ، چىبىسۋا تۇتۇڭ، قالىم قايىشى قاتارلىق خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ئۆتكەنلىكى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار بار.①

بۇ يەردە يەنە ئايرىلمىغان بىر مەسىلە باركى، قۇچۇ ئىدىقۇتلىقىغا تەئەللۇق بولغان «قەدىمقى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» («تۇرپان تېكىستلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ خاراكتېرى ھەققىدە دۇنيا ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. ئاتاغلىق تۈركلوگ رىشىت رەخمەت ئارات «تۇرپان تېكىستلىرى» نى خەلق قوشاقلىرى قاتارىدا مۇھاكىمە قىلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچىمۇ «تۇرپان تېكىستلىرى» خاراكتېر جەھەتتىن خەلق ئاغزاكى ئىجادىغا مەنسۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى قوشاقلا ئەينى دەۋردە ئۆتكەن ئاتاغلىق خەلق شائىرلىرىنىڭ ئىجادى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: «قەدىمقى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» ئىچىدىكى بىر مۇھەببەت قوشىقىنىڭ ئاخىرىدا ...tükədi aprinqor tigin (ئاپرىنچور تېگىننىڭ (قوشىقى) تۈگىدى...) دېگەن مىسرا بار. بىز مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسەن بۇ قوشاقنىڭ ئىجاتچىسىنى ئاپرىنچور تېگىن دەپ بېكىتىشكە ھەقلىقمىز. ھازىرغىچە، ئاپرىنچور تېگىننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرىگە دائىر خاتىرىلەر تېپىلغىنى يوق. لېكىن قوشاقتىكى بەزى مەزمۇنلارغا (مەسىلەن: مانى دىنىغا ئائىت مەزمۇنلارغا) ئاساسەن، ئۇنى 9 - 10 - ئەسىرلەردە قۇچو ئىدىقۇتلىقىدا ئۆتكەن خەلق شائىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ قوشاقنىڭ ئەسلى تېكىستى مۇنداق:

1. A............................

Adinqiq amrak

Amrək ɵzkiəm

2. Kəsinqiqimin ɵyu kədurar mən

Kədqurdukqa kaxi kɵrkləm

Kawixiksəyur mən

① ش. ئومەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلەر». «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1982 - يىل نەشرى. 94 - بەت.

3. ez amrakimən eyür mən
eyü əwirürmən edü...qün
ez amrakimin epük səyürmən

4. Barayin tisər baq amrakim
Baru yimə uməz mən
Baqirsəkim

5. Kirəyin tisər kiqigikiəm
Kirü yimə uməz mən
Kin yipər yidliqim

6. Yaruk təngrilər yarlikazun
Yawaxim birlə
Yakixipan adrilmalim

7. Küqlük prixtilər küq birzun
Kezi karam birlə
Külüxügin oluralim ①

بەنىسى:

1. ئاھ ...............
مىسلى يوق مېنىڭ يارىم ...
مېنىڭ سۆيۈملۈك جانىم ...

2. يارنى ئويلاپ ھەسرەتتە،
قاشى قارانى كورگەندە.
بىللە بولسام سوھبەتتە.

3. ئوز يارىمنى ئويلايمەن،
ئويلايمەنۇ - ئويلايمەن،
يارنى سويمەك ئىستەيمەن.

---

① لېكوكنىڭ 1919 - يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى» دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن قېزىپ تېپىلغان، تۈركى تىلدىكى مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.
II توپلام، 8 - 9 - بەتلەر.

4. كەتمەكچى بولاي دەيمەن،
گۈزەل يار كېتەلمەيمەن،
مەرھەمىتىڭ كۈتىمەن.

5. كىرەي دىسەم كىچىك مەن،
قېشىڭغا كىرەلمەيمەن،
مۈشكى ـ ئەنبەر پۇرايمەن.

6. نۇرلۇق تەگرى بۇيرۇسۇن،
يارىم خوش پېئىل بولسۇن،
مەڭگۈ مەن بىلەن بولسۇن.

7. تەگرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسۇن،
يارىم مەرھەمەت قىلسۇن،
كۈلە ـ كۈلە ئولتۇرسۇن.

مەزكۇر قوشاقنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر قەدىمقى خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاش تۇرىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، قەدىمقى دەۋر ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە خەلقىمىز ئارىسىدا كۆپلىگەن خەلق قوشاقچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئۆتكەنلىكى شۈبھىسىز. لېكىن ئۇلار ھەققىدە ھازىرغىچە قولىمىزدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. شۇڭا ئۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

«يەركەن سەئىدىيە خانلىقى» دەۋرىدە، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋارىسى ئابدۇرېشىتخان تەختتە ئولتۇرغان دەۋرلەردە (1570 - 1533 - يىللار) ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى ئىمكانىيەتلەر يارىتىلىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئاتاغلىق سەنئەتكارلارغا خېلى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈندى. ئابدۇرېشىت خان ئۆزىمۇ ئىقتىدارلىق شائىر ۋە سەنئەتخۇمار بولغانلىقى ئۈچۈن، داڭلىق خەلق شائىرى ۋە مۇقامشۇناس قىدىرخان ۋە ئامانىيسا (نەفىسە) قاتارلىق خەلق سەنئەتكارلىرىنى مەخسۇس ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا داڭلىق مۇزىكا قامۇسى — «12 مۇقام» نىڭ ئاھاڭ ۋە تېكىستلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە رەتلەشكە ئۇيۇشتۇردى. بۇ 12 مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

قىدىرخان شۇ زاماننىڭ داڭلىق شائىرى ۋە تالانتلىق مۇقامچىسى ئىدى. موللا ئىسمەتۇللا موجىزىنىڭ «تاۋارىخ موسىقىيون» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، شۇ زاماندا ئابدۇرېشىت خان تەسىس قىلغان «مۇزىكا مۇئەسسەسى» گە ئىراق، ئىران، خۇۋارەزىم، سەمەرقەنت، ئىستامبول، كەشمىر، ئەنجان، بەلخ، ھىندىستان، شىراز قاتارلىق جايلاردىن

ئۇرغۇن سازەندىلەر كېلىپ، قىدىرخاندىن مۇزىكا ۋە مۇقام ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر - قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتا 12 مۇقامنىڭ تېكىستلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، خەلق ئارىسىغا تارقالغان. مەسىلەن:

پەلەكتىن بىر سادا كەلمىش چېچىپ ھەردەم ھالاۋەتنى،
گاداي ئىزدەپمۇ جەننەتتىن تاپالماس ئۇ ساخاۋەتنى،
ئاتاقلىسا مۇنارىنى ياساپ كەۋسەرى ھەل تاشتىن
قىدىر ئۆلمەس مۇقام ئىچرە قىلىپ كۆمران جاھالەتنى

قىدىرخاننىڭ يەنە 12 مۇقام توغرىسىدا ئېيتقان مۇنداق قوشاقلىرى بار:

كەمبەغەل كىيسە كۆلانى،
شەيخلىرىنىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

بولۇپمۇ، بۇ دەۋردە ئامانىسانىڭ ئىجادى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئاتاقلىق ئىجاتچىسى ۋە رەتلىگۈچىسى ئامانىساخان مىلادى 1534 - يىلى دولاننىڭ (ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ) تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قۇمۇش مەھەللە (شاھ تاتا) يېزىسىدا كەمبەغەل مۇزىكانت ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئامانىسانىڭ ئاتىسى مەھمۇت ئاتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاغلىق خەلق سەنئەتكارى بولۇپ، دولان سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۇستازى ئىدى. دادىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئامانىسا 14 ياشقا كىرگەندە مۇزىكا ۋە ناخشىدا يۇقۇرى كامالەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇ شۇندىن باشلاپ، 12 مۇقامنى تەرتىپكە سېلىش، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە تېكىستلىرىنى يېڭىلاشقا كىرىشىدۇ. مەھمۇت ئاكا ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى قىدىرخان ئامانىسانىڭ بۇ ئۇلۇغ غايىسىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. ئەنە شۇ مەزگىللەردە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پۇخراچە كىيىنگەن ياش خانى ئابدىرىشىت خان ئادىتى بويىچە پۇخرالارنىڭ ھال - ئەھۋالنى ئىگەللەش ئۈچۈن چىققان سەپىرىدە، يىراق جاڭگالدىن يېگانە ماكان تۇتقان مەھمۇت ئاكىنىڭ ئۆيىدە ئامانىسانى ئۇچرىتىدۇ. تامدا ئېسىغلىق تۇرغان ساتارنى كۆرۈپ ئۇنى چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يوچۇن «مېھمان» نىڭ تەلىۋى بويىچە، ئامانىسا ساتارنى تۈزۈپ بولۇپ: «بىزنىڭ يۇرتىمىز چەتتەك ماكان،

... بىلگىنىمىز ئاز بىز ھەم ناتىۋان، دەپ قوشاق ئېيتىپ، پەنجىگا مۇقامىغا كامالىچە تارتىدۇ ۋە ئۆزى تۈزگەن مۇنۇ شېھرىنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ ئوقۇپ بېرىدۇ:

كىشى كەلدى جاھانغا، كوردى تەڭسىزلىك بالاسىنى،
خۇداۋەندە قوبۇل قىلغىن، پەقىرلەر ئىلتىجاسىنى،
ئادالەت بىرلە دۇنيادا ھوكۇم سۈرسەك ئۇلۇغ خىسلەت،
شۇڭا ئەل باشپانا دەرلەر دېيارىم يادىشاسىنى،
ئۇلۇغ ئابدىرىشىت شاھىنىڭ مۇبارەك نامى مەشھۇردۇر،
ئادالەت تەختىدە ئاڭلار ئىكەن، ئەلنىڭ ساداسىنى.
چىمەندە گۈل ئېچىلغاندا قىلۇر بۇلبۇل نىچوك تاقەت،
شۇ چاغ بۇلبۇل تۇرالامدۇ جاراڭلاتماي ناۋاسىنى!
ھەقىقەت ھەم ئادالەتنىڭ ئۇلۇغ سەردارىنى يادلاپ،
نەفسە چالدى شوكرانە قىلىپ پەنجىگاسىنى.

ئابدىرىشىت خان ئامانىساخانىنىڭ بۇ ئاجايىپ يۈكسەك تالانتىغا ھەيران قالىدۇ ۋە شۇنىدىن باشلاپ، ئۇنىڭغا مەھلىيا بولىدۇ. ئاخىرى "12 مۇقام" نى تەرتىپكە سېلىش مەقسىدىدە، ئامانىسانى مەلىكىلىككە قوبۇل قىلىپ، ئاتىسى مەھمۇت ئۇتۇنچى بىلەن بىرلىكتە، يەركەن خانلىق ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇ خانلىق ئوردىسىنىڭ مەخسۇس ھوجرىسىدا تۇرۇپ، مۇقامنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقنى كورسىتىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى داڭلىق سەنئەتكارلارنى توپلاپ، مۇقامنى رەتلەش ھەققىدە ئابدىرىشىت خانغا تەكلىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

دولان خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر قىزى ئامانىساخان فېئودالىزمنىڭ ئاسارەتلىك تۇمانلىرىنى بوسۇپ ئوتۇپ، "12 مۇقام" نى رەتلەپ قىلىپلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىش نىيىتىدە ئۆزى «ئىشرەت ئەنگىز» (كوگۇل ئاچماق) نامىلىق بىر مۇقام ئىجات قىلىدۇ. «تاۋارىخ موسىقىيۇن» دا خاتىرىلىنىشىچە ئۇ يەنە «دىۋان نەفسە» نامىلىق شېھىر توپلامى، «ئەخلاقى جەملىيە» (گۈزەل ئەخلاق) نامىلىق دىداكتىك ئەسەر، «شورۇلقولۇپ» (قەلبلەر كېڭىشى) نامىلىق ئەسەرلەرنى ئىجات قىلغانلىقى مەلۇم. ئامانىسا 1567 - يىلى بەختكە قارشى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولىدۇ.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىپ كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە داۋاملىق چوڭقۇر تەسىر كورسۇتۇپ كېلىۋاتقىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرى ۋە ئاتاغلىق قوشاقچىلىرى سادىر پالۋان ۋە نوزوگۇمنىڭ قوشاقلىرىدىن ئىبارەت.

## سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

سادىر پالۋان 1798 - يىلىنىڭ باھار پەسلىدە غۇلجا شەھىرىگە يېقىن موللا توختى

يۈزى يېزىسىدىكى كەمبەغەل دېھقان خوشېمەمەت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

سادىر كىچىكىدىن تارتىپ تېتىك، خوشخوي، ئېغىللىق، راست سۆزلۈك، كەسكىن مىجەزلىك، ھەققانىيەتچىل بالا بولۇپ ئۆستى. ئۇ بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا مەھەللىسىدىكى بوۋاي، مومايلاردىن نۇرغۇن ھېكايە ۋە چۆچەكلەرنى قوشاق ۋە ناخشىلارنى ئاڭلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىدى. ئۇ 15 يېشىدىلا بالىمان، نەي، راۋاپ قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى ئۆگەندى ۋە جاراڭلىق ئاۋازلىق ئۇستا غەزەلخان بولۇپ يېتىشتى.

مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى زۇلمىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىلى خەلقىنىڭ ئادالەتسىزلىك ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. نەتىجىدە 1851-يىلدىكى ئۇلۇغ «تەيپىڭ-تيەنگو ئىنقىلاۋى» نىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىمۇ ئارقا-ئارقىدىن مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى پارتلاپ چىقتى. قاتمۇ-قات زۇلۇم دەستىدىن چىداشقا تاقىتى قالمىغان سادىرنىڭ يۇرتداشلىرى ھاياتلىق يولىنى ئىزدەپ، يۇرت-ماكانلىرىنى تاشلاپ، تاغ-باياۋانلارغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. سادىرمۇ ئەشۇ يوقسۇل يۇرتداشلىرى قاتارىدا زۇلۇمغا قارشى پۈتمەس غەزەپ-نەپرەت بىلەن تاققا چىقىپ، ئۇ يەردە يۇشۇرۇنۇپ يۈرگەن باش-پاناسىز يوقسۇللارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 1861-يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. سادىر بۇ كۈرەشلەردە مىسلىسىز قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، خەلق ئۇنىڭغا «پالۋان» دەپ نام بەردى. ئۇ بولۇپمۇ ئىلىدا تۇرۇشلۇق مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «يۈرىكى» ھېساپلانغان باياندىي قەلئەسىنى ئېلىش (1864-يىلى) ئۇرۇشى بىلەن كۈرە قوزغىنىنى ئېلىش كۈرىشىدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتتى.

مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى سادىرنى «كۆزىمىزگە قادالغان مىخ» دەپ قارىغاچقا، داۋاملىق سادىرنىڭ پېيىدا يۈرۈپ، بىر قانچە قېتىم قولغا چۈشەردى. ئۇنى ئىلى رايونىدىن يىراق جايلارغا پالىدى ۋە زىندانلارغا تاشلىدى. لېكىن سادىر ھەم باتۇر ھەم پەم-پاراسەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولغاچقا، ھەرخىل يوللار بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ زىندانلىرىدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. سادىرنىڭ كۈرەش ئۈچقىنى ئىچىدە ياراتقان ناخشا-قوشاقلىرى ئۇنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ جانلىق بەدىئىي خاتىرىسى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن يۈكسەك خەلقچىللىق ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە. ئۇ باشتىن ئاخىر رېئالىزم روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

ئۆمرىنىڭ تولىسىنى خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشى يولىغا سەرپ قىلغان ۋە بۇ يولدا ئۆچمەس قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن خەلق پالۋانى ۋە قوشاقچىسى سادىرنى شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز مەڭگۈ ياددىن چىقارمايدۇ.

سادىر پالۋان قوشاقلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

سادىر پالۋان ئۇيغۇر تارىخىدا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قەھرىمانى ۋە خەلق قو-

شاقچىسى سۇيىتىدە مەلۇم بولۇپ ئۇنىڭ ئىنقىلاۋى پائالىيىتى ۋە ئەدىبىي ئىجادىيىتى مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە ۋە يەرلىك فىئودالىلىق زۇلۇمغا قارشى كوتۇرۇلگەن كەڭ كولەملىك دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ دىموكراتىك ئىقىمى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى يالغۇز ئۇنىڭ ھايات سەرگۇزەشتىسى دەپلا قارىماي، شۇ ۋاقىتتىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى دەپ قاراش مۇمكىن. سادىرنىڭ قوشاقلىرىدا ئالدى بىلەن ئوتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە چوڭقۇر ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇستەڭنىڭ تىگى قاتتىق
چاپسا كەتمەن ئوتمەيدۇ
زالىم توڭچىسى بەگلەر
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ

سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا سادىر ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مەنچىڭ ھوكۇمرانلىرى ۋە يەرلىك فېئودالارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدىكى سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىق تۇرمۇشى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن:

تاغمۇ ـ تاغ ئېشىپ يۇرۇپ
پۇتلىرىم يېغىر بولدى.
شالۋۇرنى كاۋاپ قىلسام
بىر تاتلىق بېغىر بولدى.

سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا كوپرەك ئوزىنىڭ ھايات سەرگۇزەشتىسى ۋە قەھرىمانلىق روھى جانلىق ۋە ئاممىباپ ھالدا ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن ۋە ئۇ بەلگىلىك سيوژىت بويىچە راۋاجلىنىپ داستان تۇسىنى ئالغان. بۇ جەھەتتىن سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى بىر پۇتۇن قەھرىمانلىق قىسسى دىيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

يامۇلدا تولا يېتىپ
ساچىم بىر قۇچاق بولدى
يامۇلنى تىشەر چاغدا
قوۋۇرغام پىچاق بولدى

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى
ئىگىز قارىغاي چەگزە
يامۇلدىن قىچىپ چىققان
سادىر ئوزى خوخەنزە

يەتتە مىڭ چېرىك چىقتى
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا
چېرىك ئاتتىدۇ تاشقا
سادىر ئاتتىدۇ باشقا

سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا ئۇنىڭ تاغ - ئۆڭكۈرلەردە ۋە سۈرگۈنلەردە ئۆز يېزىسىنى، ئۆي - ئىچىنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشاقلىرىمۇ خېلى كوپ. بۇ قوشاقلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىنى، ئائىلىسىنى، بالا - چاقىلىرىنى سېغىنىش، ئۆزىنى شۇ كۈلپەتلەرگە گىرىپتار قىلغان هوكۈمران گوروهلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام روهى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن:

ئىسست ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى
زالىملارغا قۇللۇقتا
هېچبىر راهەت كورمىدۇم
زۇلمەت ئىچىدە زورلۇقتا

بىز قۇمۇلغا پالاندۇق
شاۋانخان توقاچ يېقىڭ
بىزدىن قالدى بەش بالا
تىنەتمەي ئوبدان بېقىڭ

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ
مۇڭلار چۈشتى بېشىمغا
پىچاق - چاقىمغىم خالتا
شاۋانخان ئاداشىمغا

سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا يەنە مىللەتلەر دوستلۇقى تېمىسىمۇ خېلى روشەن ئىپادىلەنگەن، بولۇپمۇ سادىر پالۋان مەنچىڭ هاكىمىيتى ۋە يەرلىك فېئوداللارغا قارشى كۈرەشتە قېرىنداش مىللەت ئەمگەكچىلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ زورورلىگىنى تونۇغان ۋە ئۇنى ئۆز قوشاقلىرىدا ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

يامۇلدىن قاچار ۋاختىدا
لوسى شى① ئامال تاپتى
سېپىلنى تېشىپ قويۇپ
توشۇككە چاپان ياپتى

① لوسى شى سادىرنىڭ يامۇلدا بىللە ياتقان خەنزۇ دوستى.

مەن يامۇلدىن قاچقاندا
بىر مانجۇ بىلەن قاچقان
سالاسونگە سولاپ قويسا
قۇلۇپ تۇلغاپ ئىشىك ئاچقان

سادىرنىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى قوشاقلىرى قاچانلا بولسۇن ھەر قايسى مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە قەلبى بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

رىۋاتلەرگە قارىغاندا، سادىر مەھبۇس سۈپىتىدە پالىنىپ بېيجىڭگىمۇ بارغان. خان ئۇنى ئوردا ئەتراپىدىكى بىر زىندانغا سولىغان، لېكىن بەزى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا زىنداندىن بوشۇتۇلۇپ كوچىلارغا چىقىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇ يەردە بىر مەزگىل كوكتاتچىلىقمۇ قىلغان، ئۇنىڭ:

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاگىزىدىكى شياڭيۇ.
جان باقماق ئۈچۈن ساتتىم،
بېيجىڭ شەھرىدە ياڭيۇ.

دېگەن قوشىقى ئەنە شۇ چاغدىكى كۈنلىرىنىڭ خاتىرىسى دېيىلىدۇ. بىز ھازىرچە سادىرنىڭ پالىنىپ بېيجىڭغا بارغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇق تارىخي ھوججەتكە ئىگە ئەمەسمىز. كىشىلەر ئارىسىدا «سادىر خەنزۇچىمۇ قوشاق ئېيتىشنى بىلىدىكەن» دېگەن سوزلەر خېلى كوپ، سادىر قوشاقلىرىدا:

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى
ئىگىز قارىغاي چەگزە
سادىر دېگەن خوخەنزە
قولىدا قيامچ نەيزە

ۋاگزى پۇلىنى دەيدۇ
ۋاگزىغا نىمە لازىم.
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
يامۇلدا يېتىپ تازىم.

دېگەندەك خەنزۇچە ئاتالغۇلارنىڭ ئورۇنلۇق ئىشلىتىلىشى بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

چوڭ قوزغىلاڭدىن كېيىنكى سادىرنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئانچە كوپ مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، شۇ نەرسە ئېنىقكى، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە مۇۋىسى يەرلىك فېئودال بايلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىپ، سادىر پالۋان چەتكە قېقىلغان. لېكىن ئۇنىڭ ئەمگەكچى

خەلقىنىڭ ئازاتلىق يولىدىكى كۈرىشى ۋە جەڭگىۋار قوشاقلىرى، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خەلقىنىڭ يۈرىكىدە قەھرىمانلىق قەسىدىسى سۈپىتىدە ياشاپ كەلمەكتە. سادىر پالۋان قوشاقلىرى، سادىرنىڭ كۈرەشچان ھاياتىنىڭ خاتىرىسى. سادىر پالۋان قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ قوشاقلىرى يۈكسەك ئۈمۈتۋارلىق - ئوپتىمىزىملىق روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇنىڭ تېمىسىمۇ ناھايىتى روشەن بولۇپ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە. سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىكى مۇنداق روھى كۈچ زالىملارغا بولغان چوڭقۇر غەزەپ - نەپرىتىدىن پەيدا بولغان. مەسىلەن:

كۆرە يولىدا يۈرۈپ،
مەيەڭ سۇندىمۇ شەنگەن.
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كوڭلۈڭ تىنىدىمۇ شەنگەن.

يامۇلغا سولاپ قويدى،
قولۇمغا سالدى تېجەنزە.
ھەرگىز نالە قىلمايدۇ،
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا ھېسسىيات ساپ ۋە تەبىئى. كەمبەغەللەرگە خاس ئىشقى - مۇھەببەت، سەممى ھىس - تۇيغۇ جانلىق بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن سادىر پالۋان قوشاقلىرى تەسىرلىك ۋە ياڭراق خەلق ناخشىسىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سادىر پالۋان قوشاقلىرى ھەقىقى ھالدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى كوز قاراشلىرىنى روھى ھالەتلىرىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەچكە، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. سادىر ئۆزىمۇ ھەم داڭلىق خەلق ناخشىچىسى ۋە مۇزىكىچىسى بولغاچقا، ناخشا ئاھاڭلىرىنىمۇ ئۆزى ئىجات قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ناخشا - قوشاقلىرى تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەغرۇر جاراڭلىماقتا.

## نۇزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

بىز نۇزۇگۇمنىڭ تارىخىغا دائىر بىر قىسىم يازما ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللارغا ئىگە بولساقمۇ، لېكىن بۇ ماتېرىياللار تارىخى جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ تولۇق رەتلەنگىنى يوق. خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلانغان نۇزۇگۇم قوشاقلىرى ۋە ئۆتكەن ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى موللا بىننى موللا يۈسۈپنىڭ «نۇزۇگۇم» قىسسىسى بىزگە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

موللا بىلالمۇ «نۇزۇگۇم» قىسسىنى ئۆز ۋاقتىدا خەلق ئىچىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان، نۇزۇگۇم قوشاقلىرى ۋە موللا بىلالنىڭ «نۇزۇگۇم» قىسسە-

دىكى بايانلارغا قارىغاندا، نوزۇگۇم 18 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ياشىغان قەشقەرلىك قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنى، ئەمگەكچى خەلقنى قەشقەردىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىشتىن ئىبارەت تارىخى ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

1826 - يىلى قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئازاتلىق كۈرىشى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مانجۇر خانى دوۋاڭ قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىدىن مىڭلىغان كىشىلەرنى دارغا ئاستى، زىندانلارغا تاشلىدى ۋە مىڭلاپ كىشىلەرنى قەشقەردىن يىراق بولغان ئىلىغا مەجبۇرى سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەپ ماڭدى.

ئىلىغا ھەيدەلگەن سۈرگۈنلەر ئىچىدە نامرات، يوقسۇل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان قامىتى كېلىشكەن چىرايلىق ۋە ئېقىللىق ئۇيغۇر قىزى نوزۇگۇممۇ بار ئىدى. نوزۇگۇمنىڭ مانجۇر ئىستىبداتلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس قەھرى - غەزەپ ئوتىنى تۇتاشتۇردى.

سۈرگۈن قىلىنغانلار 3 ئايدىن ئارتۇق پىيادە يول يۈرۈپ، ئاخىرى ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇل «شى» يامۇلىغا قامالدى. يول ئازاۋى مانجۇر چېرىكلىرىنىڭ دەھشەتلىك خارلاشلىرى تېخى ئەمدى 18 گە توشقان نوزۇگۇمنىڭ ياش قەلبىدە چەكسىز نارازىلىق ۋە غەزەپ - نەپرەت قوزغاتتى. مانجۇر ئاق سۆڭەكلىرى گۇناسىز سۈرگۈنلەرنى ئىلىغا يالاپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ مانجۇر خانلىرىغا، بايلارغا، ئەمەلدارلارغا قول ئورنىدا سېتىپ بەردى. گۈزەل نوزۇگۇممۇ سېتىلغان قۇللار قاتارىدا چوڭ يۇلتۇزلۇق بىر مانجۇر بېگىگە سېتىلدى. مانجۇر بېگىنىڭ ياۋۇز شەھۋانە كوزى نوزۇگۇمغا چۈشۈپ ئۇنى تۇقاللىققا ئېلىش كويىدا بولدى. ئەزەلدىن قەلبى ساپ ۋە سەممى ياشىغان نوزۇگۇم بۇ ئەلەمگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ نوزۇگۇم ئاخىرى ئۆلۈشكە رازىمەنكى، نومۇسۇمنى بۇ قېرى جادىگەرگە ساتمايمەن، دىگەن قەتئى ئىرادىگە كەلدى - دە، بۇ كۆيقاپىنىڭ ئىچىدىن جېنىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ ئون نەچچە ئايلاپ قومۇشلۇقلارنى تاغۇ - دەشتلەرنى ماكان قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇشقا كەلگەن مانجۇر چېرىكلىرى بىلەن تىنىمۇ - تىنىغ كۆرەش قىلدى. تېخى ئىلىنىڭ تاغۇ - دەريالىرى بىلەن تونۇشلىقى بولمىغان بۇ قىز ئالتە ئايدىن كېيىن ئاخىرى مانجۇر چېرىكلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلدى ۋە ئىلىغا يالاپ كېلىنىپ، جاڭجۇڭ تەرىپىدىن سوراق قىلىندى. باتۇر ۋە قەيسەر نوزۇگۇم جاڭجۇڭ ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمىدى. نوزۇگۇمنى بازاردا سازايى قىلىپ، مويتۇگزىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشەردى. نوزۇگۇم ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس قەھرىمانانە شىجائەت بىلەن مانجۇر ئىستىبداتلىرى ئالدىدا كوكرەك كېرىپ، تۈرۈپ مەرتلەرچە قۇربان بولدى.

ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ۋاپادار قىزى نوزۇگۇمنى مەڭگۇ ئۇنۇتمايدۇ.

## نوزۇگۇم قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

نوزۇگۇم كىچىكىدىنلا چىچەن، جىگەرلىك قوشاقچى قىز بولۇپ ئۆسكەن، نوزۇگۇم قوشاقلىرىنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ قوشاقلار نوزۇگۇمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلىگەن، نوزۇگۇم قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى بىر پۈتۈنلىككە ئىگە بولۇپ، داستان خاراكتېرىنى ئالغان، نوزۇگۇم قوشاقلىرى - ئۇنىڭ كۈرەشچان ھاياتىنىڭ ئوبرازلىق خاتىرىسىدىن ئىبارەت. ئۇ قوشاقلاردا ئالدى بىلەن نوزۇگۇمنىڭ قەشقەردىن سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا ئاتا - ئانىسى، يۇرتداشلىرى ۋە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ھىسسىياتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مانجۇر ئىستىبداتلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ:

خەير ئاتا - مېھرىبانىم،
غەمگۇزاردىم ياخشى قال.
كوزلىرىم ئاقۇ - قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.
رازى بول جېنىم ئاتام،
ئاقلالمىدىم بەرگەن تۇزۇڭ.
گەر قازا يەتمەي ئامان،
كەلسەم قىلارمەن خىزمىتىڭ.
بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن،
يارۇ - دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم توكۇلگەن،
قەشقەر شەھرىم ياخشى قال.
× × ×
زالىم دوۋاڭ زار يىغلاتتى.
يوقسۇللارنى كوپ قاخشاتتى.
ياش دىمىدى ياكى قېرى،
دارغا ئاستى، پۇلغا ساتتى.
نى يىگىتلەر، سولۇن قىزلار،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى.
گۇناھى يوق مەسۇملارنىڭ،
باشلىرىغا قېلىچ چاپتى.
× × ×
تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟

ئازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى.
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا ئۆزىنىڭ قاچقۇنلۇق ھاياتى ۋە بۇ جەريانلاردىكى دەرت-ئەلىمى چوڭقۇر ئىپادىلىنىدۇ.

مەن قەشقەردىن چىققىلى،
چۈشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئورۇگەن چېچىمغا،
تاغاق سېلىپ باققان يوق.
ئالتە ئاي ياتتىم قومۇشتا،
قومۇش ئارىلاپ كۈن چىقتى.
مەن نوزۇگىنىڭ بېشىغا،
تاغدىن ئېغىر مۇڭ چۈشتى.
قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
ئالتە ئاي يېتىپ قومۇشتا،
تەكى قويۇپ ياتقان يوق.
ئالتە ئاي بولدى يالغۇز مەن،
قەشقەر يولىن بىلمەسمەن.
خۇدا ئامان ساقلىسا،
چېرىكلەرنى كورمەسمەن.

بۇ جەرياندا نوزۇگۇمنى ئىزدەش جىددىيلىشىدۇ. خان تەرىپىدىن نوزۇگۇمنى ئۇلۇمگە ھوكۇم قىلىش بۇيرۇقى كېلىدۇ. چېرىكلەر نەچچە ئايغىچە قىدىرىپ ئاخىرى نوزۇگۇمنىڭ دېرىكىنى تاپىدۇ. قومۇشلۇققا ئوت قويۇپ نوزۇگۇمنى تۇتىۋالىدۇ. بۇ جەرياننى نوزۇگۇم ئۆز قوشاقلىرىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھار بولۇپ يۇتقىلى.
ئون بەش يايى كېلىپتۇ،
مەن نوزۇگنى تۇتقىلى.
كەپە قىلدىم ياۋانغا،
چېرىك كەلدى داۋانغا.
ئالتە ئايغا توشقاندا،
تۇتۇلدۇم مەن قاۋانغا.

نازۇك قولۇم باغلاندى،
خەلقى ئالەمگە ئاڭلاندى.
يالغۇز قىزىپ نوزۇگۇم،
«شى» يامۇلغا سولاندى.
ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالالارغا قالمىسۇن.
بىزگە كەلگەن جاپالار،
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن.
غەم بىلەن بېشىڭنى ئەگمە،
ئەلنى باسقان تۇن كېتەر.
ئاخىرى قۇياش چىقىپ،
بىزنى ئازات كۈن كۈتەر.

نوزۇگۇمنىڭ بۇ قوشاقلىرى ئۇنىڭ ئوتلۇق قەسەمنامىسى سۈپىتىدە خەلقنىڭ قەلبىدە تا ھازىرغىچە جاراڭلىماقتا.

نوزۇگۇم قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا كونكرېت جانلىق پېرسوناژ ئوبرازى ۋە تۇرمۇش ۋەقەلىكى بار. بۇ ۋەقەلىك نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا نوزۇگۇم بىلەن سويگەن يىگىتى باقىنىڭ دىيالوگى شەكلىدە بېرىلگەن.

مەسىلەن:

باقى يىگىت:

نوزۇك كوڭۇل قىسىلما،
تۇتقۇن مەن دەپ پۇشۇلما.
سېنىڭ ئەركىڭ ئۆزۈڭدە،
باقى تۇرار سوزىدە.

نوزۇگۇم:

نازۇك باشنى تۇتقۇن قىلسا،
كوڭلى ئۇنىڭ ئاققان يوق.
يارى ئۈچۈن قۇربان بولسا،
نازۇك باشتا ئارمان يوق.

دىگەندەك قوشاقلار ئارقىلىق نوزۇگۇمنىڭ باقىغا بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى ھەمدە باقىنىڭ نوزۇگۇمغا بولغان چىن ئەقىدىسىنى بايان قىلىدۇ.

نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا، نوزۇگۇم ئوبرازى — پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى، تىپىك تۇرمۇش ۋەقەلىكى ئىچىدە، فېئودال ھوكۇمرانلىقىغا قارشى ئويغانغان قەھرىمان جەڭچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ، نوزۇگۇم ئوبرازىنىڭ ھاياتى كۈچىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

ئوزۇگۇم قوشاقلىرىدا ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار ۋە تۇرمۇش ۋەقەلىكىگە نىسبەتەن ئىچكى ھېس-تۇيغۇسى جانلىق ئوخشۇتۇش ۋە سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق تولىمۇ روشەن سورەتلەپ بېرىلگەن. شۇڭا كىشىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھاياجان قوزغىتالايدۇ.

ھاۋا تۇتۇلۇپ قالدى،
قار يامغۇرلار ياغقىلى.
قانداق چاغدا تۇرەلدىم،
بار دەرت بولساتارتقىلى.

نوزۇگۇم قوشاقلىرى ئۆزىگە خاس ئاھاڭغىمۇ ئىگە بولۇپ، ئۇ خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ناخشا بولۇپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ جۈملىدىن خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ يېڭى ھاياتى پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنلا باشلاندى. ئۇلار ئۆتمۈشتە كونا جەمىيەتنىڭ ئىسيانكارلىرى سۈپىتىدە ئۆز قوشاقلىرى ئارقىلىق قاراڭغۇ جالەتكە نەپرەت ئوقىسا، ئازات زاماندا يېڭى دەۋرىمىزنىڭ ئاكتىپ قۇرغۇچىلىرىغا ۋە خەلق كۈيچىلىرىگە ئايلاندى.

ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور غەمخورلۇقى ئاستىدا خەلق قوشاقچىلىرى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك ياشناپ، ئەدەبىيات سەنئەت قوشۇنىمىزنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە، ھەر قايسى سەپلەردىكى شانلىق غەلىبىلىرىمىزنى ئۆز قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتتۈردى ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشتى، ئاممىۋى ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئازاتلىقتىن كېيىنكى خەلق سەنئەتكارلىرىنى تىلغا ئالغاندا، خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈلگەن ۋەكىللىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

## ئايۇپ سامساق ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىسى ئايۇپ سامساق 1908-يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق قوشاقلىرىغا زور قىزىقىش بىلەن بېرىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي توي-مەشرەپلەردە قوشاق ۋە بېيىتقا ئۇستىلىقى، خۇشچاقچاقلىقى بىلەن «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ كۆلى» بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئاتىسى سامساقمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى نامرات قوشاقچىسى بولۇپ، ئايۇپ باللىق چاغلىرىدىلا دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىغان. ئايۇپ 25 ياشلارغا بارغاندا ئۆزىنىڭ ئىجادى قوشاقلىرى ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ كۆپرەك سەممى ۋە ساپ كۆڭۈل ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەت كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى قوشاقلىرى خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېز تارقالدى.

ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز قوشاقلىرىدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ تېمىدىكى قوشاقلىرى كونا دەۋرنىڭ رەزىل ئىللەتلىرىنى ۋە يامان كەيپىياتلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى. بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى قوشاقلىرى، ئەينى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش بىلەن بىۋاستە باغلىنىپ، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرىشىدە كۈچلۈك تەشۋىقاتچىلىق رول ئوينىدى.

ئازاتلىق ھەر مىللەت خەلقىگە، جۈملىدىن ئايۇپقا يېڭى ھايات ئېلىپ كەلدى. ئايۇپنىڭ ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى توقۇغان قوشاقلىرى، ئازاتلىققا ئېرىشكەن دېخانلار ئاممىسىنىڭ يېڭىچە ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئايۇپ ساماق ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېڭىچە مەزمۇنغا ئىگە بولغان قوشاقلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىشىغا زور ئىلھام بەردى.

بۇ تالانتلىق خەلق شائىرى 1956 - يىلى 6 - ئىيۇل كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ قوشاقچىلىق ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەمگەكلىرى بىلەن خەلقىمىز دىلىدا مەڭگۈ يادلانغۇسى.

ئايۇپ ساماق قوشاقلىرىنى ئىككى دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن؛ 1 - ئۆتمۈش تۇغرىسىدىكى قوشاقلار؛ بۇ تېمىدىكى قوشاقلارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى؛ بۇ قوشاقلار مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولغان مۇھىم ۋەقەلەرگە ماسلاشقان ھالدا مەيدانغا چىققان. شۇڭا ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن. مىسال ئۈچۈن ئۇنىڭ «ياقۇپ شېيەنجاڭغا لەنەت» دېگەن قوشىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە.

گومىنداڭنىڭ ئەشەددىي يالاقچىسى بولغان ياقۇپ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شېيەنجاڭلىقىغا ئېرىشىش نىيىتىدە كۆپ قۇتراپ كەتتى. ئۇ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا بايلارغا ھەدەپ پارا بەردى. كۆپلەپ سوغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلدى. خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ بۇ رەزىل ھەركىتىگە نەپرەت كۆزى بىلەن قارىدى. ئايۇپنىڭ مۇشۇ ۋەقەگە ئاساسەن توقۇغان قوشىقى يالغۇز ياقۇپنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىك ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش قىلدى.

سەن زالىمنىڭ ۋاقتىدا،
ھەقىقەت يول يېپىلغان.
ۋىجدانسىز قانخور گاچا،
كىم پۇل بەرسە سېتىلغان.

كومنداڭغا قېتىلماققا،
قارار تاپتىڭ سېتىلماققا.
ئاياق يەيسەن كىكەچ گاچا،
ھەددىڭ يوق چىقىلماققا.

ئالتە توك-توك پوستەكچى،
بوپتۇ ساڭا توقماقچى.
پەيلىڭدىن يان بولمىسا —
سېنى ياشلار سوقماقچى...

ئايۇپ سامساقنىڭ «بىر قۇربان ھېيتنىڭ خاتىرىسى» ناملىق قوشىقى ئۇنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇن يازغان قوشاقلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئايۇپ بۇ قوشاقنى 1946 - يىلى ئىجات قىلغان بولۇپ، ئەشۇ يىللاردىكى رىياللىقنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن.

ناھىيىمىز كەلپىنگە،
بىر نەچچىلەن باش بولدى.
ھېيت قۇربان كۈنىسى،
ناھايىتى بەلەن ئاش بولدى.

چاقىرىشتى «چوڭلار»نى،
خەتكە ئىسمىنى سىپاپ.
«چوڭلار» گوشنى يەپ كەتتى،
«ئوششاقلار» قاراپ قېلىپ.
... ... ... ...
قىيان سۇ ئۇلۇق كەلسە،
ئۇلاقلار ئۆتەلمەيدۇ.
«چوڭلار» مۇنداق قىلماڭلار،
خۇدايىم كوتەرمەيدۇ.

بۇ زامان شۇنداق زامان،
گوشنى «چوڭلار» يەيدىغان.
چوڭلار مۇنداق قىلساڭلار،
ئاخىر ھالىڭلار يامان.

دەپ «چوڭلار» ۋەكىللىك قىلغان ئەزگۈچى سىنىپ ھوكۇمرانلىقىنىڭ چوقۇم يەر بىلەن يەكسان بولىدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەۋر تەلىۋىنى، خەلق ساداسىنى چوڭقۇر ئىنكاس قىلىدۇ.

بۇ قوشاق شۇ ۋاقىتتا كەڭ ئەمگەكچى خەلققە سىموۋول قىلىنغان «ئۇششاقلار» نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، باي - زالىملاردىن ئىبارەت «چوڭلار» نىڭ قارا يۈرەكلىرىنى خېلى ئېچىشتۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئايۇپنى «چوڭلار» كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغان، لېكىن خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان ئايۇپنى كۆزدىن يوقىتىشقا چارىسىز قالغان.

2 - ئايۇپ سامساق قوشاقلىرىنىڭ يېڭى دەۋرى ئازاتلىقتىن كېيىن باشلاندى. ئايۇپ 1951 - يىلى كۈزدە باشلانغان يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە 1952 - يىلى باشلانغان يەر ئىسلاھاتى ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەشۇ ئىجتىمائى كۈرەشلەرنىڭ ئاكتىپ جەڭچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوشاق ئارقىلىق خەلقنى كۈرەشكە ئۈندەپ، سىنىپىي دۈشمەنلەرنى پاش قىلدى. قوشاقنى قورال قىلىپ فېودال پومېششىكلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايۇپنىڭ بۇ دەۋرلەردىكى قوشاقلىرى زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

كەتمەن چاپسا كەمبەغەل،
ئاشلىق ئالنى سەن يەيسەن.
ھېساپ ۋاقتىمىز كەلدى،
جاۋابىغا نىم دەيسەن؟

پومېششىكنىڭ يەرلىرى،
بەرى بىزنىڭ يېرىمىز.
تىرىكتاپ پومېششىككە،
ئەمدى زەربە بېرىمىز.

فېوداللىق يەر تۈزۈمى ئاغدۇرۇلۇپ، يېزىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئالدىدا كۈرەشنىڭ يەنە بىر يېڭى مەنزىرىسى ئېچىلدى. بۇ ئىشلەپچىقىرىشتا ھەمكارلىشىشتىن باشلاپ، يەككە ئىگىلىكنى كوللېكتىپ ئىگىلىككە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سوتسىيالىزم يولى ئىدى. ئايۇپ بۇ كۈرەشتە يەنە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلى پائالىيىتى بىلەن باشقىلارغا زور ئىلھام بەردى. ئۇنىڭ:

كوپېراتىۋدا دېھقانلار،
ئەزمەيدۇ، ئېزىلمەيدۇ.
ئىشقا راسا قىزىقىپ،
ئۈيۈنغا بېرىلمەيدۇ.

يەككە ئىشلەپ تەرتوكۈپ،
قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق.
ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن،
دېخانلارنىڭ قارنى توق.

دېگەندەك قوشاقلىرى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنىڭ ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئايۇپ ساماسقىنىڭ قوشاقلىرى يالغۇز مەزمۇنى جەھەتتىنلا ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى سەنئەت جەھەتتىنمۇ بەلگۈلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مىللى شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ قوشاقلىرى تولاراق 7 - 8 بوغۇملۇق، 4 مىسرالىق قوشاقلار بولۇپ ئاھاڭغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شەكىللەردىكى مەسىلەن: 4 + 7 + 4 + 7 شەكىلدىكى. 5 بوغۇملۇق، 4 مىسرالىق شەكىلدىكى ھەتتا 12 بوغۇم بېيىت شەكىلدىكى قوشاقلىرىمۇ بار.

مەسىلەن:

تەقدىر دەپلا ئېزىپ كەلدىڭ،
بېزىنى گوللاپ.
قېنىمىزنى شورىدىڭ سەن،
ئۇزۇن يىللاپ.

ياكى

يوقالدى تۈنلەر،
يورىدى كۆڭلەر.
ئەركىن ياشايمىز،
ئېچىلدى گۈللەر. قاتارلىقلار.

## مۇھەممەت ناپىر ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

يېڭى دەۋر قوشاقچىسى مەھەممەت ناپىر 1910 - يىلى شىنجاڭ ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش رايونى قايىراق كەنتىدە بىر نامرات دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتى 1951 - يىلى باشلانغان بولۇپ، تۇنجى قوشىقى «غەللە - پاراق» شۇ يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ۋە خىزمەت ئۆمەكلىرى تەشكىللىگەن تەشۋىقات ئەترەتلىرى تەرىپىدىن سەھنىلەردە ئوقۇلۇپ كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

مەھەممەت ناپىر خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ سېپىگە يېڭى دەۋرىمىزنى كۈيلەش بىلەن كىرگەن ئاتاغلىق قوشاقچى بولۇپ، ئۆز قوشاقلىرىدا ئازات زامانىنى، پارتىيىنى، ئەمگەكچى خەلقنى سوتسىيالىزىمنى مەدھىلىدى، ئۇ، سوتسىيالىستىك يېڭى قوشاقچىلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا بەلگۈلۈك تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، 1957 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى تەسىس قىلىش يىغىنىغا، 1960 - يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتايىغا خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قاتناشتى.

مەھەممەت ناپىر قوشاقلىرىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا يېڭى دۇنيا، يېڭى شەخسلەر مەدھىيەلەندى. دەۋرىنىڭ روھى قويۇق ئەكس ئەتتى. مەھەممەت ناپىر قوشاقلىرى دەۋرىمىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ، تېما ۋە تىسەي دائىرىسى داۋاملىق كېڭەيدى. تۇرمۇشتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا دەرھال ئەكس ئېتىلدى. مەسىلەن: «غەللە - پاراق» ناملىق قوشىقىدا:

ئۆتمۈشتىكى پاراقنى،
كەمبىغەللەر بېرەتتى.
كەمبىغەلنى بوزەكلەپ،
دوغا - يايى ئۇراتتى.

ھازىر غەللە ئادالەت،
ئەھۋالىچە بېرىدۇ.
توغرى ئىشنىڭ قەدرىنى،
توغرى ئادەم بىلىدۇ. — دەپ غەللە پاراقتىكى تۈپ

ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئازات زامانىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈيلىدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي كۈرەشلەر مەھەممەت ناپىر قوشاقلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مەسىلەن: «تۆردى مەھەممەتنىڭ ئېيتقىنى» دېگەن قوشىقىدا كوپىراتسىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى مۇنداق دەپ مەدھىيەلەيدۇ:

كوپىراتسىيە يولىدا،
ئىشلەش كېرەك پولاتتەك.
ئاش ئۆزەڭنىڭ قولىدا،
قانداق يېسەڭ ناۋاتتەك.

يەككە دېھقاننىڭ ئىشى،
ئىشلىمىگەن شويىنىدەك.
ھەم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى،
بوش توقۇلغان چويىلىدەك.

مۇھەممەت ناپىر ئۆز قوشاقلىرىدا يېزىلاردىكى يېڭى ئىش، يېڭى كەيپىيات ۋە يېڭى شەخسلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئىنكاس قىلدى. مەسىلەن: «توپلۇدۇم كوپلەپ ئوغۇت» دېگەن قوشىقىدا:

سىدىق بىلەن بىر يەردە،
ئۇلتۇرۇشتۇق سوھبەتتە.
لىق تولۇپتۇ شۇ يەردە،
يىققان ئوغۇت سىۋەتكە.

سىدىق دىدى: ـ ھەي ئۇكام،
ئىش ئەمگەكتە پىشقانمەن.
غەيرىتىم كۈندە ئېشىپ،
ھارماي ئوغۇت توپلايمەن.

رەتلەپ قويدۇم ئوغۇتنى،
كەڭرى ئېتىز ئىچىگە.
ماغدۇر بەردى پارتىيەم،
مەندەك قېرى كىشىگە. دەپ ياشانغان

بوۋايلارنىڭمۇ كوپېراتسىيە ئۈچۈن جانپىدارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقانلىغىنى مەدھىلىسە، «قىزىل بايراق ئالايلى» دىگەن قوشىغىدا:

ئوتمۇش جەمىيەتتە،

يورۇق كۈننى كورمىگەن.
يېڭى كىيىم كەيمىگەن.
دائىم بايغا ئىشلىسەم،
ئەھۋال قانداق دىمىگەن. دىگەن ھا ـ

لەتتە تۇرمۇش كەچۈرگەن كۈلئايىم ئىسىملىك بىر قىزنىڭ يېڭى جەمىيەتتە:

كوزۇم قاندى تاۋارغا،
خىروم كەيدىم پۇتۇمغا.
پاكچۇ كوينەك، دۇخاۋا،
ئېلىپ كەيدىم ئۇچامغا. دىگەندەك پارا ـ

غەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، يېزا ئىگىلىگىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان ياشلارنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى مەدھىلەيدۇ.

مەھەممەت نايىر ھەر ۋاقىت خەلق ئىچىدە ياشىغانلىغى ئۈچۈن خەلقنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا خەلق كوڭۈل بولىدىغان مەسىلىلەرنى ۋە خەلقنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇسىنى ئوز ۋاقتىدا توغرى ئىنكاس قىلدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ «كادىر بولساڭ» ناملىق قوشىغى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن:

كادىر بولساڭ سىلىق بول،
ھەممە ئىشقا قىزىق بول.
خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە،
سۈگىا چومگەن بېلىق بول.

ئىش ـ ئورنۇڭغا ئىشىنىپ،
ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغىن!
مەرتىۋەڭگە يۆلىنىپ
تەكەببۇرلۇق قىلمىغىن.

كادىر بولساڭ سىلىق بول
سوغۇق بولما، ئىللىق بول
خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە ـــ
سۇۇغا چومگەن بېلىق بول

بۇ قوشاق ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر دىداكتىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەھەممەت ناپىز قوشاقلىرى بەدىئىي جەھەتتىمۇ بەلگۈلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ، يېڭى دەۋرنىڭ كۈيچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى كۈچلۈك. مۇھەممەت ناپىز كوپرەك تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزگۈرىشىنى قالىلاپ، ئۇنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ. بىر خىل پىكىرنى تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ ـ خىل ۋەقەلىكى ئىچىدە ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا مۇھەممەت ناپىز قوشاقلىرىدا شېرى مەنزىرە، يېڭى تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك. مەسىلەن: «داڭلاشقا لايىق ئەنجۈرۈم» دىگەن قوشىقىدا:

شاخلىرىڭ كۈنگە قاراپ
تاتلىقىڭ كەتسە تاراپ
يەيدۇ مېھمان بىر شوراپ
ماختايدۇ ئاندىن ئەنجۈرۈم. دەپ ئەنجۈرنىڭ شەرۋەتكە تولغانلىقى بىلەن تۇرمۇشنىڭمۇ ئەنجۈرگە ئوخشاش شېرىن ـ شەرۋەتلىك ـ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇھەممەت ناپىز ئۆزىنىڭ كوپچىلىك قوشاقلىرىنى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ 7 بوغۇملۇق ۋەزنىدە شەكلىدە توقۇغان بولسا، «گۈللىنسەن كالتە يايلاق» ـــ دىگەن قوشىقىنى خەلق قوشاقلىرىدا ئاز ئۇچرايدىغان 12 بوغۇملۇق ۋەزنىدە يېزىپ، كالتە يايلاقنىڭ بىر پۈتۈن ئۆزگىرىشىنى تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ بۇ قوشىقى مەلۇم جەھەتلەردە يازما شېرىيەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: ئۇزۇن يىللار زەيلەپ ياتقان كالتە يايلاق
دوۋە قۇملار بېسىپ ياتقان قارا شورلاق
بەختنىڭ ئۇچۇن يېتىپ كېلىپ قىزىل بايراق
دوۋە قۇملار، قارا شورلار قاچتى يىراق.

قىسقىسى، مەھەممەت ناپىرنىڭ تۇرمۇشتىكى يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيلەشكە ماھىرلىقى، خەلق كۆڭۈل بولىدىغان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەتلىك بولۇشى، شەكىل جەھەتتىن داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش روھى بىزنىڭ داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇقۇرقىدەك بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە قوشاقچىلىرىدىن باشقا، يەنە ئازاتلىقتىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن قوشاقچىلىرى خېلى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ بىلەن ئىجات قىلغان مەزمۇندار قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى مول مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. مەسىلەن، ئىلى خەلق قوشاقچىسى ئىسمايىل كاككۇك، قەشقەر خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى، كۇچارلىق خەلق قوشاقچىسى ئىمىر ھېزىم، شىنجاڭ داشۆبىنىڭ سابىق ئىشچىسى مەرھۇم سىدىق راشىدىن ئوغلى، قۇمۇللۇق خەلق قوشاقچىسى ۋە بېيىتچىسى ئەما يەھيا قارى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بىر قىسىم قوشاقلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بەزىلىرى (ئىمىر ھېزىم) ئاغزاكى ئىجات قىلىشتىن تەرەققى قىلىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل شېئىر-قوشاقلارنى يېزىپ ئاممىغا تەقدىم قىلماقتا.

قوشاقچىلىق ۋە داستانچىلىق ساھەسىدە يەنە، شىنجاڭدىكى قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ خەلق سەنئەتكارلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر.

قازاق ۋە قىرغىز ئەمگەكچىلىرى تاغلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن باشلاپ باي ئېغىز ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە. بولۇپمۇ قوشاقچىلىق، كۈيچىلىك ۋە داستانچىلىق ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پايدىلىق شەرت-شارائىتلىرىغا ئىگە بولغان قازاق ۋە قىرغىز ئەمگەكچىلىرى تارىختىن بۇيان ئاجايىپ ئىختىدارلىق كۆپلىگەن خەلق سەنئەتكارلىرىنى يېتىشتۇردى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتاغلىق قازاق خەلق ئاقىنى بوزداق دۈز بەمبەت ئوغلى، ھاشىم كۈيچى، سۇلتان مەجىت، ئەسقەر تاتاناي ئوغلى، ئىسماغۇل قاتارلىقلارنىڭ قوشاق ۋە كۈيلىرى تېمىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، قويۇق مىللىي ئۇسلۇپقا ئىگە بولغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەشھۇر.

بوزداق دوز بەمبەت ئوغلى 1900 ـ يىلى ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ئاگساتى دېگەن
يېرىدە نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ قوشاق
ئېيتەش ۋە دومبۇرا چېلىشتا شوھرەت تېپىپ، قازاق خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى كۈيلىدى.
ئازاتلىق نۇرى بوزداق دوز بەمبەتنىڭ ئىجادىغا ھەقىقى باھار ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قازاق خەلقىنىڭ ئازاتلىقىنى كۈيلەپ،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ماۋجۇشىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى،
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ـ
لىرىمىزنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا مەدھىلىدى. 1962 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇ قولىغا
قەلەم ئېلىپ، تېخىمۇ كوپ مەزمۇندار قوشاقلارنى يېزىپ قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تە ـ
رەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس توھپە قوشتى. 1964 ـ يىلى ئاقىنىنىڭ 30 نەچچە پارچە تال ـ
لانغان قوشاقلىرى «بىزنىڭ دەۋر» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىپ نەشىر قىلىندى.
1980 ـ يىلى ئۇنىڭ يەنە «ئىرتىش دولقۇنى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك (564 بەتلىك
چوڭ 32 تاۋاق) قوشاقلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.
مەزكۇر توپلامغا ئۇنىڭ 423 پارچە قوشىقى، 200 پارچىدىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىللىرى،
بىر پارچە داستانى ۋە بىر قانچە بېيىت، ئېيتىشىش، تېپىشماقلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ،
تېمىنىڭ كەڭ ۋە خىلمۇ ـ خىللىقى، شەكلىنىڭ يالتىراقلىقى بىلەن كوزنى چاقنىتىدۇ.
(بۇ توپلام ئۇنىڭ 1962 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە ئىجات قىلغان ۋەكىللىك خاراكتېر ـ
رىدىكى ئەسەرلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان) بوزداق دوز بەمبەت ئوغلى ئۇنىڭدىن باشقا
يەنە بىر قانچە ناخشا ـ كۈي ئىجات قىلغان بولۇپ، ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق
تالانتلىق خەلق سەنئەتكارى ھىساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قازاق خەلقى ئۇنى «جۇڭگو ـ
نىڭ جامبۇلى» دەپ ئاتايدۇ ۋە شۇنداق ئاتاشقا تامامەن ھەقلىق.

قازاق خەلقىنىڭ ئاتاغلىق كۈيچىسى ھاشىم كۈيچى 1896 ـ يىلى كۈنەس يايلىقىدا
كەمبىغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دومبىرا بىلەن كۈي تارتىشتا داڭ چى ـ
قارغان خەلق سەنئەتكارى بولۇپ، 360 دىن ئارتۇق كۈي ياراتقان. ئەنە شۇ ئىجادى
ئەمگىكى شەرىپىگە 1957 ـ يىلى مەملىكەتلىك خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۈچىرىشىش يىغىنىغا
قاتنىشىپ، پايتەختتە ئۆزىنىڭ يۈكسەك سەنئەت ماھارىتىنى كورسەتكەن ئىدى. بۇ يىشقە ـ
دەم خەلق سەنئەتكارى 1962 ـ يىلى 66 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا تاپقان بول ـ
سىمۇ، ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ئۇنىڭ 200 دىن ئارتۇق كۈيى خەلقىنىڭ قەلبىدە
جاراڭلىماقتا. دومبىرا چېلىش بىلەن قوشاق ئېيتىشنى ئوزىگە كۈچ قۇۋۋەت ۋە قانات قىل ـ
غان يەنە بىر ئاتاغلىق قازاق خەلق سەنئەتكارى سۇلتان مەجىت 1912 ـ يىلى تۇغۇلۇپ،
1979 ـ يىلى 67 يېشىدا ۋاپات بولدى. بالا ۋاقتىدىن باشلاپ دادىسى قاتەشتىن خەلق
ھىكايە ـ چوچەكلىرىنى ئاڭلاپ، تۇققىنى قايرانباي بىلەن مۇقاشتىن قوشاق ۋە ناخشا
ئۆگىنىپ ئوسكەن سۇلتان مەجىت، 13 ياشتا پۈتۈن تارباغاتايغا داڭ كەتكەن ئاتاغلىق

خەلق قوشاقچىسى ئەرىپجانغا شاگىرت بولۇپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى تېز ئارىدىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، قازاق خەلق قوشاقچىسى ۋە دومبىرىچىسى بولۇپ يېتىشتى. ئۇ 1945-يىلىدىن 1948-يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ 2-ئاتلىق پولكىغا قاتنىشىپ مىلتىق بىلەن دومبىرىنى قورال قىلىپ زور قەھرىمانلىق كۆرسەتتى ۋە رېئال كۆرەش مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆپلىگەن قوشاقلارنى يارىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. ئۇ 1949-يىلى ئوكتەبىردە پۈتۈن جۇڭگو ئازات بولۇش بىلەن تەڭ «ئوكتەبىر تېڭى» دېگەن قوشاقنى ئىجات قىلىپ، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئازاتلىقنى كۈيلىدى.

سۇلتان مەجىت يالغۇز داڭلىق قوشاقچى ۋە كۈيچى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئىختىدارلىق دىراما ئارتىسى ئىدى. ئۇ 1953-يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قاتناشتى. 1954-يىلىدىن باشلاپ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ «قالىڭ مال»، «ئىرتارغىن» ئوپېرالىرىدا ھەمدە «قۇملۇقتىكى كۆرەش»، «تىيانشان قىزىل گۈلى» قاتارلىق كىنو فىلىملىرىدە رول ئېلىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشكەن يۈزدىن ئارتۇق شېئىر-قوشاقلىرى، «سايرام رىۋايەتلىرى» ناملىق داستانلار توپلىمى، «تاڭ ئالدىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. بولۇپمۇ قازاق خەلق رىۋايىتى ئاساسىدا تۈزگەن «سايرام رىۋايەتلىرى» ناملىق داستانى پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلىقى، تىلىنىڭ كۆركەم ۋە ئوبرازلىقى، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ مول ۋە رەڭدارلىقى بىلەن قازاق ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

قازاق خەلق قوشاقچىلىرى ۋە ناخشا-كۈيچىلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قوشاقچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ئالدى بىلەن ئۇستا مۇزىكىچى بولىدۇ. يەنى قازاق مىللىتىنىڭ سىمۋولى بولغان دومبىرا چېلىشنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلغان ھالدا قوشاقچىلىق ۋە كۈيچىلىك ئىختىدارىنى يېتىشتۈرىدۇ. قىسقىسى ئۇلاردا قوشاق ئېيتىشىش مۇزىكا بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. قازاق خەلقىنىڭ ئىتنىك تۇرمۇشىدا توي-تۆكۈن، ھېيت-بايرام كۈنلىرى، شۇنداقلا چارۋىچىلىقنىڭ ئارسال ۋاقىتلىرى ئاۋۇل-ئايماق، ئۇرۇق-قەبىلىلەر بويىچە بىر جايغا جەم بولۇپ، «ئاقىنلار ئۇچرىشىشى» (خەلق قوشاقچىلىرى ۋە كۈيچىلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى) ئۆتكۈزۈش بىر خىل مىللىي ئەنئەنىگە ئايلانغان. مۇنداق قەرەللىك ئاممىۋى سەنئەت پائالىيەت كۈنلىرىدە ئاۋۇللار بويىچە قېرى-ياش، ئەر-ئايال بىر يەرگە جەم بولۇپ ئاقىنلارنىڭ ئۆز ئارا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر بىر ئاۋۇلنىڭ داڭلىق ئاقىنلىرى دومبىرىسىنى سايرىتىپ، ئۆزىنىڭ قوشاقچىلىقتىكى پۈتۈن ماھارىتىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ ھازىر جاۋاپلىقنى ئاساس قىلغان ئىجادىيەت پائالىيىتى بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى مۇسابىقىغا چۈشكەن قوشاقچىلار شۇ سورۇننىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، مەزمۇن ئىزچىللىقى بولغان يېڭى قوشاقلارنى تۈزۈپ، دومبىرىغا تەڭكەش

قىلىپ ئېيتىشىدۇ. مانا بۇ خەلق قوشاقچىلىرى ۋە كۈيچىلىرىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئاممىۋى كورەك سەھنىسى بولۇپ، قازاق خەلق ئاقىنلىرىنى تەربىيىلەيدىغان ۋە يېتىشتۈرىدىغان سەنئەت ئوچىقىدۇر. مۇشۇ ئوچاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئاجايىپ تالانتلىق كوپلىگەن قازاق ئاقىنلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۈزۈلمەس دولقۇنغا ئايلاندۇردى.

خەلق سەنئەتكارلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھورمىتىگە سازاۋەر بولغان ئاتاغلىق ماناسچى ۋە قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان يۈسۈپ مامايىنى ھورمەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

يۈسۈپ ماماي 1918 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيە قارا بۇلاق رايونى مەركەچ يېزىسىدا چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا بىر خىل قويۇق سەنئەت ھاۋاسى ئىچىدە ئوسۇپ يېتىلدى. ئۇ 11 ياشقا كىرگەندە دادىسىدىن 1 - قېتىم قىرغىزلارنىڭ باتۇرلۇق داستانى «مامەكە شوبوق» داستانىنى ئۆگىنىپ ئالدى. شۇندىن باشلاپ خەلق داستانلىرىغا چوڭقۇر ئىشتىياق ۋە مۇھەببەت باغلىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى بالباي ئۆز دەۋرىدە «ماناسچىلىق» بىلەن داڭ چىقارغان تالانتلىق داستانچى بولۇپ، يۈسۈپ ماماي 18 ياشلارغا كىرگەندە ئەنە شۇ ئاكىسىدىن «ماناس» داستانىنىڭ 5-6 قىسمىنى ئۆگىنىپ ئالدى. بەختكە قارشى 1938 - يىلى قانخور شىڭ شىسەي جاللاتلىرى ئۇنىڭ ئاكىسىنى تۇتۇپ كېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ماماي باش-پاناھسىز قالدى. شۇندىن باشلاپ تاكى ئازاتلىققىچە يېتىم قالغان يۈسۈپ ماماي چارۋىچىلارغا يالىنىپ سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىق ھايات كۆچەردى. پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە داغدام يول ئېچىلىپ، سەنئەت ئىقتىدارىنى جارى قىلىشقا تولۇق ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى.

يۈسۈپ مامايىنىڭ «ماناس»نى ئاشكارە ئېيتىشى 1960 - يىللىرى باشلانغان. ئۇنىڭ «ماناس» داستانىنى بىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن ناھىيىگە تارقالدى. 1962 - 1964 - يىللىرى بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قىزىلسۇ ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ، «ماناس» داستانىنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنغاندا، يۈسۈپ مامايمۇ بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشتى ۋە شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئاتاغلىق «ماناسچى» دەپ نام بېرىلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلىنىپ، ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگەك بىلەن توپلىغان «ماناس داستانى» «كونا ئەپسانىۋى قارا ماتېرىيال» قاتارىدا سوغۇق سارايغا قامالدى. بۇنىڭغا قوشۇپ يۈسۈپ مامايمۇ «كونىنى تىرىلدۈرۈپ پارتىيىگە قارشى چىققان شيۇجېڭجۇيىچى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، ئاتالمىش «دادۇي تۈرمىسى»غا قاماپ، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر زىيانكەشلىك قىلدى.

پەقەت ئىن بىياۋ ۋە جاڭچىلڭ گۇرۇھى تار - مار قىلىنغاندىن كېيىن، يۈسۈپ مامايىنىڭ نامى ئەكسىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1978 - يىلى 12 - ئايدا ئۇنى بېيجىڭگە چاقىرتىپ، «ماناس»نى قايتا رەتلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تولۇق ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بېرىلدى. شۇ يىللىرى جۇڭگىياڭ رەھبەرلىرىدىن يولداش خۇياۋباڭ ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ سەنئەت ئىقتىدارىنى يۇقۇرى باھالاپ، «دۆلىتىمىزنىڭ گۆۋھىرى» دىگەن قىممەتلىك نامنى بەردى.

1978 - يىلى 12 - ئايدىن ھازىرغىچە يۈسۈپ ماماي ئاغزاكى ھالدا «ماناس» داستانىنىڭ 1 - بولۇمى «ماناس» (73·000 مىسرا) 2 - بولۇمى «سەمەتەي» (37·000 مىسرا)، 3 - بولۇمى «سەيتەك» (21·000 مىسرا)، 4 - بولۇمى «كەنەنىم» (32·352 مىسرا)، 5 - بولىمى - «سەيتى» - (11·833 مىسرا) 6 - بولىمى - «ئاسىلباچا - بەكباچا» (30·000 مىسرا)، 7 - بولىمى «سومبىلەك» (32·000 مىسرا) ۋە 8 - بولىمى «چىگىتەي» (20·000 مىسرا) ھەممە قىسمىنى ئوزى ئېيتىپ، تولۇق خاتىرىگە ئالدۇردى. بۇنىڭ ئومۇمى ھەجمى 247000 مىسرادىن ئاشىدۇ. يۈسۈپ ماماي «ماناس»دىن باشقا يەنە 7 داستاننى يادقا بىلىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ مامايدەك ئىقتىدارلىق ۋە تالانتلىق خەلق سەنئەتچىسى ئىلىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىمۇ كەم تېپىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق خەلق سەنئىتىنىڭ «گۆۋھىرى».

يۈسۈپ ماماي ھازىر مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، روھى جۇشقۇن بولۇپ، خەلق سەنئىتى يولىدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشچانلىق كورسەتمەكتە. شۇڭلاشقا بىز ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلققە كورسىتىۋاتقان قىممەتلىك ئەمگىكىگە چوڭقۇر تەشەككۇر ئوقىماي تۇرالمايمىز.

## خەلق ھىكايىچىلىرى توغرىسىدا

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھىكايىچىلىق ۋە داستانچىلىق ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدا، خەلق ئارىسىدىن چىققان ھىكايىچىلار ۋە داستانچىلارنىڭ توھپىسى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. خەلق ھىكايىچىلىرىمۇ خۇددى خەلق قوشاقچىلىرىغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ يۇقۇرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا زور ھورمەتكە سازاۋەر. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر لەتىپىچىسى موللا زەيدىن بىلەن سەلەي چاققان بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە.

ھوكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى يۇقۇرى چەككە يېتىپ، قالايمىقان ئىچكى

ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە چىرىك فېئوداللىزىم تۈزۈمى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئازاتلىق كۈرەشلىرى كەڭ تۈردە ئەۋجى ئالغان 19 - ئەسىردىكى تارىخىي رېياللىق موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولدى.

موللا زەيدىن بىلەن سەلەي چاققان رېيال تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، موللا زەيدىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پىچاننىڭ لۈكچۈن رايونىدا ئۆتكەن مەشھۇر خەلق لەتىپىچىسى. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە، بولۇپمۇ لۈكچۈن ۋاڭ بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر موللا زەيدىن لەتىپىلىرىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

موللا زەيدىن كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى خۇش پېئىل، چاقچاقچى، سۆزمەن، سەزگۈر ھەم پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، ئاساسەن ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش بىلەن شۇ ئەتراپتا شۆھرەت تاپقان بىر خەلق سەنئەتكارى ئىدى. موللا زەيدىن كەمبەغەل بولۇپ، كوپىنچە توي - تۆكۈنلەردە، خەلق توپلاشقان سورۇنلاردا لەتىپىچىلىك ۋە سازەندىچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ لەتىپىلىرىمۇ مۇشۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېياللىقىنى ئەكس ئەتتۈردى.

موللا زەيدىن نامىدا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بۇنداق لەتىپىلەر خېلى كوپ بولۇپ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى بىۋاستە ھالدا ھۆكۈمران ۋاڭ - گوڭلارغا قارىتىلىپ، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن سىنىپىي زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سەلەي چاققان 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئوپال رايونىدا ياشىغان رېيال خەلق لەتىپىچىسى بولۇپ، ھاياتىدا نۇرغۇن لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ سوز قىلىشتا تاپانچىدەك چاققان بولغاچقا «سەلەي چاققان» دەپ نام ئالغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىمۇ موللا زەيدىن لەتىپىلىرىگە ئوخشاش قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن رېيال تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ ئاساسى تېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ئوتكۈر تىللىق، زاۋانداراز، ھازىر جاۋاپ، ھەمدە پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، چوڭ سورۇنلاردا يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ چىڭ خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ قول چوماقلىرى بولغان ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى؛ ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە سوز ئارقىلىق ھەجۋى كۈلكە پەيدا قىلىشتىن كورە، كوپرەك ھەركەت ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىپ، ھاكىم، ئەمەلدارلارنى ھەجۋى ئاستىغا ئېلىش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ياراتقان كونكرېت ھىكايە - لەتىپىلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا مەخسۇس توختۇلۇپ ئوتىمىز.

ئۇيغۇر خەلق «لەتىپە ئەدەبىياتى»نىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى بىلەن ئازاتلىقتىن كېيىن خەلقىمىز ئارىسىدا يېڭىدىن بىر قىسىم خەلق لەتىپىلىرى ۋە قىزىقچىلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ يېڭى دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان لەتىپىلىرى ۋە ئەدەبىي چاقچاقلىرى ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى داۋامى بولۇپ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. مەسىلەن: ئازاتلىقتىن كېيىن يېتىشىپ چىققان ئىلى خەلق چاقچاقچىسى ۋە قىزىقچىسى ھىسامنىڭ لەتىپىلىرى، ئاقسۇلۇق ئىسكەندەر ھەققۇلنىڭ لەتىپە ۋە يۇمۇرلىرى بۇ جەھەتتە خاراكتېرلىقتۇر.

خەلق ئارىسىدا «مەداھلار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن خەلق ھېكايىچىلىرى بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتىنى تەشكىللىگۈچىلەر بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەشھۇر ھېكايىلار، قىسسە ۋە داستانلارنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە تارىلىپ، داۋاملىشىپ كېلىشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. مەسىلەن: قەشقەر كوناشەھەرلىك مەشھۇر خەلق ھېكايىچىسى ۋە داستانچىسى ئاۋۇت راۋاپچى، خوتەن قارىقاشلىق داستانچى شامەمەت قاتارلىقلار بىر ئۆمۈر خەلق سورۇنلىرىدا ھېكايىچىلىق ۋە داستانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىدە زور رول ئوينىدى. گەرچە، ئۇلارنىڭ بەزى ھېكايە-قىسسىلىرى مەزمۇن جەھەتتە بەزى پاسسىپ ئامىللاردىن خالىي بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر.

ئومۇمەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ھېكايىچىلىرى ۋە قوشاقچىلىرى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تارقىتىشتا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

مۇنەۋۋەر ھېكايىچى ھەمىشە ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئىنقىلاۋى كورەشلەردە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىدە ئاكتىپلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھېكايە قىلىش ماھارىتىنى قەدەممۇ-قەدەم ئۆستۈرۈپ، ئۆز ھېكايىسىنى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ.

ھېكايىچىلىق (مەدداھلىق دېيىشمۇ مۇمكىن) بىر خىل مۇشەققەتلىك ئىجادى مەھنەتتۇر. ئۇ ئىشتىن سىرتقى ھېكايىچىلارغا نىسپەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھېكايە ئېيتقاندا خۇددى دراما ئەسەرلىرىدىكىدەك ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق ھەركەت ۋە سۆز ئارقىلىق ئېچىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. خەلق ھېكايىچىلىرىنى ماھىر سەنئەتكارلار دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە.

ھېكايىنى ياخشى سۆزلەش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەبىئى يوسۇندا ھېكايىدىكى ھەر تۈرلۈك پېرسوناژلارنىڭ روھى قىياپىتىنى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ھەمدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىش زۆرۈر. جىياڭشىلىق ھېكايىچى كېي شياۋلىڭ (K xiaoling) نىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسى دىققەت قىلىشقا

ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ قارشىچە، ھېكايىنىڭ سۆزى ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك، ئاددىي-ساددا بولۇشى، ئاما ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ئاسان ئەستە قالدۇرالايدىغان ۋە تارقىتالايدىغان بولۇشى لازىم. بۇ بىر قەدەمنى ياخشى بېسىش ئۈچۈن، ھېكايىچى تۇرمۇشنى ئىنچىكىلەپ تولۇق كۆزىتىش، كەڭ ئاممىدىن تىل ئۆگىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى سىنىپ ۋە تەبىقىدىكى ئوخشاشمىغان ئادەملەرنىڭ چىراي-شەكلى، ھەركىتى، روھىي-ھالىتىنى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ھەقتە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش لازىم.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھېكايىچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىشتىن سىرتقى بولۇپ، ئىنتايىن تۇراقسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن زور كۆپچىلىك ھېكايىچىلارنىڭ ئىجادىيىتى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھېكايىچىلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاپاغا چىداپ سەنئەت ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا خەلق ئارىسىغا تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئېسىل سەنئەت ئەنئەنىسىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىش لازىم بولىدۇ.

خەلق ھېكايىچىلىرىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتى ئاساسلىقى ئېغىز ئارقىلىق قۇلاققا يەتكۈزىدىغان تىل سەنئىتىدۇر. تىل بۇ يەردە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئالدىنقى ئامىل. ھېكايىچى سۆزلەش داۋامىدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بەدىئىي تىلنى قوللىنىدۇ؛ بىرى، ھېكايىنى بايان قىلىپ، ۋەقەلىكنى ئىپادىلەشتىكى ھېكايىچىنىڭ ئاممىباپ تىلى، يەنە بىرى، ھېكايىدىكى پېرسوناژلار تىلى، خەلق ھېكايىچىلىرى بۇ ھەر ئىككى تىلغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئۇنىڭدىن قالسا ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىگە ماس ھالدا ھەركەت بولۇشى زۆرۈر. مۇشۇ 3 تەرەپ زىچ بىرلەشكەندىلا، ئاندىن خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك جەلپ قىلغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مەدداھلار مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە. لېكىن مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى داۋاملىق ھالدا يېڭىلاش، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىش، مەدداھلارنى تەشكىللەپ تەربىيىلەش ۋە غەمخورلۇق قىلىش نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. مۇشۇ نىشاندا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، پىشقەدەم خەلق سەنئەتكارلىرى (قوشاقچىلار، مۇقامچىلار، ھېكايىچىلار، داستانچىلار...)غا زور ئېتىبار بىلەن قاراشتىن تاشقىرى، يېڭىدىن يېتىشىۋاتقان خەلق سەنئەتكارلىرىغىمۇ ئۈمىتلىك قاراپ، ئۇلارنىڭ دەۋر روھىغا ماس ھالدا يېڭىچە ئىجات قىلىشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقىي باھارى تېخىمۇ جىلۋىلىنىدۇ.

# 7 ـ باپ

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش مەسىلىسى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش بىر تۈرلۈك ئالاھىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى، شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. توپلاش خىزمىتىنىڭ بىۋاستە مەقسىدى ئەلۋەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتكۈنچى شامالغا ئوخشاش غايىپ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، ئۇنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىشەنچلىك، تولۇق بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيالىغا ئىگە بولۇش ــ ئىلمىي تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش، مۇنەۋۋەر ئاغزاكى ئەسەرلەرنى تارقىتىش، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىش ھەمدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىقلاردا كەم بولسا بولمايدىغان ئىشتۇر. ئالىي مەكتەپلەر جۇڭگو ئەدەبىياتى پاكولتېتى ئوقۇغۇچىلىرى بۇ خىزمەتنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇشى، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، توپلاش، رەتلەش ئەمەلىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىشى لازىم. ئۇ بىزنىڭ بۇ خىل خىزمەتنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈشىمىزگە، توپلاش ــ رەتلەش ئۇسۇللىرىنى ئىگەللىشىمىزگە، تەجرىبە توپلاپ نەتىجە قازىنىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

## § 1- تارىخنى قىسقىچە ئەسلەش

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ــ رەتلەش خىزمىتى ئېلىمىزدە خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ نۇقتا ئۈستىدە بىز ئالدىنقى چىن سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئەسەرلەردىن تولۇق دەلىللەرنى تاپالايمىز. مىلادىدىن مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىكى جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «پالچىلىق سۆزلىرى» دە شياڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى قۇللۇق جەمئىيىتى مەزگىلىدە پەيدا بولغان خەلق قوشاقلىرى خاتىرىلەنگەن. مىلادىدىن 500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى توپلاپ تۈزۈلگەن «شېئىرىيەت دەستۇرى» ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «گوفېڭ» (Guo Feng) نىڭ مۇت-

لەق كۆپ قىسمى بىلەن «شياۋ يا» (Xiao Ya) نىڭ ئاز قىسمى جۇ سۇلالىسىنىڭ
باشلىرىدىن تارتىپ چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچىلىك بولغان 500 يىلدىن كۆپرەك
ۋاقىت داۋامىدا بارلىققا كەلگەن خەلق قوشاقلىرىدۇر. ئالدىنقى چىن سۇلالىسى مەزگىللى-
رىدىكى بىر مۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرى، مەسىلەن: «زۇ جۇەن»
(Zu Juan)، «گو يۈي» (Guo Yü)، «جەنگو تاكتىكىلىرى»، «جۇاڭزى» (Zhuang Zi)،
«مېڭزى» (M•ngZi)، «خەن فېيزى» (Hən F yzi) قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىغا ئالدىن-
قى سۇلالىلەر دەۋرىدىن ساقلىنىپ قالغان ياكى ئەينى ۋاقىتتا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق
ھېكايىلىرى، تەمسىل ۋە قوشاقلىرىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر پارچىلىرى كىرگۈزۈلگەن. خەن ۋۇدي،
ئالتە سۇلالە دەۋرىدە بۇ خىزمەت يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى.
سىماچيەننىڭ «تارىخنامە» سى بىلەن بەنگۇ (BanGuo) نىڭ «خەنشۇ» (HanShu)
سىغا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر مۇنچە قوشاق، ھېكايە ۋە رىۋايەتلەر كىرگۈ-
زۈلگەن بولۇپ، بۇ تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ جانلىقلىقى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى زور دەرى-
جىدە ئاشۇردى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇەينەن پادىشاسى ليۇئەن (Liu'ən) ۋە ئۇ-
نىڭ قول ئاستىدىكىلەر تۈزگەن «خۇەينەنزى»، ئالدىنقى چىن ۋە چىن، خەن سۇلالى-
لىرى ئارىلىقىدا تولۇقلانغان بىر دەۋر ياكى بىرەر شەخسكە تەئەللۇق بولمىغان «تاغ-
دېڭىز رىسالىسى»، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گەنباۋ (Gan Bao) نىڭ «روھنى ئىز-
دەش» ۋە جەنۇبىي جاۋ سۇلالىسىدىن لياڭ گورېن (Liang Guoren) يازغان «بايانناما-
لار توپلىمى» قاتارلىق خىلمۇ-خىل كىتابلارغا ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىدىكى رىۋا-
يەت، ئەپسانە، ھېكايىلىرى كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئېلىمىزنىڭ قە-
دىمقى تارىخى بىلەن خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ھۆججەتلەر ھېساپ-
لىنىدۇ. «روھنى ئىزدەش» تومىنىڭ 14-سىدە «يۈيجياڭ شىنيۈي ناھىيىسىنىڭ ئەركەك-
لىرى» — Yüy Jiang xinyu nahiyisinig ərkəkliri — دېگەن ھېكايە بار بولۇپ، بۇ
دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن خاتىرىلەنگەن «ئاتقۇ قىزى» ھېكايىسىدۇر.

خەن ۋۇدى زامانىدا جۇتيەنزى (ZhuTiənzi) نىڭ «شېئىر توپلاش»، «ئەل كۈي-
لىگە نەزەر سېلىش» چارىلىرىغا تەقلىت قىلىپ، رەسمىي تۈردە شېئىر ئىجاتچىلار ئورگىنى
قۇرۇلۇپ، خەلق قوشاقلىرىنى توپلىغان. ئوردىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شوئارى «قائىدە —
يوسۇنغا نەزەر سېلىپ، پايدا-زىياننى بىلىش» تىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئاساس-
لىقى يەنىلا ئوردا مۇراسىملىرى ۋە بەزمىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.
لېكىن خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش ۋە ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينىغانلىقى دەر ھەقىقەت
بىر پاكىتتىن ئىبارەت. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۇەن چېڭشى (Duan ch ngshi)
يازغان «چيۇ ياڭ (Qiu Yang) قىيمىسى» دېگەن كىتاۋىدا، ئۆز ۋاقتىدا تارقىلىپ يۈر-
گەن خەلق چۆچەكلىرىدىن بىر مۇنچىنى توپلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە «يې شيەن» (Ye Xian)
دېگەن بۇ ئەسەر «كورۇمسىز قىز» توغرىسىدىكى دۇنياۋى فانتازىيىلىك خەلق ھېكايىلىرى-

نىڭ ئېلىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىسىدۇر.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گوماۋچىڭ (Guo Maoqing) تەھرىرلىگەن «لوفاشان مەھكىمە شېئىرلار توپلىمى» غا زور مىقداردىكى ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋە خەن، ۋېي سۇلالىسى ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسى بەش دەۋرىدىكى خەلق قوشاقلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار مەزمۇنغا ئىنتايىن باي ئىدى. ئاتاغلىق زات ياڭ جېن (Yangzh n) نىڭ «شېئىرىيەتتىن ھوزۇرلىنىش»، «قەدىمقى ۋە بۈگۈنكى قوشاقلار»، «قەدىمقى ۋە بۈگۈنكى تەمسىللەر»، فىڭ مىڭلۇڭ (Feng Minglung) نىڭ «تاغ قوشىقى»، «كۈلكىلىك مەھكىمە»، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى دياۋيۈەن (LidiaoYüan) نىڭ «گۇاڭدۇڭ بورىنى»، دۇۋېنلەن (DuW nlən) نىڭ «قەدىمقى ماقال-تەمسىللەر»، جىڭ شۈبەن (Jingxüi Tən) نىڭ «تەبەت شاۋقۇنلىرى»، فەن يىن (Fan Yin) نىڭ «تەمسىلدىن ھالقىش» دىگەن كىتاپلىرى، مىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مۇھىم خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى توپلىمىدۇر. ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، خاتىرىلەش ئىشىنىڭ تارىخمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. قەدىمقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فولكلور ئاساسى ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن ھەمدە ئەشۇ ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپ خەلقىمىز ئارىسىدىكى بۇ فولكلور ئۈلگىلىرى ئىسمى نامەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ ئەۋلاتلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. مەسىلەن: قەدىمقى دەۋردىكى ئەپسانىۋى قەھرىمان ئوغۇز خاقان توغرىسىدىكى داستان، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئالىپ ئەرتۇڭگا»، «شۇ»، «قولباق»، «ئەرگىنە قون»، «دېدىقورقۇت» قاتارلىق مۇھىم داستان ۋە رىۋايەتلەر مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇن خاتىرىگە ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئورخۇن-يەنسەي بويلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلار (مىلادى 712-يىلى ئورنىتىلغان «تۇن-يوقۇق» مەڭگۈ تېشى، 732-يىلى ئورنىتۇلغان «كۇلتېگىن» مەڭگۈ تېشى، 735-يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان» مەڭگۈ تېشى، 759-يىلى ئورنىتىلغان «مويۇنچۇر» مەڭگۈ تېشى ۋە باشقىلار) دىمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان بەزى نەمۇنىلەر خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشىدا ئوچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن كىشى مەشھۇر تۈركشۇناس ۋە ئالىم مەھمۇت قەشقىرىدۇر. 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدا قاراخانىلارنىڭ نەسەبلىرىدىن ھۈسەينىڭ ئىبنى مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن مەھمۇت ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم-بىلىم ئىشىغا بېغىشلىدى. دۇنيادا بىرىنچى قېتىم سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئاساسىنى يارىتىشقا بەل باغلىغان ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق تۈركى تىللار قامۇسىنى يېزىشتىن بۇرۇن «خاقانىيە» ئۆلكىسىنى (جۈملىدىن قەشقەرىيە، ئىلى، يەتتە سۇ ۋە ئىسسىق كول بويلىرىنى)، قىرغىز—تاتار داللىرىنى، بۇلغار—قىپچاق سەھرالىرىنى، شەرقى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، ئارغۇ—ئوغۇز يېزىلىرىنى كېزىپ، تۈركى تىلىدا

سوزلەشكۈچى ئاساسى ئولۇس— ئايماقلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ تونۇشقاندىن تاشقىرى، يەنە كوپلىگەن خەلق قوشاقلىرىنى، ماقال - تەمسىللىرىنى، ھىكايە - لەتىپىلەرنى ... توپلىدى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تىل پاكىتلىرى سۈپىتىدە «دىۋانىغا» كىرگۈزدى. 1076-يىلى يېزىپ تاماملاپ باغدات خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ئىچىدە 300 كوبلىت ئەتىراپىدا قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، قەدىمقى داستانلاردىن پارچىلار، 200 پارچىغا يېقىن ماقال - تەمسىللەر بار. بۇ ئۈلگىلەر بىزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ بىردىن - بىر قىممەتلىك ماتېرىيالى ھىساپلىنىدۇ. قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى نەسىردىن رابغۇزى تەرىپىدىن مىلادى 1309—1310-يىللىرى يېزىلغان «قىسسەئى رابغۇزى» ناملىق ئەسەرمۇ ئۇز ئىچىگە پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى كوپلىگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ئالغان.

مەشھۇر تارىخچى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر تەرىپىدىن 1541 - 1551-يىللىرى يېزىلغان « تارىخى رەشىدى » ناملىق ئەسەرمۇ ئۇز ئىچىگە خېلى كوپ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىنى ئالغان. ئۇنىڭ توپلاپ رەتلىگەن «ئوغۇزنامە» داستانى ۋە تۈركى خەلقلىرىنىڭ «تۇتىم ئەپسانىسى» بەلگىلىك تارىخى قىممەتكە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئىجادى راۋاجلاندۇرۇش ساھەسىدە بولۇپمۇ 1441-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى تۇغۇلغان مەشھۇر شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋائىينىڭ كورسەتكەن خىزمىتى ناھايىتى زور. ئۇنىڭ «خەمسە» ناملىق داڭلىق ئەسىرى (مىلادىدىن 1483—1485-يىلى يازغان) خەلق ئىچىدىكى «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، « سەددى - ئىسكەندەر» قاتارلىق 5 داستانغا ئاساسلىنىپ يېزىلغان. شۇندىن باشلاپ كوپلىگەن شائىرلار ۋە يازغۇچىلار ناۋايى باشلاپ بەرگەن مۇشۇ يول بويىچە خەلق ئىچىدىكى ئېغىز ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىنى توپلاش ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ ئۇز ئىجادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى ئابدۇرېھىم نىزارى (1770—1848-يىللىرى ياشىغان) موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ (1825—1902-يىللىرى) قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشىغا يېقىندىن كوڭۈل بولدى. ئۇلارمۇ كوپلىگەن مەشھۇر خەلق داستانلىرىنى توپلاپ قالدۇردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نۇزۇگۇم توغرىسىدىكى قىسسە موللا بىلالنىڭ خاتىرىسى ئارقىلىقلا بىزگە مەلۇمدۇر.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن يېزىق يۈزىدە خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان يەنە مۇنداق ئەسەرلەرمۇ بىزگە مەلۇم. مەسىلەن: موللا سەنجار ئىبراھىم قەشقىرى « بەختىيارنامە» دىن 10 ھىكايە ئېلىپ ھەمدە خەلق ئارىسىدىن ھىكايە - چوچەكلەرنى توپلاپ مىلادى 1849-يىلى «جامىئۇل ھىكايەت» («ھىكايىلار توپلىمى») نى تۈزۈپ، ئۇز قولى بىلەن كوچۈرگەن. مىلادى 1878-يىلى موللا مۇھەممەت تومۇر تەرىپىدىن ئۇيغۇر خەلق

داستانى «ھۆرلىقا - ھەمراجان» رەتلەپ كۆچۈرۈلگەن. يەنە مىلادى 1873- يىلى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن «مالىك ئەژدار داستانى»، مىلادى 1890- يىلى «سۇلتان ئارسلانخان» داستانى، مىلادى 1893- يىلى «قىرىق تۇتى» ناملىق خەلق ھىكايىلىرى توپلىمى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قانچە نامەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ رەتلەنگەن «غېرىپ - سەنەم»، «يۇسۇپبەگ - ئەخمەتبەگ»، «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىق مەشھۇر داستانلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. يەنە تارىخىي ئەسەرلەردىن «شەجەرەئى تۈرك»، (خىۋە خانى ئابۇلغازى باھادىرخان تەرىپىدىن ھىجرىيە 1014- يىلىدىن 1074- يىللىرى يېزىلغان)، «تارىخى ئەمنىيە» (موللا موسا سايرامى 1840—1915- يىللىرى) تەرىپىدىن مىلادى 1903- يىلى (ھىجرىيە 1321- يىلى يېزىلغان) قاتارلىقلاردىمۇ خېلى كۆپلىگەن ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، ھىكايە - لەتىپىلەردىن پارچىلار بېرىلگەن.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەدىمقى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە شائىرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ زور تۆھپىلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئەھمىيەت بىلەن قاراپ ئۇنى توپلاش، رەتلەش ئىشىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت.

يۇقۇرىدا مىسال قىلىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئىچىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە خەلق ئارىسىدىن خاتىرىلىنىۋېلىنغان، بەزىلىرى بولسا ۋاستىلىق تۈردە باشقا كىتابلار ئىچىدىن يىغىۋېلىنغان، گەرچە خاتىرىلەشتە تەپسىلىي بولۇش ۋە قىسقارتىۋېتىش، دەۋر جەھەتتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇشتەك مەسىلىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوشقان تۆھپىسى بار. ھەتتا توپلام، خاتىرە ۋە جايلار تەزكىرىسى قاتارلىق ئەسەرلەردە ئۇچرىغان خەلق ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىغا كەلسەك، بۇ تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توپلاپ ۋە رەتلەپ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

«4- ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى - كەينىدە، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان فولكلورچىلىق ئېلىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىدى. 1918- يىلى 2- ئايدا بېيجىڭ داشۆي ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ليۇفۇ، جوۋ زوۋرېن، شېن يىن قاتارلىق كىشىلەر مەكتەپ مۇدىرى سەي يۈەنپېينىڭ قوللىشى ئاستىدا، قوشاق توپلاش ئورنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قوشاق توپلاشنى تەشەببۇس قىلدى. 1920- يىلى قىشتا قوشاق تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1922- يىلى 12- ئايدا يەنە «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭغا دەسلەپتە ليۇفۇ، شېن يىنمولار تەھرىرلىك قىلدى، كېيىن جوزورېن، چاڭ خۇي تەھرىرلىك قىلدى. بۇ ژۇرنال جەمئىي 96 سان چىقىرىلغان بولۇپ 13 مىڭ 908

قوشاق توپلاپ، كوزگە كورۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. «قوشاقلار» ژورنىلىنىڭ 49-
سانىدىن باشلاپ قوشاق توپلاش، تەتقىق قىلىش دائىرىسى خەلق چوچەكلىرىنى، رىۋايەت-
لەرنى ۋە خەلق ئورپ-ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈش، توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشقىچە كېڭەيتىل-
دى. بۇ خىل ئۇسۇل يالغۇز يېڭى ئىلىم-پەن ساھەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دول-
تىمىزنىڭ ھازىرقى زامان خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىگە ئاساس سالدى، ئۇنىڭ تەسىرى
چوڭقۇر بولدى. «بېيجىڭ داشۆينىڭ مەملىكەت بويىچە يېقىنقى زامان قوشاقلىرىنى توپ-
لاش ھەققىدىكى قىسقىچە نىزامنامىسى» ۋە «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژورنىلىنىڭ نەشر قىلى-
نىشىغا بېغىشلىما» لارنى دولىتىمىز خەلق ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ مۇھىم ھوججەتلىرى دەپ
ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلاردا ئەينى ۋاقىتتىكى دولىتىمىز زىيالىيلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا بول-
غان ئىلغار قارىشى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «نىزامنامە» دە مۇنداق كورسە-
تىلگەن: «قوشاقلارنىڭ تېكىستى ۋە ئۇسلۇبى ئەينەن بولىشى، تۈزىتىلمەسلىكى كېرەك.
ئومۇملىشىپ كەتكەن يەرلىك تىل-يېزىقلار كىتاۋى تىللارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلماسلىقى
كېرەك. خەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان رايون خاراكتېرلىك ئاتالغۇلار بول-
سا، دەسلەپ خەنزۇ خەت ئاھاڭى بويىچە يېزىۋېلىنىپ، كېيىن لاتىن يېزىقى ياكى ترانس-
كرىپسىيە بىلەن ئىپادىلەپ قويسا بولىدۇ. «مەلۇم ئىجتىمائى دەۋردە قوللىنىلغان قو-
شاقلارغا ئىزاھات بېرىلىشى كېرەك». قوشاقلاردا تارىخىي جۇغراپىيىلىك ياكى جايلارنىڭ
ئالاھىدە مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن سوزلەر بولسا، ئىزاھلىنىشى لازىم»①. قوشاقنىڭ ئەس-
لى تېكىستىنى خاتىرىلەشتە نىمە ئۈچۈن بىر مۇنچە قاتتىق تەلەپلەر قويىلىدۇ؟ بۇ مەسىلە-
گە «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژورنىلىنىڭ «تۇنجى سانىغا بېغىشلىما» دا ئېنىق جاۋاپ بېرىل-
گەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيۇشمىمىزنىڭ قوشاق توپلاشتا مۇددىئاسى بار: بىرى،
ئىلمى بولۇش، يەنە بىرى، ئەدەبى بولۇش». ئىلمىلىك توغرىسىدا مۇنداق كورسىتىلگەن:
«قوشاق — خەلق ئورپ-ئادىتىنىڭ بىر خىل مۇھىم ماتېرىيالى بولۇپ، مەخسۇس تەتقىق
قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم». شۇڭا، «ماقالە ئېيۋەت-
كۈچىلەر قوشاقلارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئايرىپ ئولتۇرمايلا ئامالىنىڭ بېرىچە خاتىرىلەپ ئې-
ۋەتسە بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قوپال، چاكىنا بولىشى ئىلىم-پەندە ھېچگەپ ئەمەس».
ئەدەبىيلىك توغرىسىدا، «بېغىشلىما» دا ئىلمى ماتېرىياللار ئىچىدىن تاللاشنى، «خەلقنىڭ
كوڭلىدىكىدەك تاللانما ئەسەر تۈزۈپ چىقىش» تەشەببۇس قىلىنغان. شۇنداقلا «بۇ خىز-
مەت ھازىر يوشۇرۇنۇپ ياتقان شەن-شەرەپنى تەقدىرلەپلا قالماي، بەلكى مىللەتلەرنىڭ
كەلگۈسىدىكى شېئىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ»② دەپ تەكىتلەنگەن. بۇ خىل ئىل-

① «بېيجىڭ داشۆي كۈندىلىك ژورنىلى» (1918-يىلى 2-ئاي 1-كۈنى).

② «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژورنىلىنىڭ نەشرگە بېغىشلانغان سان. (1922-يىل 12-ئاينىڭ 17-كۈنى).

مى كۆز قاراشلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى تەرەققىپەرۋەر ئىلىم ئەھلىلىرى ئېلىمىز خەلق ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، توپلاش خىزمىتى جەريانىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىلمى پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نۇقتىنەزەرلەر، «4-ماي» مەزگىلىدىكى قوشاقچىلىق ھەركىتىنىڭ ئىلمى سەۋىيە دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىگىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك پايدىلىق تەسىر كۆرسەتتى.

1927-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گۇاڭجۇ جۇڭشەن داشۆي تىل تارىخى تەتقىقات ئورنىدا مىللى ئۆرپ-ئادەتلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. گەرچە بۇ ئىلمىي تەشكىلات بېيجىڭ داشۆي قوشاق تەتقىقات ئۇيۇشمىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بېيجىڭ داشۆي قوشاق تەتقىقات ئۇيۇشمىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا مەكتەپ ئىچىدە گوجى گاڭ (Gujigang)، دۇڭ زوبىن (Dongzuobin)، ياڭ چىڭجىژ (YangChingzhi)، رۇڭ جياۋزۇ (Rong zhaozu)، جۇڭ جىڭۋېن (Zhungjing Wen) قاتارلىق تايانچى كۈچلەر بولۇپ، مەكتەپ سىرتىدا يەنە شيې يۈنشېڭ (xieyunsheng)، چيەن نەنياڭ (Qiannanyang)، جاڭ چىڭشۈي (Zhang Qingshui) قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ جەمئىيەت ئۆرپ-ئادەت، مىللەت، خەلق ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنداقتىمۇ كۆپ ساندىكى ئەزالار يەنىلا خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە جاڭ ۋېنجىژ، دۇزوبىن قاتارلىقلارنىڭ تەھرىرلىك قىلىشى بىلەن «خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى» ھەپتىلىك ژۇرنىلى نەشر قىلىپ، جەمئى 12 سان چىقاردى. كېيىن ئۇنىڭ نامىنى «خەلق ئۆرپ-ئادەتلىرى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىپ، بۇنىڭغا جۇڭ جىڭۋېن، رۇڭجياۋزۇ، ليۇۋەنجاڭ (LiuWənzhang) لار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تەھرىرلىك قىلدى.

بۇ ژۇرنال 6 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جەمئى 123 سان چىقىرىپ نۇرغۇنلىغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە ئىلمى ماقالىلارنى توپلىدى ۋە ئېلان قىلدى. بۇ «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدىن كېيىنكى مەملىكەت ئىچىدە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ژۇرناللارنىڭ بىرى ئىدى. جۇڭشەن داشۆي خەلق ئۆرپ-ئادەت ئۇيۇشمىسى يەنە مەخسۇس بىر قارار «خەلق ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆگىنىش كۇرسى» ئاچتى، ھەمدە بۇ كۇرسقا 12 خىل دەرس كىرگۈزۈلۈپ، 22 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ بىر ئىجادىيەت خاراكتېرلىك پائالىيەت ئىدى. جۇڭشەن داشۆي خەلق ئۆرپ-ئادەت ئۇيۇشمىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردە جانلانغان خەلق ئۆرپ-ئادەت ھەم خەلق ئەدەبىياتى ئىلمى تەشكىلاتلىرىدىن يەنە فۇجيەندە، «شامىن خەلق ئۆرپ-ئادەت ئۇيۇشمىسى»، «فۇجۇ خەلق ئۆرپ-ئادەت ئۇيۇشمىسى»، گۇاڭدۇڭدا «جياڭ خەلق ئۆرپ-

ئادىتى ئۇيۇشمىسى»، جېجياڭدا «يىن شەن ناھىيىلىك خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى» ۋە «خاڭجۇ خەلق ئۆرپ-ئادىتى جەمئىيىتى» قاتارلىق تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرى ژۇرنال چىقاردى، بەزىلىرى يەرلىك گېزىتلەردە خەلق ئۆرپ-ئادىتى توغرۇلۇق قوشۇمچە بەت ئاجراتتى. ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە داغدۇغىسى گەرچە جۇڭشەن داشۆي خەلق ئۆرپ-ئادىتى ئۇيۇشمىسىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش جەھەتلەردە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

«4-ماي» ھەركىتىدىن 1930-يىلغىچە بولغان بۇ ۋاقىتنى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتى باشلىنىشتىن زور تەرەققىي قىلىشقا ئۆتكەن مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى يىللارنى تەشەببۇس قىلىش ۋە باشلىنىش باسقۇچى دېسەك، ئۇنداقتا كېيىنكى يىللارنى زور نەتىجىلەر بىلەن تولغان مول ھوسۇل يىللىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ھەر قايسى ژۇرناللاردا پارچە-پۇرات ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنى قوشۇپ تۇرايلى، پەقەت تەھرىر قىلىنىپ نەشردىن چىققان خەلق ئەدەبىي ئەسەرلىرى تاللانمىسى ۋە تەتقىق قىلىنغان مەخسۇس ئەسەرلەرلا مەسىلەن: «ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ بالىلار قوشىقى توپلىمى»، «جياڭسۇ، جېجياڭ رايونلىرىدىكى شېئىرلار توپلىمى» (1—2-قىسىم) جۇيىڭتەي (zhuyingtai) ھېكايىلار توپلىمى» مىڭ جياڭ (mingjiang) قىزى ھېكايىلىرى ھەققىدە تەتقىقات توپلىمى»، «ئەپسانىلار تەتقىقاتى»، «جۇڭگو ئەپسانە تەتقىقاتى ABC»، «قوشاقلار نەزىرىيىسى توپلىمى» قاتارلىق بىر نەچچە يۈز خىل بولۇپ، نەتىجىسى ئىنتايىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئەلۋەتتە، ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت ئاستىدا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ خىزمىتى مەلۇم چەكلىمە دائىرىسىدە ئىدى، بۇ تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا نىسبەتەن گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يازغۇچىسى — كەڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىرلىشىپ كېتەلمىگەن، ئۇلاردىن كۆپ قىسمىنىڭ ھەركەت دائىرىسى زىيالىيلار قاتلىمىدىن ئىبارەت تار دائىرە ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالغان. ئىككىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزم-لېنىنىزم جۇڭگودا تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشتا تېخى ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ كېتەلمىگەن، ئۇلارنىڭ ئىلمىي چۈشەنچىسى ئاساسى جەھەتتىن غەربىي ياۋروپانىڭ بۇرژۇئاچە ئېتنوگرافىيە ياكى بۇرژۇئاچە ئىنسانشۇناسلىق قارىشىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلىم ئەھلىلىرى شۇغۇللانغان باشلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە بۇ خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتىگە ھەم شۇنداقلا ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نەتىجىلەرگە مۇۋاپىق باھا بېرىش لازىم. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ فېئوداللىق كونا ئەدەبىيات-سەنئەتنى، كونا ئىلىم-پەن كۆز قارىشىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، دېموكراتىك يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت، يېڭى ئىلىم-پەن كۆز قارىشىنى تىكلەش جەھەتلەردە قوشقان تۆھپىلىرىنى تېخىمۇ يېتەرلىك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئەسلىدە خېلى جانلانغان شەرقى-جەنۇبىي دېڭىز ئەتراپىدىكى خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنى توپلاش خىزمىتىدە جىم-جىتلىق ۋە توختاپ قېلىش يۈز بەردى. جياڭجېشى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا، بېيجىڭ، تيەنجىن ۋە دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان چوڭ شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر كەڭ ئارقا سەپ ھېساپلانغان يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۈەن، شىكاڭ ئەتراپى رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلگەچكە، ئىلىم-پەن پائالىيەتلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا بۇ رايونلاردىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، شۇنداقلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى ۋە جەمئىيەت ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئازات رايونلاردا، ھەرقايسى مەدەنىيەت ئورگانلىرى خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئورغۇنلىغان خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنى ۋە باشقا ئىنقىلاۋى قوشاقلارنى توپلاپ، شاپىگراپتا بېسىپ، تارقىتىپ، ئۇلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئاممىنى تەربىيىلەشتە بۇ ئەسەرلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇردى.

بولۇپمۇ 1942-يىلى يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن ئازات رايونلاردىكى خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى پۈتۈن پارتىيىنىڭ يەنىمۇ ئېتىۋار بېرىشىگە ئېرىشتى، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىمىز كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. يولداش خې چىفاڭ (HeQi Fang) نىڭ «توپلاشتىن يېزىشقىچە» دىگەن ماقالىسىنى ئەشۇ مەزگىلدىكى توپلاش-رەتلەش خىزمىتىنىڭ ئاساسى تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پۇخرالارنىڭ يېنىغا بېرىپ بىۋاستە توپلاش كېرەك»، «ئاساسلىقى بىزدە پۇخرالارنى ھۆرمەت قىلىشتەك بىر خىل پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك»، «ئۇستازلارنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى بولۇش كېرەك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك». خاتىرىلەش پرىنسىپى بىلەن خاتىرىلەش ئۇسۇلى توغرىسىدا خې چىفاڭ مۇنداق كورسىتىدۇ: «ئالدى بىلەن ئەينەن خاتىرىلەش كېرەك»، «ئوخشاش بىر قوشاق ياكى ئوخشاش بىر ھېكايىنى بىر نەچچە خىل كۆپرەك توپلاپ ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش، پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىش لازىم». رەتلەش خىزمىتى جەھەتتە، ئۇ مۇنۇلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ: «خەلق ناخشىلىرىنى، سۆز ئىبارىلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك، چىقىرىپ تاشلىماسلىق ۋە قوشماسلىق لازىم»، «خەلق چۆچەكلىرىگە كەلسەك، جايى بىلەن ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ئۆزگىرىش تېخىمۇ زور بولىدۇ. ھېكايىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە ساقلاپ قېلىشى تەس، شۇنداقتىمۇ ئاساسى جەھەتتىن ئەسلى ۋەقەلىككە سادىق بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش لازىم. ئەگەر ئۆزىمىز ئۆزگەرتىپ يازىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بۇ ئەسەر ساپ خەلق ئەدەبىياتى ھېساپلانماستىن،

بەلكى خەلق ئەدەبىياتىنى مەزمۇن قىلغان ئاساستا ئۆزىمىز يېزىپ چىققان ئەسەر بولۇپ قالىدۇ. يولداش خې چىڭفاڭ تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مەيلى خەلق ناخشىسىنى يېزىشتا بولسۇن، ياكى خەلق ھېكايىسى ۋە خەلق سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشتا بولسۇن، ھەممىسىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئورنى ئىزاھلىنىشى لازىم. ئادەتتە چۈشىنىش تەس بولغان يەرلىك تىللار، شىۋىلار شۇنداقلا بۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلەرگىمۇ ئەڭ ياخشىسى ئىزاھات بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشى ياكى تەتقىق قىلىشىغا ئوڭاي‌لىق تۇغدۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك».①.

يۇقۇرقى سۆزلەردە، توپلاپ رەتلىگۈچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك توغرا پوزىتسىيىلەر كۆرسىتىلىپ، خاتىرىلەش-رەتلەشنىڭ ئىلمىي پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى توپلاش-رەتلەش خىزمىتىمىزدىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خې چىڭفاڭ بىلەن جاڭ سۇڭرۇ (ZhangSungru) بىرلىشىپ تۈزگەن «شەنبى خەلق ناخشىلىرىدىن تاللانما»، لى جى (LiJi) تۈزگەن «شۈن تيەنيۇ»، مياۋپېيشى (MiaopeiShi) تۈزگەن «قوشاقلار توپلىمى»، خې جياڭلۈي (HeJiangLuy) سەنئەت ئۆمىكى تۈزگەن «خەلق چۆچەكلىرى»، شۇنداقلا مافېڭ (Mafeng)، شۇۋېي (Shuwei) قاتارلىق يولداشلار توپلاپ بېسىپ چىققان خەلق قوشاقلىرى توپلاملىرى قاتارلىقلار شۇ ۋاقىتتىكى، توپلاش-رەتلەش جەھەتتە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن نەتىجىلەردۇر.

يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىز خەلق ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىشەشلىك كاپالەت بېرىپ، ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. 1950-يىلى جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ زور كۈچ بىلەن خەلق ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى توپلاشقا كىرىشتى. «خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى مەجمۇئەسى»نى نەشر قىلىپ، جەمئىي 3 سان چىقاردى. 1955-يىلغا كەلگەندە يەنە «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. شاڭخەيدىمۇ 1957-يىلدىن باشلاپ «خەلق ئەدەبىياتى توپلىمى» ژۇرنىلى چىقىرىلدى (جەمئىي 10 سان). بۇ مەخسۇس ژۇرناللاردا خەلق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى ئۆزىگە ئاساسىي ۋەزىپە قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا توپلاش-رەتلەش خىزمىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. 50-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ بەزى ئالىي مەكتەپلەرگە «خەلق ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرى» (كېيىن «خەلق ئەدەبىياتى» غا ئۆزگەرتىلدى) دەرسلىكى كىرگۈزۈلدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشنى مەملىكەتتىكى ھەر قايسى داشۆلەردىكى جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات پاكولتېتلىرىغا مۇھىم دەرسلىك قىلىپ كىرگۈزۈش مەملىكىتىمىز تارىخىدا تېخى مىسلى كۆرۈل-

① خې چىڭفاڭ «رېئالىزىم توغرىسىدا»، شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1959-يىلى 6-ئايدىكى يېڭى سانى.

مىگەن زور ئىش بولۇپ، بۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى جۇڭگودا بولۇشقا تېگىشلىك ئورنىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنقى 17 يىل ئىچىدە، مەملىكىتىمىزدىكى خەلق ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرى ھەر قايسى مىللەت خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە توپلاش ئېلىپ باردى. 1958-يىلى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەملىكەت بويىچە يېڭى بىر توپلاش ھەركىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ، داغدۇغىسى زور بولۇپ، مەملىكىتىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ھەركەت بولدى. شۇ يىلى ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا «ئومۇمىيۈزلۈك توپلاش، نۇقتىلىق رەتلەش، زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىقاتنى كۈچەيتىش» تىن ئىبارەت خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرىنىڭ خىزمەت فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «خەلق گېزىتى» مۇ «مەملىكەت بويىچە خەلق قوشاقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلايلى» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلدى. ھەر قايسى پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش ھەركىتى جۇشقۇنلۇق بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇزۇنغا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا زور مىقداردىكى يېڭى ۋە ئەنئەنىۋى خەلق قوشاقلىرى توپلاندى.

ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ داستان ۋە خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاش جەھەتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 17 يىل ئىچىدە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن يۇقۇرى دەرىجىلىك نەشرىياتلارنىڭ ئاشكارا تارقاتقان ھەر قايسى مىللەتلەر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مەخسۇس توپلاملىرى 2400 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يۈننەن، گۈيجۇ، چىڭخەي، گۇاڭشى، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكە ۋە رايونلار توپلاپ باسقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى بار. بۇ زور نەتىجىلەر 17 يىللىق خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىنىڭ شانلىق غەلىبىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئىسپاتى.

ئەلۋەتتە، بىز 58-يىلقى خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنى توپلاش ھەركىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، يەنە مەلۇم كەمچىلىك ۋە مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. مەسىلەن: «ھەممە كىشى شېئىر يېزىش»، «ھەممە كىشى ناخشا ئېيتىش» قاتارلىق خاتا شۇئارلار، ئىشچى-دېھقان ئاممىسى ئىشلەپچىقىرىشنى توختۇتۇپ، «ئەدەبىيات-سەنئەت سۇنئىي ھەمراسى» قويۇپ بېرىش ۋە كىشىلەرنى چېچىلاڭغۇ ھالدا شېئىر يېزىشقا قوزغاش، يالغۇز سانىنىلا قوغلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلاندى. بۇ خىل ئۇسۇللار مۇقەررەر ھالدا ساختىپەزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادى خىزمەتتىكى مەلۇم خاتا كۆز قاراشلار كېيىنكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇندىن باشقا 17 يىل ئىچىدە خىزمەتتىكى يېتەرسىزلىكلەر

تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلار كېلىپ چىقتى. مەسىلەن: خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش-رەتلەش خىزمىتىگە نىسبەتەن بەزى پىرىنسىپاللىق سىياسى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھالبۇكى، ئوخشاش بولمىغان دەۋردە، ئوخشاش بولمىغان پىكىردىكى كىشىلەرنىڭ پىرىنسىپلارغا بولغان چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن قەدەم بىرلىكى بولماي، خىزمەتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنمىدى. توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشقان يولداشلارنىڭ بىر قىسمى كەسپى خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى بولسىمۇ، لېكىن خېلى كۆپ ساندىكىلىرى ئىلىم ئەھلى، يازغۇچى، تەھرىر، ئادەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى، ئالى كەسپى تېخنىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرلىرى ھەمدە ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلاردىن تەركىب تاپقان. مەيلى كەسپى خادىم بولسۇن، ياكى ئىشتىن سىرتقى خادىملار بولسۇن، ئۇلارنىڭ يا ئىلىم-پەن چۈشەنچىسىنىڭ ئوخشىماسلىغى، يا خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاشتىكى مەقسىدىنىڭ ئوخشىماسلىغى ۋە ياكى توپلاش، رەتلەشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى جەھەتتىكى يېتەكچىلىك ۋە مەشقىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، نىمىنىڭ توپلاش-رەتلەش ئىكەنلىكى، قانداق توپلاش-رەتلەش لازىملىغى ھەققىدىكى تونۇش بىردەك بولمىدى. ھەتتا تامامەن بىردەك بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتلىرىمىزدە ئىزچىل تۈردە بەزى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىلەر ئاساسى جەھەتتە تۆۋەندىكى 3 نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

1- مىللى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مىراسلىرىغا نىسبەتەن تارىخى پوزىتسىيە كەمچىل بولۇپ، ياخشى ياكى بىر قەدەر ياخشى نۇرغۇن ئەسەرلەر شاكال قاتارىغا چىقىرىلدى.

2- قەدىمقىنى ھازىرقى ئۈچۈن ئىشلىتىش پىرىنسىپى تارلاشتۇرۇلۇپ، ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھازىرقى سىياسەت، ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىلدى.

3- خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ خىل رولىغا سەل قاراپ، ئۇنى ھە دەپ «ئەدەبىيلەشتۈرۈپ» (خەلق ئەدەبىياتىغا ئادەتتىكى ئەدەبىياتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ تەلىپىنى قويۇش ئارقىلىق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈرۈۋېتىپ، ئۇنى پەدەزلەشكە قارىتىلغان) ئېغىر ھالدا ئەينەنلىكىنى يوقۇتۇپ قويۇش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەسىلىلەر تۈزىتىشكە تېگىشلىك كەمچىلىك، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ساۋاق دەپ قارىلىشى، شۇنداقلا توپلاش-رەتلەش خىزمىتىنىڭ پىرىنسىپ، ئۇسۇللىرىنى شەرھلىگەندە، مۇۋاپىق كۆرۈلگەن نۇقتىلاردا كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلىشى لازىم.

لېكىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتىنىڭ قەدىمى تەكشى بولمىدى. بولۇپمۇ چېگرا رايونلارغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ئىشى نىسبەتەن ئارقىدا قالدى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا بۇ خىزمەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ مۇھىم ھالقا بىر قەدەر تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سىستېمىلىق ۋە پىلانلىق بول-

مىدى. توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ دائىرىسىمۇ پەقەت قوشاق ۋە چۆچەكلەر بىلەنلا
چەكلىنىپ قالدى. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات بايلىقى ھېلىمۇ كو-
مۈلگەن پېتى تۇرماقتا. شىنجاڭنى مىسالغا ئالساق، 57—58-يىللىرى ۋە 61—63-يىل-
لىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپ-
لاش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ
يىللاردا توپلانغان ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى رەتلەنمەي تۇرۇپلا، لىن بياۋ «4 كىشى-
لىك گۇرۇھ» نىڭ يېمى بولۇپ كەتتى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن
بارلىق ساھەلەردىكى گۈللەپ-ياشناش كەيپىياتىدا ئەگىشىپ ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش
ۋە رەتلەش ئىشىدىمۇ باھار مەنزىرىسى ئەكس ئەتتى. 78-يىلدىن كېيىنكى قىسقىغىنا 3
يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە بىر قەدەر
تولۇق بولغان بىر قانچە توپلاملار نەشر قىلىندى. توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش
ساھەسىدە بىر قەدەر مۇنتىزىم تايانچ كۈچلەر بارلىققا كەلدى. دەسلەپكى قەدەمدە ئۇي-
غۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى سېستىمىسى شەكىللەندى. جۇڭگو خەلق ئېغىز
ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇپ بۇ خىزمەت تەشكىلى جەھەت-
تىن رەھبەرلىككە ئىگە قىلىندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيىنىڭ فولكلور خىزمىتى يۆنىلىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ غەمخورلىقى ۋە قوللىشى شۇنداقلا
كەڭ فولكلور خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدە-
بىيات-سەنئەت ئىشلىرى كۈن ساناپ راۋاجلىنىپ، لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تەرى-
پىدىن تولۇق ئىسكىلاتىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان ئەسەرلەر قايتا
قولغا ئېلىنىپ، بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە «قۇتقۇزۇش» ئېلىپ بېرىلماقتا. مەسىلەن: ھازىر
قىرغىز خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق تارىخى ئېپوسى — «ماناس» نى قايتىدىن خاتىرىگە ئېلىش
ۋە تەرجىمە قىلىش، موڭغۇل خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى — «جاڭغىر» نى توپلاش خىز-
مىتى يېڭىۋاشتىن جىددى ئىشلەنمەكتە. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، شىنجاڭدىكى
ئالى مائارىپ يۇرتى ھېسابلانغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىدا مەخ-
سۇس «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسلىكى تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
فولكلور خىزمىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تايانچى قوشۇن تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھ-
مىيەت بېرىلدى ۋە ھەر يىلى رايونىمىزنىڭ چەت يېزا-قىشلاقلىرىغا بېرىپ، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ئىجتىمائىي پراكتىكىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

شۇنداقلا يەنە يېقىنقى 2—3 يىلدىن بۇيان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شىنجاڭدى-
كى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل... مىللەتلىرىنىڭ ئۆز تىللىرىدا كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە
خەلق ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا «بۇلاق»، قازاق تىلىدا «شالغىن»، موڭغۇل تى-
لىدا «خانتەڭرى» ناملىرىدا پەسىللىك يېڭى مەجمۇئەلەر تەسىس قىلدى. بۇ ژۇرناللاردا

ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىغا باي ژانىرلىرى، ھەر خىل خەلق ماقال-تەمسىللىرى، تېپىشماقلار، چۆچەكلەر، قوشاقلار-ئېيتىشىشلار، ئەقلىيە سۆزلىرى، لەتىپىلەر، داستان-قىسسەلەر، ئېپوسلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا ھەر مىللەت تىللىرىدا ئايرىم-ئايرىم كىتابچە بولۇپ خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا: يولداش تۇرسۇن زىبەردىن بىلەن سۇلتان مەخمۇت رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» 1-2-قىسىم (78-81-يىللار)، مەممەت رېھىم رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى» 1-(78-يىلى)، ئابدۇشۇكۇر تۇردى رەتلىگەن «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» (79-يىلى)، ئابدۇكېرىم راخمان توپلىغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (81-يىلى)ھەم «تېپىشماقلار» (81-يىلى) «ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى»، ئەخەت ھاشىم توپلىغان «ئۇيغۇر خەلق تەمسىللىرى» (80-يىلى)، تۇرسۇن زىبەردىن توپلىغان بالىلار ئەدەبىياتى توپلىمى «دىككى-دىككى توشقان» (81-يىلى)، ئۇچقۇن ئۆمەر توپلىغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي قوشاقلىرى» ۋە باشقىلار...

قازاق تىلىدا: كوللېكتىپ ۋە ئارغىن توپلىغان «قازاق ماقال-تەمسىللىرى» (79-يىلى)، خەلق قىسسىلىرىدىن «ئارقالىق باتۇر» داستانى، ئورازبېك ۋە زەينۇللا توپلىغان «قازاق خەلق چۆچەكلىرى» (80-يىلى) ھەم «بالىلار چۆچەكلىرى» (80-يىل)، قالىدۇللا تەھرىرلىگەن «قازاق خەلق چۆچەكلىرى» (81-يىل)، زەينۇللا ۋە قىناشكەن ئىشلىگەن «تېپىشماقلار توپلىمى» (81-يىل)، قازاق خەلق ئاقىنلىرى تاگجارىقنىڭ «نازىگۇل» (81-يىل)، سىماغۇلنىڭ «ئۆمىر تولغاۋى» (78-يىل)، بورداش بورىبەمبەت ئوغلىنىڭ «ئېرىتىش دولقىنى» (80-يىل)، رەخىمجاننىڭ «ئاقىن لەۋزى» (81-يىل) ۋە باشقىلار...

موڭغۇل تىلىدا: باتما تەھرىرلىك قىلغان «مەدھىيە ۋە تەبرىك ناخشىلىرى توپلىمى» باتما ۋە دۇربا تەھرىرلىگەن «قۇياش شاھزادە» داستانى، تەۋە توپلاپ، باتباير تەھرىرلىگەن «قۇلا ئاتلىق ئالدىرخان» داستانى(80-يىل)، باتباير تەھرىرلىگەن «پادىشانىڭ كېلىن تاللىشى» (81-يىل)، باتباير تەھرىرلىگەن ھايۋاناتلار ھېكايىسى«قۇرۇق سۆز قوشاقچى» (81-يىل)، باتباير تەرجىمە قىلغان «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» (80-يىل)، بولغا تەھرىرلىگەن «تېپىشماقلار توپلىمى» (81-يىل)، باتبايىر رەتلىگەن «بالىلارنىڭ تىل مەشىقى ناخشىلىرى» (81-يىل)، ئېرىنچە تۈزگەن «موڭغۇل خەلق ناخشىلىرى» 1- (81-يىلى) قاتارلىق خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات خىزمىتى جەھەتتىمۇ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر زور. بۇ ساھەدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر قەدەر يېتەكچى خاراكتېرگە ئىگە بولغان

تەتقىقات ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلىرى بارلىققا كېلىپ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى ھەتتا بەزىلىرى خەلقارا فولكلور تەتقىقاتى سەھنىلىرىگە سۇنۇلۇپ، دۇنيا فولكلور ئالىملىرىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى.

1981 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە تۈركىيىنىڭ بورسا شەھىرىدە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستاپا كامال تۇغۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «2 - قېتىملىق خەلقارا تۈرك فولكلور ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى» غا مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى نامىدىن مۇئاۋىن تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ «خەلقىمىزنىڭ سەنئەت مەكتىۋى — مەشرەپ» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقىدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى ۋە ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» دېگەن نەزەرىيىۋى كىتاپنى نەشر قىلىپ بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ھەر قايسى ژورنال ۋە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان فولكلور ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى تېخىمۇ كوپ.

بۇ يىلدىن باشلاپ يەنە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژورنىلى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تەرىپىدىن «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋىرى» قاتارلىق مەجمۇئەلەر چىقىرىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتى تەلەپتىن يەنىلا خېلى يىراق تۇرماقتا.

## § 2 - ئەينەن خاتىرىلەش مەسىلىسى

ئەينەن خاتىرىلەش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى توپلاشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم پىرىنسىپلارنىڭ بىرى. بۇ پىرىنسىپ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە (ئۇنىڭ كوللېكتىپلىقى، ئاغزاكىلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى، تارقىلىشچانلىقى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ) ھەمدە كۆپ تەرەپلىك قىممىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەيلى پەن تەتقىقات ياكى ئەسەرلەرنى رەتلەش، تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا ئىشەنچلىك بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئاساسلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلى نۇسخىسىنى ئەينەن خاتىرىلەش ئىلمىي - پەن تەتقىقاتىنىڭمۇ دەسلەپكى مەشغۇلاتى، شۇنداقلا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى كېڭەيتىشنىڭ تۈپ دەسلى بولۇپ، ئۇ بارلىق خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا تارقىلىپ يۈرۈيدىغان بىر خىل سەنئەتتى. ئەمگەكچى خەلقلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەدەنىيەتتىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۇ پەقەت ئېغىز ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، ئەستە تۇتۇش ئارقىلىق ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ئىشەنچلىك، بەزى يولداشلار خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغاندا، سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قورۇنماي، تارتىنماي ئاخىرغىچە سۆزلەپ بېرىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سۆزلىنىۋاتقان مەيداندا خاتىرىلىمەي ئۆز ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن خاتىرىلەش ئۇسۇلى قوللىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلمۇ مەلۇم جەھەتتىن مۇۋاپىق. بەزى ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، مەسىلەن: يولدا كېتىۋېتىپ ۋە ياكى بىرگە ئەمگەك قىلىۋېتىپ سۆزلەپ بەرگەنلەرنى پەقەت ئىشتىن كېيىن مەلۇم بىر ئورۇنغا بېرىپ ئاندىن خاتىرىلەشكە توغرى كېلىدۇ. بىراق بىز شۇنىمۇ چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى چەكلىك بولىدۇ. چوڭ خەلق داستانلىرىغا دۇچ كەلگەندە ياكى ئۇزۇنراق خەلق قوشىقى ۋە ياكى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن قىزىق ھېكايىلارنى ئاڭلاپ دەرھال خاتىرىلەشكە تۇتۇنماي، پەقەت ئەستە تۇتۇۋېلىشقا تايانغاندا، تولۇق تۇتۇۋالالماي خاتالىق سادىر قىلىش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئەسەر تۈرلىرىنىڭ پەرقى، ھەجىمىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، ۋەقەلىكىنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئاددىيلىقى، سانىنىڭ ئاز - كۆپلىكى ھەمدە بايان قىلىش سۈپىتىنىڭ يۇقۇرى تۆۋەنلىكى قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ خاتىرىمىز خەلق ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ھەقىقى سادىق بولۇش ئۈچۈن بىزنىڭ ھىس قىلىشىمىزچە، ئۈن ئالغۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ، خەتمۇ - خەت، جۈملىمۇ - جۈملە خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ خاتىرىلىۋېلىش، بىر قىسىم سۆزلىگۈچى ۋە ئېيتقۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىدىيە جەھەتتە يۈك ياكى كۆڭلىدە ئاسانلا جىددىيلىك پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا ۋە سۆزلەش، ئېيتىش ماھارىتىنىڭ تولۇق جارى قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭدا خاتىرىلىگۈچى ئىشتىن بۇرۇن سۆزلىگۈچى، ئېيتقۇچىلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش، ئۇنىڭ بىلەن رازى بولغان ھالدا ھەمكارلىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۈن ئالغۇ بىلەن لېنتىگە ئالغاندا ئەلۋەتتە ناھايىتى ئوڭاي بولاتتى. ئەمما ئۈن ئالغۇ خاتىرىلىگۈچىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئەمگىكىنى خويمۇ يەڭگىللەشتۈرسىمۇ لېكىن يېزىق بىلەن خاتىرىلەش خىزمىتىنىڭ ئورنىغا قويغىلى بولمايدۇ. ئۈن ئالغۇ ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىپ، يېزىق بىلەن خاتىرىلىۋېلىشنى قوشۇمچە قوللىنىش، نۆۋەتتە كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ قوللىنىۋاتقان ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

### ئەينەن خاتىرىلەشتە نېمىگە سادىق بولۇش لازىم؟

ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا سادىق بولۇش، ھەمدە ئەسلى ئەسەرنىڭ بەدىئىي شەكلىگىمۇ سادىق بولۇش كېرەك دېگەنلىك. بۇ ئىككى نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ھالقىلىقى يەنىلا سۆزلىگۈچى ۋە ئېيتقۇچىنىڭ تىلىغا سادىق بولۇش لازىم. ئۇلارنىڭ ئەسلى سۆزى بولغاندا ھەممىسى بولىدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغۇچى بىر كىشى پۈتۈنلەي يەرلىك ئاممىنىڭ تىلى تەرەپلىرىدە كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. مۇمكىن قەدەر ئۆزى تۇرغان رايوننىڭ يەرلىك شېۋىسىنى بىلىش كېرەك. مەلۇم رايوننىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ تىلى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىككە دىققەت قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىسا پەقەت ئۇنى ئادەتتىكى سۆز مەنىسى قىلىپ قاراپ ھەتتا ئىختىيارىمىزچە ئۆزگەرتكەندە، مەلۇم ئەسەرنىڭ ياخشى ئورۇنلىرىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىمىز. يەرلىك شېۋىنىڭ تۇسالغۇلۇق قىلىشىدىن تاشقىرى، خاتىرىلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنە بىر قىيىنچىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ خاتىرىلىگۈچىنىڭ سۈرئىتى دائىم دېگۈدەك سۆزلىگۈچى ياكى ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا كۆپلىگەن كىشىلەر بىر مەزگىللىك چېنىقىشنى بېشىدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بۇنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ. شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، جىددىي، ئەستايىدىل بولغان بىر خاتىرىلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا سۆزلىگۈچى ۋە ئېيتقۇچىنىڭ بارلىق سۆزلىگەن ئېيتقانلىرىغا سادىق بولۇشى لازىم. نېمە بولسىلا «نۇقتىلىق خاتىرىلەش» بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئەگەر ھېكايىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى ياكى ئاساسى داۋلىسى ۋە ئومۇمى كۆرۈنۈشىنى خاتىرىلىگەندە رەتلەش جەريانىدا خالىغانچە قوشۇش تۇرغان گەپ.

قانداق قىلغاندا خاتىرىلەشنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟ بۇ خاتىرىلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ تۆۋەن تەلەپ؛ سۆزلىگۈچىنىڭ، ئېيتقۇچىنىڭ سۆزلىگەن ئېيتقانلىرىنى ئەينەن خاتىرىلەپ، ئۆزىنىڭ ھەر قانداق «تولۇقلاش» لىرىنى قوشماسلىقى، سۆزلىگۈچى، ئېيتقۇچىلارنىڭ سۆزلىگەن، ئېيتقانلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ياكى سۆز جۈملىلىرىنىمۇ قىسقارتىۋەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر تەلەپنى يۇقۇرراق قويغاندا، سۆزلىگۈچى - ئېيتقۇچىلارنىڭ سۆزلىگەنلىرى ۋە ئېيتقانلىرىنى خاتىرىلەپلا قالماستىن، باشقا سۆزلىگۈچى، ئېيتقۇچىلارنىڭ ئوخشاش بىر ھېكايە ياكى خەلق قوشىقىنى سۆزلىگەن ۋە ئېيتقانلىرىنىمۇ خاتىرىلىۋېلىشىمىز، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ياخشى ھېكايىلارنى سۆزلىگۈچىلەرنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتقۇچىلارنى تاللاپ، سۆزلىگۈچى ۋە ئېيتقۇچىلارغا ياخشى شارائىت ۋە كەيپىيات يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلەش، ۋە ئېيتىش ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، ھەتتا ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ ئوخشاش ھېكايە ياكى ئۇزۇن ناخشىلارنى كۆپ قېتىم سۆزلىتىشىمىز ۋە ئېيتقۇزۇشىمىز لازىم. ئىنتايىن روشەنكى، بۇنداق خاتىرىلىنىۋېلىنغان ئەسەرلەر ئالدىنقىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا سۈپەتتە جەزمەن ياخشىراق بولىدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قوللىنىشقا بولىدىغىنى كېيىنكى ئۇسۇلدۇر.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەلۇم بىر بايان قىلغۇچىنىڭ مەلۇم بىر قېتىمقى بايانى بىلەن خەلق ئىچىدىكى بۇ ھېكايىغا سادىق بولۇش بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. ئالدىنقىسى ئاساس، كېيىنكىسى نىشان بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا ئېھتىياجلىقتۇر. قايتا - قايتا ئەينەن خاتىرىلىگەندە بۇ ھېكايىگە سادىق بولۇش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

خاتىرىلەش جەريانىدا يەرلىك شېۋىدىكى نەرسىلەر ئىسمىنىڭ ئالاھىدىرەك ئاتىلىشىنى ئىمكان قەدەر ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم. يەرلىك شېۋىلەردە بەزى سۆزلەرگە ياكى نەرسە ئىسىملىرىغا يولۇققاندا، ئوخشايدىغان خەت بىلەن يازالمىغاندا ئالدى بىلەن تاۋۇش يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى كىشىلەر ئاسان چۈشىنەلمىگەندە ئىزاھات بېرىشكە بولىدۇ. ئەسەرلەر تارقىلىپ يۈرگەن رايونلارغا كەلسەك، توپلانغان ۋاقىت، ئورۇن، سۆزلىگۈچى، ئېيتقۇچىنىڭ ئىسىم - پامىلىسى، يېشى، يۇرتى، مىللىتى، سالاھىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئىزاھلاپ قويۇش كېرەك. توپلاشقا تېگىشلىك بولغان ئەسەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق پېرسوناژلار، ۋەقەلەر، ئۆرپ - ئادەت، تۈزۈم قاتارلىق ماتېرىياللارنىمۇ ئىمكان قەدەر توپلىشىمىز، ئايرىم ماتېرىيال ياكى ئىزاھات يېزىپ قويۇشىمىز لازىم. چۈنكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال قانچە كۆپ بولسا كىتابخانلارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

تاۋۇش خاتىرىلەش، نوتىغا ئېلىش، سۈرەت تارتىش، ئاۋازغا ئېلىش، لۇشاڭ (سۈرەتتە قالدۇرۇش) قىلىش قاتارلىقلار ھەر خىل كەسپىي بىلىملەر ۋە ئەمەلىي تېخنىكىنى ئىگىلەش خەلق ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا. بىز تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ، ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ خاتىرىلەش خىزمىتىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇندىن كېيىن بىزنىڭ توپلايدىغان، خاتىرىلەيدىغان بارلىق ماتېرىياللىرىمىز يېزىق بىلەن خاتىرىلەش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەدرىجىي ھالدا سۆزلىگۈچى ئېيتقۇچىلارنىڭ ئاۋازى ۋە ھېسسىياتىنى خاتىرىلەش ۋە خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەت شەكىللىرى ھەمدە جەريانىنى خاتىرىلىۋېلىش لازىم.

## § 3 - سالماقلىق بىلەن رەتلەش مەسىلىسى

رەتلەش دېگىنىمىز: ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئەتراپلىق توپلاش، ئەينەن خاتىرىلەش ئاساسىدا كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئاساسى نىسبەتەن ياخشىراق بولغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى مۇۋاپىق ئاساستا رەتلەپ، تۈزەشتۈرۈپ يېزىق ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقىسىنى يېزىپ چىقىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ خۇددى قېزىۋېلىنغان قىممەتلىك بۇيۇملار ئۈستى-

دىكى لايىنى قىرىپ چىقىرىۋېتىپ قىسمەن بۇزۇلغان ئورۇنلىرىنى ماھىرلىق بىلەن تۈزەشتۈرۈپ، نۇر چاقناپ تۇرغان قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنگە ئوخشاش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، مۇرەككەپ ھەم ئىنچىكە خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

ئېغىزدا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يازما ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتا دائىم دىگەندەك بىر ئاز ئۆزگەرتىلىپ ئەسلىدىكى قىياپىتىگە تامامەن دىگەندەك ئوخشاپ كەتمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ. لېكىن بىز رەتلەش جەريانىدا يەنە بۇ خىل يازما ئەسەرلەردە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم. بۇ جەرياندا بەزى بىر زىددىيەتلەر يۈز بېرىدۇ. رەتلىگۈچى پەقەت تارىخى ماتېرىيالىزىمغا ئاساسلانغاندىلا، جىددى پوزىتسىيە ۋە ئىلمى ئۇسۇل قوللانغاندىلا ئاندىن بۇ زىددىيەتلەرنى يېڭىپ، ھەقىقى تۈردە شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى ئالغىلى، يالغىنىنى ئېلىپ تاشلاپ ھەقىقىسىنى ساقلاپ قالغىلى، ئىنچىكىلىك بىلەن سىلىقداپ ئەسلى ئەسەرنىڭ بەدىئىلىگىنى ساقلاپ قىلىش مەخسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.

«رەتلەش بىلەن ئۆزگەرتىپ تۈزەش» ۋە «قايتا ئىجات قىلىش» پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، خەلق ئىجادىيىتىنى توپلاش، رەتلەش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇ ئۈچ نەرسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم. «رەتلەش» تە خەلق ئىچىدىكى ئىجادىيەتنى ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئېلىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

«ئۆزگەرتىپ تۈزەش» تە خەلق ئارىسىدىكى ئىجادىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى ئۇزىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. «قايتا ئىجات قىلىش» پەقەت خەلق ئىچىدىكى ئەسەرلەرنى مەزمۇن قىلىپ كەڭ كولەمدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ يازغۇچى شەخسى ئىجادىيىتى شەكلىدە ئېلىپ چىقىلىدۇ. ئۈچىنىڭ پەرقى ئەڭ ئاخىرىدا تەييار مەھسۇلات (بىكىتىلگەن نۇسقا) بىلەن خاتىرىلەنگەن نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆزگەرتكەن دائىرىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى شەخسى ئىجادىيەت تەركىۋىنىڭ ئاز كوپلىكىگە قارىلىدۇ. ئومۇمەن رەتلەشكە تىگىشلىك ئەسەرلەر ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئاز مىقداردا چىقىرىۋەتكەن ياكى قوشقاندىن كېيىن ئەسكەرتىش بىلەن چۈشەندۈرۈش لازىم. ئەگەر زور مىقداردا چىقىرىۋەتسە ياكى قوشۇلسا، «پەي ئۇستىخانلىرىغا چېقىلسا» ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار يېڭىدىن تۈزۈلسە ياكى قوشۇپ يېزىلسا ئۇ چاغدا «ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن» بولۇپ قىلىپ رەتلەنگەن ھىساپلانمايدۇ. خەلق ئىچىدىكى بەزى ئەسەرلەردىن پايدىلىنىشقا كەلسەك قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ، تۇس كىرگۈزۈپ، پېرسوناژلار، ۋەقەلىك ئۆزگۈرۈشى چوڭ بولۇپ ھەتتا ژانىرلارنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەنلەر بولسا ئۇ چاغدا قايتا ئىجات قىلغانلىق بولىدۇ. چۈشەندۈرۈشكە تىگىشلىكى شۇكى، بىر يازغۇچى-سەنئەتچى ۋە كەڭ ئەدىبى سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى تىما قىلىپ،

ئېلىپ بارغان قايتا تۈزەش، قايتا ئىجات قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرمايمىز. بەلكى بۇنداق قىلىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللايمىز. چۈنكى بۇ خىل قايتا تۈزگەن ياكى قايتا ئىجات قىلغان ئەسەرلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارىدىكى ئالاھىدە ھوسۇنگە ئىگە گۈل-غۇنچىلار بولۇپ، ئۇ كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. مەملىكىتىمىزدە بۇ خىل خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرى بەكمۇ ئاز، لېكىن بىز شۇ خىلدىكى ئۆزگەرتىپ تۈزگەن، قايتا ئىجات قىلغان ئەسەرلەرنى (ھەتتاكى ياساپ چىقىرىلغان ئەسەر) رەتلىگەن، دېۋالغان ئىلمى بولمىغان پوزىتسىيىگە قەتئى قارشى تۇرىمىز.

رەتلەشكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئىنچىكىلىك بىلەن ئەسلىدىكى خاتىرە ئارگىنالىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماتېرىيالىنى تەتقىق قىلىپ، كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. پەقەت خاتىرە ئارگىنالىنىڭ ئەھمىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق ئاندىن مەلۇم ئەسەرنىڭ ئاساسى ياخشى، مەلۇم ئەسەرنىڭ ئاساسى ناچارلىقى، مەلۇم جايلىرى ياخشى، مەلۇم جايلىرىدا مەسىلە بارلىقى، مەلۇم ئابزاسلىرىنىڭ ئارتۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، مەلۇم ئابزاسلىرىنىڭ كەمتۈكلىكىنى ئېنىقلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا كاللىدا بىر كونكرېت رەتلەش لايىھىسى شەكىللىنىپ ئىش باشلىغاندا كۆپ ئىشلار ئاسانلىشىدۇ. ئاساسى تىما، قاتلاملارنىڭ تۈزىلىشىنى ئويلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىل ئۇسلۇبى جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ئېغىزتىلى ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قىلىش رەتلەش خىزمىتىدە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشتىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، رەتلەشنىڭ ئۇسۇلى 3 خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى: يالغۇز رەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلىدىكى خاتىرە ئارگىنالى پەقەتلا بىر نۇسخا بولۇپ بەلكى ئاساسى ناھايىتى ياخشى بولسا، پەقەتلا يېزىق جەھەتتە ئانچە-مۇنچە رەتلەپ، باشقا جەھەتلەردە ئۆزگەرتمەسلىك. بۇ خىل ئۇسۇل خاتىرە ئارگىنالىنىڭ باش-ئايىغى تولۇق، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى ئەسەر يەنە كېلىپ بىر قەدەر شەكلى مۇقىملاشقان رىۋايەت، ھېكايە ۋە قوشاق، تەمسىل قاتارلىق ھەجمى نىسبەتەن قىسقا بولغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلەشكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىككىنچى خىلى: يىغىنچاقلاپ رەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى، رەتلىگۈچىنىڭ قولىدا بىر خىل ئەسەرنىڭ بىر نەچچە خىل ۋارىيانتى (نۇسخىلىرى) بولۇپ، ھەر بىر نۇسخىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ نۇسخىلارنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، شۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى گۈزەل قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يىغىنچاقلاپ رەتلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. دېمەك بۇ نۇسخىلارنىڭ ئىچىدىن بىر قەدەر تولۇق بولغان بىر نۇسخا ياكى ئىككى نۇسخىنى ئاساسى نۇسخا قىلىپ، باشقا نۇسخىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېلىپ، ئاساسى نۇسخىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلاش لازىم. بۇ خىلدىكى رەتلەش ئۇسۇلى

بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئالدى بىلەن ھەربىر پارچە ئوخشىمىغان ماقالىلارنى قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بار بولغان ئارتۇقچىلىغى ۋە كەمچىلىگىنى ئۇچۇق تونۇۋېلىپ، ئاندىن كېيىن بىرلەشتۇرۇپ بارلىق ئارتۇقچىلىغىنى بىر پارچە ماقالىگە توپلاش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل ئاشۇ خىلدىكى پېرسوناژلار، ۋەقەلەر ئوخشاش بولۇپ پەقەتلا قىسمەن ۋەقەلىك ئوخشىمايدىغان ئەسەرلەرنى رەتلەشكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئېپىك داستان پېرسوناژلىق رىۋايەت ۋە خەلق ئىچىدىكى خىيالى ھېكايىلاردا بۇ خىلدىكى رەتلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەگەردە ۋەقەلىك جەھەتتىكى پەرق زور بولۇپ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىگى بولسا ئايرىم ھالدا رەتلەش ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ. ئەپلەپ - سەپلەپ بىر پارچە قىلىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۈچىنچى خىل رەتلەش ئۇسۇلى: ۋەقەلىك، ئاساسى تېمىلىرىنى چوقۇم ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك رەتلەش ئۇسۇلى. بۇ خىل ئۇسۇل پەقەتلا جەۋھىرى بىلەن شاكىلى تەڭ مەۋجۇت بەلكى ئۇنىڭ جەۋھەر قىسمى خېلى قىممەتكە ئىگە بولغان، ئاشكارە نەشر قىلىشقا تېگىشلىك ئەسەرلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بەزى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى، دەۋرنىڭ چەكلىمىلىگى ۋە دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئاجىزلىغى تۈپەيلىدىن بەزى پاسسىپ مەزمۇنلار پەيدا بولىدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ پۈتۈن قىياپىتىدىن قارىغاندا يەنە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورۇنلىرى بار، بۇ خىل ئەسەر «ئاپراتسىيە» قىلىنسىلا باشقا پۈچەك قىسىملىرىنى چىقىرىۋېتىپ ھەمدە يېزىق جەھەتتە ئازراق باغلىساقلا تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پارچە ياخشى ئەسەر بولۇپ قالىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەسەرلەرنى رەتلەشتە ئېھتىياتچان بولىشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، جەۋھىرى بىلەن شاكىلىنى ئېنىق پەرق ئېتىشىمىز، بۇ ئىككىسىنى ئارلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، «ئاپراتسىيە قىلىش»تا ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇشىمىز، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ ئەسىل قىسمىنى ۋە مۇۋاپىق قىسمىنى ساقلاپ قېلىشىمىز، قالايمىقان كېسىپ، قالايمىقان يوناپ ياكى ئىختىيارىچە كۆپەيتىشكە مۇتلەق بولمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن يۇقۇرقى ئاشۇ خىل رەتلەش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا قوشقىلى ۋە چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. ئۆزگەرتكەن قىسمى ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى 4 مەزمۇندىن يىراقلىشالمايدۇ.

(1) چىقىرىۋېتىدىغانلىرى ئېنىق بولغان، كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان، فېئوداليزىم خوراپاتلىق ئىدىيىسى، شوھرەتپەرەسلىكنى تەشۋىرلەيدىغان ۋە باشقا پەسكەش، چاكىنىلىقلارنى تەشۋىرلەيدىغانلار.

(2) ھۆكۈمران، فېئودال ئەدىبلەرنىڭ ئۆزگەرتىۋەتكەن قىسىملىرىغا ئېنىق ياتىدىغانلىرىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

(3) سوزلىگۈچى، ئېيتقۇچىلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزگەرتىپ قويۇشى

بىلەن ئىسملىرى خاتا بولۇپ قېلىپ، مەنتىقىگە چۈشمەيدىغان جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ چىقىش.

(4) تىلىنىڭ ئاغزاكىلىقى، جانلىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا بەكمۇ ئاز ئۇچرايدىغان يەرلىك شىۋىدىكى سۆز جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىش. بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ژانىرلىرى ئۈچۈن ئورتاق.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئومۇمەن رەتلەشكە كىرىدىغان ئەسەرلەر ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا «4 ئۆزگەرتمەسلىك» نى ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ دېگىنىمىز: ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى (يۇقىرىدىكى 3 - خىل رەتلەشكە يول قويىدىغانلاردىن باشقا ئەھۋال ئاستىدا) ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى، قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ ژانىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە تىل ئادىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك دېگەنلىكتۇر.

بۇ 4 تۈرلۈك تەلەپنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغاندا ئاندىن رەتلەش خىزمىتىنى «سالماق بولدى» دېگىلى بولىدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي ئىلمىي پوزىتسىيە.

خەلق ئەدەبىياتى بىر خىل سۆز سەنئىتى بولۇپ يازغۇچىنىڭ يازما ئەدەبىياتى بىلەن ئەلۋەتتە مەلۇم ئوخشاشلىق ئالاھىدىلىكى بار، لېكىن ئىجتىمائىي، تارىخ، سىنىپ، شارائىت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئىككى خىل ئەدەبىيات يازغۇچىنىڭ سالاھىتى، ۋاستىچىلىق ئىپادىسى، تارقىلىپ يۈرۈش جەريانى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئىنتايىن زور پەرق بولۇپلا قالماستىن، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي شەكلى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تىل ئۇسلۇبى قاتارلىق تەرەپلەر دىمۇ زور دەرىجىدە ئوخشىماسلىقى بار. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇملىقىنى تونۇشتىن سىرت، بولۇپمۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىملىقىنى تونۇپ، ئۆزىنى ئادەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىي نەزەرىيىسىنىڭ بوغۇشىدىن ئازات قىلىپ، ھازىرقى زامان يازما شېئىر، ناخشا، ھېكايە، تىياتىرنىڭ تەسىرىدىن ئازات بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىزنىڭ رەتلەش خىزمىتىمىز ساغلام داۋاملىشالايدۇ.

خەلق ھېكايىلىرىنىڭ رەتلىنىشىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەگەر ئۇنىڭ ژانىر ۋە قۇرۇلمىسىدىكى ئالاھىدىلىككە دىققەت قىلمىغاندا مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ناھايىتى تەس بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال.

ئورغۇنلىغان ياخشى رەتلەنگەن ئەسەرلەر ۋە بەزى يولداشلارنىڭ رەتلەش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلىرىنى تەھلىل قىلغاندا بىز ئاساسەن مۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، كىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ ۋە ئىگەللەپ ھەممە بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يېزىق ئارقىلىق بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى قايتا ئىپادىلىيەلىسە ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم بىر ئىلغار توپلىغۇچى ۋە رەتلىگۈچى بولالايدۇ.

رەتلەش خىزمىتىدىكى ئەڭ زور پۇتلىكاشاڭ ھەددىدىن تاشقىرى «سولچىل» خاھىش

ۋە «سولچىل» لۇشيەننىڭ تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولغان پىراگماتىزىملىق ئىدىيىسى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدىن بىرى: قېدىمقىنى بۇگۈنكى ئۈچۈن ئىشلىتىش پىرىنسىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تارلاشتۇرۇپ، چاكىنىلاشتۇرۇپ، خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ چىنلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىندۇ.

«قېدىمقىنى بۇگۈنكى ئۈچۈن ئىشلىتىش»نىڭ ئەسلى مەنىسى، تارىخى، مەدەنى مىراسلارغا تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدۇرۇش.

قېدىمقىنى بۇگۈنكى ئۈچۈن ئىشلىتىشتىكى «ئىشلىتىش» سۆزى بەزى يولداشلار چۈشەنگەندەك مۇتلەق ئۇنداق تار مەنىدە ئەمەس. ئۇ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بۈرۈنقى جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئىدىيىلىرىنى تونۇشتىكى رولىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۇگۈنكى كۈندە خەلق ئاممىسىغا بەرگەن مەلۇم دەرىجىدىكى تەربىيە رولى ھەمدە بىزنىڭ ھەر خىل خىزمەتلىرىمىزدىكى ئىبرەتلىك رولىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، پەقەت نۆۋەتتىكى سىياسىي ھەرىكەت ۋە مەلۇم سىياسەت ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلدۇرۇش دەپ قارىغاندا «ئىشلىتىش» ئېھتىمال بەك ئاز بولۇپ قالار.

ئايرىم يولداشلىرىمىز ھازىرقى جەمئىيىتىمىزنىڭ سىياسىتى، قانۇنى، ئەخلاقى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتىغا تەلەپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ تەلەپ بويىچە خالىغانچە چىقىرىۋېتىدۇ ۋە ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى پىششىقلايدۇ. يەنە بەزى يولداشلار خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى «كونسېرۋاتىپ» دەپ قاراپ، مەلۇم دەۋردىكى سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى خەلق ئەدەبىياتىنى رەتلەشنىڭ بىر تۈرلۈك پىرىنسىپى قىلىشنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل تونۇش ۋە ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى تارىخى ماتېرىيالىزمنىڭ روھىغا خىلاپ بولۇپ، قېدىمقىنى بۇگۈنكى ئۈچۈن قوللىنىشنى ئاددىيلاشتۇرۇش، تارلاشتۇرۇشنىڭ تىپىك ئىپادىسى.

بۈرۈنقى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان خەلق ئەدەبىياتلىرى بۇگۈنكى بىلەن مۇتلەق ئوخشىمايدىغان جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە روھىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، غايىسى ۋە ئارزۇسى قاتارلىقلار بۇگۈنكىلىرىمىز بىلەن زور دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن: رىۋايەت، چۆچەك، تارىخى داستانلاردا دائىم ئاكا-سىڭىللارنىڭ توي قىلىشى، بىر باتۇرنىڭ بىر قانچە خوتۇنى بارلىقى، ھايۋاناتلارنىڭ ئادەملەرگە ئۆزگۈرۈشى، ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارغا ئۆزگۈرۈشى قاتارلىق غەلىتە ھادىسىلەر بار. بۇلار بەزى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە بەزىلىرى مۇمكىن بولمايدىغان، بەزىلىرى قانۇنغا خىلاپ، بەزىلىرى پۈتۈنلەي چۈشەنگىلى بولمايدىغان يالغان ياۋداق ئىشلاردۇر. شۇنداقتىمۇ مۇشۇنداق ئەسەرلەر پەيدا بولغان ۋە تارقالغان قېدىمقى جەمئىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىق (بەزىلىرى ئوبيېكتىپ رېئاللىق، بەزىلىرى روھى ھادىسىلەر) بولۇپ بەلگىلىك، ئىجتىمائى قىممەتكە ئىگە. ئەگەر بىز ھەقىقى تۈردە ئىپتىدائى مەدەنىيەت

تارىخى بىلەن رىۋايەتشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىيىلىك تەرەپلەردىكى ئىلمى بىلىم بىلەن سىڭىشتۇرساق، تامامەن تارىخى ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن قۇراللانغاندىلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈنۈش تەس ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىمىز. شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز خەلق ئەدەبىياتىنى رەتلەش ۋاقتىدا ئۇنى بىزنىڭ بۈگۈنكى جەمىيىتىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسى بىلەن مەلۇم دەۋردىكى تەشۋىقاتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىدىغانلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، قوشۇدىغانلىرىنى قوشۇپ ئۆزگەرتىپ، ياكى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ ئۇنى «قېدىمقى بىلەن بۈگۈنكىنى بىرلەشتۈرۈپ» بىر خىل «يېڭى تىپتىكى ئەدەبى ئەسەرلەر» گە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ خىل ئەدەبى ئەسەرلەرنىڭ ئاممىغا بەرگەن تەربىيىۋى رولىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىز ھوكۇم قىلىشقا ئىلاجىسىزمىز. ھېچبولمىغاندا ئۇ ئاللىقاچان خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتقانلىقتىن ئىلمى ماتېرىيال قىلىشقا ئېھتىمال قىممىتى ئەڭ ئازدۇر.

1956-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈندىكى «خەلق ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ باش ماقالىسىدا «ئەينەن خاتىرىلەش»، «سالماقلىق بىلەن رەتلەش» نۇۋەتتە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاشتا زورۇر بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى.

خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشقان بارلىق خىزمەتچىلەر ئۇنى خۇددى قانۇنغا ھۆرمەت قىلغانغا ئوخشاش ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. بىراق، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا چىققان ئىنتايىن «سول» شامال بۇ «قانۇن» نى ئاللىقاچان يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىگە چۆرىۋەتتى. ئارقىدىنلا خالىغانچە ئۆزگەرتىش، «خەلق ئەدەبىياتى» نى قوقۇپ چىقىش شامىلى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» غا كەلگەندە «4 كىشىلىك گورۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ «ياللانما ئەدىپلىرى» پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش، ھوقوق تارتىۋېلىش، ئەكسىلئىنقىلاۋى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە خەلق ناخشىلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىش شامىلىنى ياۋۇزلارچە تەرەققى قىلدۇرۇپ يۇقۇرى باسقۇچقا يەتكۈزدى. بىراق، ئۇ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان خاراكتېر مەسىلىسىگە ياتىدۇ.

ئومۇمەن قىلغاندا، «قېدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن ئىشلىتىش» پىرىنسىپىنى خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىگە قوللىنىشقا بولىدۇ، ھەم قوللىنىش كېرەك. لېكىن بىز ئۇنى ماركسىزمنىڭ جەمىيەت، تارىخ، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ھەققىدىكى بىر قاتار كۆز قاراش نەزەرىيىلىرى بىلەن باغلاپ چۈشۈنىشىمىز كېرەك. «ئىشلىتىش» نى ئەتراپلىقراق، چوڭقۇرراق ۋە كەڭرەك چۈشەنگەندە ياخشىراق بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، ئېلمى ئۇسۇل بىلەن رەتلەپ چىققان خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ ھەم ھۆججەت قىممىتى ھەم ئەدەبى قىممىتى بار. ئىككىلىسى پۈتۈنلەي بىر پۈتۈنلۈككە ياكى بىرلىككە ئىگە. بىز چوقۇم خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ھەققانىيلىقىنى قوغداپ، شۇ ئارقىلىق توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە ئىلمى، ساغلام يولنى، ئەيلاپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

## ئىككىنچى قىسىم

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ژانىر ۋە تۈرلىرى

خۇددى بەدىئى ئەدەبىياتقا ئوخشاش (يازما ئەدەبىيات نەزەردە تۇتۇلىدۇ - ئا) فولكلور ئەسەرلىرىمۇ، تۈزۈلۈشى ۋە غايىۋى - بەدىئى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۆز ئارا ئوخشاش ۋە پەرقلىق تەرەپلەرگە ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن گۇرۇپپىلارنى (تۈرلەرنى) تەشكىل ئېتىدۇ. بۇنداق ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلەرنى كورسۇتۇش ئۈچۈن پەندە ئەدەبى تۈرلەر ۋە ژانىرلار ئاتالغۇسى قوللىنىلىدۇ. ئەدەبى تۈر ۋە ژانىرلار تۇرمۇشنى بەدىئى تەسۋىرلەش شەكلى سۈپىتىدە تارىخىي شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى ۋە يوقۇلۇشى ئەدەبىيات ۋە فولكلور تارىخىدا يېتەكچى جەريان ھېساپلىنىدۇ.

ئەدەبىياتتا تۈر (pod) ئىنتايىن كەڭ چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمقى گرېك پەيلاسوپى ئارستوتېل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 384- يىلدىن 322- يىللار) نېمىس ئالىمى گېگېل (1848 — 1811) ۋە ئۇلۇق روس ئىنقىلاۋى دېموكراتى ۋ. گ. بېلىنسكىيلەر ئەدەبىياتنى ئۈچ تۈرگە بولۇپ كورسىتىدۇ. بۇلار: ئېپوس، لىرىكا ۋە دىراما. ئېپوس ۋەقەلىكنى سيوژېت ئارقىلىق ھېكايە قىلىش شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرسە، لىرىكا ئىنساننىڭ ۋە قەلبىتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى، ئىچكى ھىس - ھاياجانلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. دىراما بولسا پېرسوناژلار نۇتقى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ھايات كارتىنىلىرىنى سىزىپ بېرىدۇ. بۇنداق بولۇنۇشنى مەلۇم نۇقتىدا فولكلورغا ھەم قوللىنىش مۇمكىن، لېكىن فولكلور بىز يوقۇرىدا شەرھلەپ ئوتكىنىمىزدەك، ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بەدىئى ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدۇ. فولكلور ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرى تۈرلۈك ئورپ - ئادەت ۋە مۇراسىملار بىلەن باغلىق بولسا، يەنە بەزىلىرى كۈيلەشنى ئوزىگە نىشان قىلىدۇ. مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكى بولغان مۇشۇ خىلدىكى ئاغزاكى ئەسەرلەرنى يۇقۇرقى ئۈچ تۈرنىڭ ھېچقايسىسىغا ھەم كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە فولكلور ئەڭ روشەن مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ فولكلورلىرى شۇ خەلق ھاياتىنىڭ بەدىئى تارىخى. بىر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورپ - ئادىتى، ئىدىيىۋى ئىشەنچىسى، ئېتىقادى، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر شەكلى، بەدىئى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى خاسلىقتا ئىگە بولۇپ، باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ

كىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنەشۇ خاسلىقنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن فولكلۇرنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرىمۇ مۇتلەق ئومۇملۇققا ئىگە ئەمەس. ماناشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، فولكلۇرنىڭ تۈر، ژانىرلىرى ئايرىمچە بەلگىلەنگەن.

دۇنيا فولكلۇرشۇناسلىقىدا، ئالدى بىلەن فولكلۇرنى ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بولگەن: بىرىنچى، ئورپ - ئادەت ۋە مەۋسۇم — مۇراسىملار بىلەن باغلىق ئەسەرلەر، ئىككىنچى، تۇرلۇك ئورپ - ئادەت ۋە مۇراسىملار بىلەن باغلىق بولمىغان فولكلۇر ژانىرلىرى. بىرىنچى گۇرۇپپىغا ئەمگەك قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى، مۇراسىم قوشاقلىرى، مەشرەپ قوشاقلىرى، مەدھىيەناملار، قەسىدىلەر، ئېيتىشىش... قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن، ئىككىنچى گۇرۇپپىغا ئېپىك (داستان، ھىكايە - چۆچەك، ئەپسانە - رىۋايەت، لەتىپە ۋە چاقچاق)، لىرىك (بېيىت ۋە قوشاق، ناخشا، پارچىلار)، درامماتىك (ئەلنەغمە، ئاغزاكى دىرامما) ۋە ماقال - تەمسىل، تېپىشماق قاتارلىق ژانىرلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ ژانىرلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزنوۋىتىدە يەنەبىر قانچە كىچىك تۈرلەرگە بولۇنگەن. بۇنداق بولۇش دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئاغزاكى ئىجادىنىڭ كونكرىت ئەھۋالىغا بىرقەدەر ئۇيغۇن كىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىمۇ ئەنەشۇ پىرىنسىپلار بويىچە تۈر، ژانىرلارغا ئاجرىتىلغان.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر فولكلۇرىنىڭ تۇرلۇك ژانىرلىرى ھەرخىل ئىجاتكارلار پائالىتى بىلەن مەھكەم باغلانغان. ئايرىم ژانىرلار (مەسلەن، ماقال - تەمسىللەر، تېپىشماقلار) ئاممىۋى خاركتېرگە ئىگە بولسا، باشقا ژانىرلارنىڭ (مەسلەن، داستان، ئاغزاكى دىرامما ...) ئىجراسى مۇئەييەن پىروفېسسىئونال تەييارگەرلىكنى تەلەپ قىلغان، بۇ نەرسە خەلق ئاغزاكى پوئېتىك نەمۇنىلىرىنى يارىتىش، ئىجرا ئېتىش ۋە تارقىتىشتا ئۆزىگەخاس ئورگىنال ئىجاتكارلىق مەۋجۇتلىقىنى كورسىتىدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك فولكلۇرىدا داستانچىلار، مەدداھلار، ھىكايە - لەتىپچىلەر، ئەلنەغمىچىلەر، قىزىقچىلار، داۋازلار پائالىيىتى بىرقەدەر راۋاجلانغان ئورگىنال سەنئەت بولۇپ، بۇخىل سەنئەت تۈرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئۆزنوۋىتىدە ئەشۇ خەلق سەنئەتكارلىرى، بەلگىلىك تەييارلىق كورىشى ۋە مەلۇم ئۇستازلاردىن تەلىم ئېلىشى زورۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان بۇخىل ئالاھىدىلىكمۇ، ئۆز ئالدىغا بىر ژانىرنى تەشكىل قىلىدۇ.

فولكلۇر ژانىرلىرى غايىۋى - تېماتىك ۋە بەدىئى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنى ئىجرا قىلىش جەھەتلىرىدىنمۇ (مەسلەن، يەككە (يالغۇز) ئىجرا قىلىش، مۇزىكىلىق ۋە مۇزىكىسىز ئىجرا قىلىش، ئۇنىڭغا تەڭكەش بولغان مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنىڭ تۈرى ۋە سانى) بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى (مەسلەن، قوشاقلار) كۈيلەش ئۈچۈن، يەنە باشقىلىرى (مەسلەن، ھىكايە چۆچەكلەر) ھىكايە قىلىپ ئېيتىپ

بېرىش ئۈچۈن، يەنە بەزىلىرى (مەسىلەن، داستان - قىسسەلەر) ھەم كۈيلەش ھەم ھېكايە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، باشقىلىرى (مەسىلەن، ئەلنەغمە، لەپەر - ئېيتىشىشلار) ھەم كۈيلەش ھەم ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئوينىش ئۈچۈن، ئاغزاكى دىرامما قاتارلىقلار بولسا ئاممىغا كۆرسىتىش، نامايىش قىلىش ئۈچۈن مولچەرلەنگەن بولىدۇ. فولكلور ژانىرلىرى ئارىسىدىكى بۇنداق كەسكىن پەرقلەر ئۇلارنىڭ ئىنتايىن زور غايىۋى - ئىستېتىك ۋەزىپىلەرنى بېجىرىش بىلەن بىرگە، مۇھىم ئىجتىمائىي، ئەمەلىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشنى ھەم تەقەززا قىلىدۇ.

فولكلور ژانىرلىرى بىر - بىرىدىن قانچىلىك پەرق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار تارىخىي يۈزلىنىشى ئۈستىدە تەركىپ تاپقان ۋە شەكىللەنگەن بىرخىل سىستېمىنى بولغان. ئۇلار ئۆز ئارا ھەم پەرقلىق ھەم زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ژانىرلار ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىيات داۋامىدا ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ھاياتىنى ھەرتەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق مەخسۇس سىستېمىغا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇم فولكلورغا ئورتاق بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە بەزى خەلقلەر فولكلورىنىڭ ئۆزىگە خاس ژانىرلىرىمۇ بولىدۇ. بىر قانچە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ژانىرلارمۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۆز ئارا پەرق قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن فولكلورنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرىنى بەلگىلىگەندە، ھەرقايسى خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت خاراكتېرىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.

بىز تۆۋەندە مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى شەرت قىلغان ھالدا، ئۆزىمىزگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان تۈر ۋە ژانىرلىرى ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

# 8 - باپ

# قوشاقلار

## قوشاقلار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

ئاساسەن مۇستەقىل تۆتلىكلەردىن (تۆت مىسرادىن) تەشكىل تاپقان، بىر پۈتۈن ئوي - پىكىرنى بەيىتى ئىپادىلىگۈچى، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان خەلق شېئىرى نەمۇنىلىرىگە قوشاق دېيىلىدۇ.

قوشاق دېگەن بۇ ئاتالغۇ، ئومۇمەن سۆزلەرنىڭ تەرتىپلىك يوسۇندا بەلگىلىك قاپىيە بىلەن رېتىملىق ئۇيۇشتۇرۇلىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قوشاقلاردىمۇ كوللېكتىپلىق، ئاغزاكىلىق، ئۆزگىرىشچانلىق، ۋارىسچانلىق (ئەنئەنىۋىلىك) ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ، خەلق قوشاقلىرى ئۈچۈن مۇزىكىدارلىق، ئاممىۋىلىق، راۋانلىق، ھېسسىياتلىق ئەڭ مۇھىم بەلگىلەردۇر.

قوشاقلاردا ئايرىم شەخسنىڭ ھېس - ھاياجىنى، تۇيغۇلىرى، پىكىر - مۇلاھىزىلىرى ئىپادىلىنىش ئارقىلىق، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئىچكى روھىي كەچۈرمىلىرى، ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە چۈشەنچىلىرى، دۇنياقاراشلىرى ئەكس ئېتىلىدۇ. بۇ پىكىرلەر ۋە قاراشلار چوڭقۇر ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. بۇنداق قوشاقلارنى مىللەتنىڭ ئاممىۋى تارىخىنىڭ سالنامىسى، ھاياتنىڭ يولدىشى (ھەمراسى) دەپ بىلىش مۇمكىن. قوشاقلار تۈرلۈك جايلاردا تۈرلۈكچە، كۆپچىلىك ھاللاردا مۇزىكىسىز، بەزىدە خەلق چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ تەڭكىشىدە خىلمۇ - خىل ئاھاڭلاردا كۈيلىنىدۇ. بۇجەھەتتىن خەلق قوشاقلىرى مۇزىكا فولكلورى، ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن زىچ باغلىنىپ كېتىدۇ. مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىنى خەلق ناخشىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈشكە بولامدۇ. تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە خەلق ناخشىلىرى بىلەن قوشاقلارنىڭ چوڭ پەرقى يوق، پەقەت ئوخشىمايدىغان يېرى، خەلق ناخشىلىرى مۇزىكىنىڭ كونتروللۇقىدا بىرقەدەر مۇقىم مۇزىكا ئاھاڭ قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ تېكىستىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ماس قانۇنىيەتلىك تۈزۈلىدۇ؛ خەلق قوشاقلىرى بولسا ھېچقانداق مۇقىم ئاھاڭ ئۇدارى

ئۇنىڭ مەزمۇنى كەڭ ۋە چوڭقۇرلىققا ئىگە. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردىكى تۇرمۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان كۆزقارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، قەدىمقى ئىپتىدائى قوشاقلاردا، ئىپتىدائى جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرىشىنى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىنى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش تەلىپى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرسە، سىنىپىي جەمىيەتتە بارلىققا كەلگەن قوشاقلاردا، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى، ئۇلارنىڭ گۈزەل غايە ۋە ئارزۇلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈر قۇرالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ، يېڭى زامان خەلق قوشاقلىرىدا بولسا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاتلىق تەنتەنىسى، بەختىيار ھاياتى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە شانلىق غەلىبىلىرى، ھەرقايسى سەپلەردىكى كىشىنى خوشال قىلىدىغان ئىجتىمائى ئۆزگۈرۈشلەر، خەلقنىڭ گۇڭچەنداڭغا بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى، يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن شەكىللەنگەن جۇشقۇن ھايات مەنزىرىسى ناھايىتى روشەن ۋە جانلىق ھالدا ئەكس ئېتىلگەن. قىسقىسى، ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇ دەۋر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بولۇپ كەلدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرخىل ئىجتىمائى ۋە تەبىئى ئۆزگۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائى قوشاقلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز. لېكىن خەلقىمىزنىڭ پارلاق ئەدەبى يادىكارلىقى سۈپىتىدە يازما خاتىرىگە ئېلىنىپ ساقلىنىپ قالغان «ئوغۇزنامە» قاتارلىق قەدىمقى داستانلاردىكى شېئىرى پىكىرلەردىن قارىغاندا، مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ رىۋاجلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىم قەشقەرلىق مەھمۇتنىڭ 11 - ئەسىردە يازغان «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق قامۇسى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قەدىمقى ئۈلگىلىرىنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن شاھانە ئەسەردۇر. «دىۋان» گەرچە تىلشۇناسلىققا ئائىت يادىكارلىق بولسىمۇ، پەقەت تۈركى تىللارنى ئىزاھلاش نۇقتىسىدىن تۈرلۈك تېمىدا جەمى 242 كوبلېت (I جىلدىدا 117، II جىلدىدا 48، III جىلدىدا 77) خەلق قوشاقلىرى مىسال قىلىپ ئېلىنغان. بۇ قوشاقلار بىز ئۈچۈن تۈركى خەلقلەرنىڭ قەدىمقى باي ئەدەبى مىراسلىرىنى چۈشۈنۈش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك دەستۇر بولىدۇ. بۇ قوشاقلارنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن 4 چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈش مۇمكىن؛ بىرىنچى، قەدىمقى داستانلاردىن پارچىلار، يەنى تاڭغۇتلار بىلەن بولغان جەڭ، قەبىلىلەر ئارا توقۇنۇشلار، جۈملىدىن «توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئارا جەڭ - جېدەللىرى ھەققىدىكى خەلق داستانلىرىدىن پارچىلار؛

مەسىلەن: تاڭغۇت سۈسىن ئۆشكىلەدى

كىشى ئىشىن ئەلۈكلەدى

ئەرىن ئاتىن بەلگىلەدى
بۆلۈن بولىپ باشى تىغدى.①

(مەنىسى:- تاڭغوت قوشۇنىنى ئۇششۇپ تۇرغاندا باستى،
ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى مەسخىرە قىلدى،
ئەرلىرىنى، ئاتلىرىنى غەنىمەت ئالدى،
(تاڭغوتلار) ئەسىر بولۇپ، بېشىنى ئەگدى.)

ئەرەن ئالپى ئۇقشىتلار
قىڭىر كوزون باقشىتلار،
قاموغ تولمون توقۇشتىلار
قىلىچ قىنىقا سىغدى.②

(مەنىسى- باتۇر ئەرلەر بىر - بىرىنى جەڭگە قىچقىرىشتى،
قىڭغىر كوز بىلەن قاراشتى،
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى)

ئىككىنچى، مەرسىيە ناملار؛ يەنى ئالپ ئەرتوڭا (ئەفرەسىياپ) ۋە نامەلۇم بىر قەھرىمان توغرىسىدىكى مەرسىيەلەردىن پارچىلار

مەسىلەن: ئالپ ئەرتوڭا ئولدىمو
ئىسىز ئاژون قالدىمۇ
ئوزلەك ئوچىن ئالدىمۇ
ئەمدى يۈرەك يىرتىلور③

(مەنىسى- باتور توڭا (ئەفرەسىياپ ئولدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنياقالدىمۇ؛
پەلەك ئوچىنى ئالدىمۇ
ئەندى يۈرەك تىلىنىماقتا)
ئاقتۇرۇر كوزۇم بولاق
توشلەنور ئوردەك يوغاق④

مەنىسى — كوزۇمدىن ياش بولاق بولۇپ ئاقىدۇ.
ئۇنىڭغا ئودەك - يوغاق (لار) چۈشىدۇ)

ئۈچىنچى، مۇھەببەت، ئەمگەك، تەبىئەت تىسۇرلىرى توغرىسىدىكى قوشاقلار.

② ① «دىۋان لوغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە I جىلد. 404-، 247- بەتلەر
④ ③ — «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە I جىلد، 59-، 297-

بۇمەزمۇندىكى قوشاقلار قويۇق لىرىك تۈس ئالغان بولۇپ، قەدىمقى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە ئەمگەك كوزقاراشلىرىنى، تەبىئەت ھەققىدىكى ھىس - تويغۇلىرىنى ئوخشىمىغان شېرى شەكىللەر بىلەن ئىپادە قىلغان.

مەسىلەن: مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن مىسال —

ئۇزۇك مەنى قومىتتى.

ساقىنىچ ماڭا يومىتتى

كوڭلۇم ئاڭار ئەمىتتى

يۈزۈم مەنىڭ سارغارۇر ①

مەنىسى — سۆيگۈ (ئۇدۇك) مېنى ھاياجانغا سالدى.

قايغۇ ماڭا توپلاندى

كوڭلوم ئۇنىڭغا تەلپۈندى.

يۈزۈم مېنىڭ سارغىيار.)

بۇلنار مەنى ئولاس كوز

قارامەگىز قىزىل يۈز

ئاندىن تامار تۈگەل تۈز

بۇلناپ يانا ئول قاچار ②

(مەنىسى — ئۇۋلار مېنى خوما كوز،

قاراخاللىق قىزىل يۈز،

تامار ئاندىن تۈگەل ئۈز،

ئۇۋلاپ يەنە ئۇ قاچار.)

ئەمگەك قوشاقلىرىدىن ئۈرنەك:

يىگىتلەرىگ ئىشلەتو

يىغاچ يەمىش ئىرغاتو

قۇلان كەيىك ئاۋلاتو

بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم ③

مەنىسى — يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ

مۆلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،

قولان - كېيىك ئۇۋلىتىپ،

بايرام قىلىپ كوڭۇل ئاچايلى)

تەبىئەت تەسۋىرلىرى (پېزاژ) توغرىسىدىكى قوشاقلاردىن ئۈرنەك:

---

③ ② ① «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە 1 جلد. 94-، 82-، 348- بەتلەر

قار بۇز قاموغ ئەروشدى
تاغلار سوۋى ئاقىشدى
كوكشىن بولىت ئورۇشدى
قايغوق بولۇپ ئەگوشۇر ①

(مەنىسى — قار، مۇز تامام ئېرىشتى،
تاغلار سۈيى ئېقىشتى،
كوكوش بۇلۇتلار ئورلەشتى
قېيىق بولۇپ ئايلىنار)

تۇرلۇگ چەچەك يارىلدى
بارچىن يازىم كەرىلدى
ئوچماق يەرى كورولدى
تومىلوغ يەنە كەلگۇسوز ②

مەنىسى — تۇرلۇك گۈللەر ئېچىلدى
يەريۈزى گويا يىپەك گىلەم سېلىنغاندەك بولدى
جەننەت يىرى كورۇلدى
قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى)

تورتىنچى— ساقىنامە ۋە ئوۋچىلىق توغرىسىدىكى قوشاقلار؛ بولۇپمۇ ئوۋچىلىق توغرىسىدىكى قوشاقلار بىزگە ناھايىتى يىراق ئوتمۇشنى ئەسلىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ، ئوۋچىلىق دەۋرىنى ئارقا كورۇنۇش قىلغان.

ساقىنامىدىن ئورنەك:

ئىۆرىق باشى قازلايو
ساغراق تولوكوزلەيو
ساقىنىچ قوزى كىزلەيو
تون كون بىلەسەۋنەلىم ③

(مەنىسى — ئۆرىق بېشى غاز (بوينى) غائوخشاپ (تۇرماقتا)
ساغەرلەر خوددى كوز چانىغىدەك مەيگە تولدى
قايغۇ - ھەسرەتنى چورىۋېتىپ،
كېچە - كۈندۈز كوڭول ئاچايلى)

ئوتتوز ئىچىپ قىقرالىم
يوقار قوپۇپ سەكرەلىم

① ② ③ — «دىۋان لۇغەتىت تۇرك» ئۇيغۇرچە I جىلد 251-161-135، بەتلەر.

ئارسلان لايو كوكرەلىم
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم ①

(مەنىسى— ئۈچ قېتىمدىن ئىچەيلى، ئورنىمىزدىن تۇرايلى،
ئارسلاندەك ھوكۇرەيلى،
قايغۇنىڭ بىزدىن كەتكەنلىگىنى كورسىتەيلى)

ئوۋچىلىق قوشاقلىرىدىن ئورنەك:

ئۈزۈبارىپ ئوكوش ئەۋدىم
تەلىم يورۇپ كۈچى كەۋدىم
ئاتىم بىرلە تۈگە ئەۋدىم②
مەنى كورۇپ يەنى ئاغدى

(مەنىسى— ئۈنى تۇتۇش ئۈچۈن ئالدىرىدىم
قوغلاۋېرىپ ھالىدىن كەتكۈزدۇم،
ئېتىم بىلەن ئۇنىڭغا يېتىشۋالدىم،
مېنى كورۇپ تۈكلىرى ھورپەيدى.)

يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە، «دىۋان» ئىچىدىكى قوشاقلار ئىچىدە پەلسەپۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قوشاقلارمۇ ئۇچرايدۇ.

مەسلەن:

ئوگرە يوكى مونداغ ئوق
مۇندا ئازىن تىلداغ ئوق
ئاتسا ئاژۇن ئوغراق ئوق
تاغلار باشى كەرتىلور③

(مەنىسى— زامانىنىڭ ئادىتى شۇنداق،
بۇنىدىن باشقا بىرمۇنچە سەۋەپلەرمۇ بار،
زامان تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا،
تاغ بېشىمۇ پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ)

دىمەك، «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قەدىمقى ئۈلگىلىرى بولۇپ، ئۇ تۈركى خەلقلەرنىڭ تىل-ئەدەبىياتى، تارىخ، ئېتنوگراپىيەسى، ئورپ-ئادىتى، پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىگى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «تۈركى تىللار دىۋانى» ئىچىدىكى قوشاقلاردىن باشقا يەنە «تۇرپان تېكىستلىرى»

---

① - «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە I جىلد 193 - بەتلەر.

③، ②- «دىۋان لوغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە I جىلد 217-226- بەتلەر.

(«تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىچىدىكى قوشاقلار، «هون قوشاقلىرى»، «تولى قوشىقى»، «بەگ قولى ھەققىدىكى قوشاق» قاتارلىق قوشاقلارمۇ پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە «تۇرپان تېكىستلىرى» دىن باشقىلىرى جۇڭگونىڭ قەدىمى تارىخى مەنبەلىرىگە خەنزۇچە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تارىخى جەھەتتىن قەدىمقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ. تۆۋەندە بۇ قوشاقلاردىن بىرنەچچە ئۈلگە كۆرۈپ ئۆتەيلى.

بىلىك بىلىڭ يا بەگىم
بىلىك ساڭا ئەش بولۇر
بىلىك بىلگەن ئۇل ئەركە
بىركۈن دەۋلەت تۇش بولۇر

(مەنىسى — بىلىم ئىگەللەڭ ئەي بېگىم، بىلىم ساڭا يولداش (ھەمرا) بولىدۇ. بىلىم ئىگەللىگەن شول ئەرگە، (ھامان) بىركۈن دولەت يار بولىدۇ)

2. بىلىگلىك ئەر بىلىگە
تاش قورسانسا قاش بولۇر.
بىلىگسىزنىڭ يانىغا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

(مەنىسى: — بىلىملىك ئەرنىڭ بىلىگە، تاش قىستۇرسا قاش (ياقۇت، قاشتېشى) غا ئايلىنىدۇ، بىلىمسىزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قويسا تاشقا ئايلىنىدۇ)

«قەدىمقى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» تەركىۋىدىكى بۇ قوشاقتا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، تۈركى خەلقلەرنىڭ پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

هون قوشىقى

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرى① تاغىدىن
ئاۋۇماس بوپ قالدى چارۋا ماللىمىز
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى② تاغىدىن
مۇڭلۇنۇپ سارغايدى قىز-ئايالىمىز

بۇ قوشاقتا مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن خەن ۋۇدى دەۋرىدە خەن سۇلالىسى بىلەن هون ئىمپېراتورلىغى ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ تارىخى ئەكس ئېتىلگەن بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا هونلارنىڭ خىشى كارىدۇرىدىن ئىبارەت كەڭ يايلاقلىرى-

① تەڭرى تېغى — هازىرقى چىلەنشەن تېغى
② ئالچى تېغى — هازىرقى يەنچىشەن تېغى

دىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى تەسۋىرلەنگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدا، ھونلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان چارۋىچىلىق بىلەن رىيال ھاياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

### بەگ قۇلى ھەققىدىكى قوشاق①

«شىمالى خانلىقلار تارىخى، ئىگىز ھارۋۇلۇقلار ھەققىدە قىسسە» دېكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ خوغۇسۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بەگ قۇلى ھەققىدە شەرقى ئۇيغۇرلار مىلادى 4- ئەسىرنىڭ ئاياقلىرىدا مۇنداق بىر قوشاق توقىغان:

«ۋاي كەلدى بەگ قۇلى» دېگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان،
دەيدىكەن ياش قىزلار ئىپىقاندا ناخشا،
«بولسىدى يىگىتىم بەگ قۇلى سىيان».

### قالدىم ھەسرەت ئىچىدە②

تولدى قەلبىم قايغۇغا، قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
ماڭسالىڭ ئەگەر سەپەرگە ئات قامچىسى مەن بولاي،
قورغان تېمى ئۈستىدە، ساڭا يېقىن ياندىشىپ،
بىللە تۇراي يىگىتىم، بىلەكلىرىڭ مەن بولاي.

بۇ قوشاقتا، بىر قىزنىڭ سۆيگەن يىگىتى جەڭگە ئاتلانغان چاغدا، ئۆزىنىڭ يالغۇز قېلىپ چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆيدە قالغاندىن كۆرە، يىگىتىنىڭ ئات قامچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، شۇنداقلا مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ سېپىلى ئۈستىدە يىگىتى بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقى، ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا مەردانە، جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەنگەن.

يۇقۇرقى قىسمەن پارچىلاردىن قارىغاندا، قەدىمى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن خېلى مۇكەممەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

خەلق قوشاقلىرىنى مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ تۈرلەرگە بولۇش نىسبەتەن مۇرەككەپ ئىلمى مەسىلە. شۇڭا ئۇ ھەقتە تېخى بىرلىككە كەلگەن ئورتاق قائىدە يوق. بىز پەقەت خەلق ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بولىمىز.

①② شىمالى خانلىقلارنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى»دا خاتىرىلەنگەن.

## § 1 - ئەمگەك قوشاقلىرى

ئەمگەك قوشاقلىرى خەلق شېئرىيىتىنىڭ ئەڭ ئاۋالقى تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىجرا ئېتىلىشى ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك جەريانى بىلەن بىۋاستە باغلىقتۇر.

مەلۇمكى ئەمگەك دۇنيانى ياراتقان، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچىدىن مەدەنىيلىك دەۋرىگە قەدەم قويۇشىنىڭ ئەڭ زورۇر شەرتى بولغان. مۇشۇنداق تەكرار ئەمگەك پائالىيىتى جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرى پەيدا بولغاندىن كېيىنلا، ئىپتىدائىي ئەمگەك رىتىمىگە ماس ھالدا ئەمگەك قوشاقلىرى ۋە ناخشىلىرى بارلىققا كېلىپ، خەلقنىڭ ئەمگەك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش شەكلى بولغان ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئىنسانلار توپلىشىپ كوللېكتىپ ئەمگەك قىلاتتى. يەنى كوللېكتىپ ھالدىكى ئوۋچىلىق، ياۋايى ھايۋانلارنى كوندۇرۇش ۋە ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش، چارۋىچىلىق ۋە قىسمەن ھالدىكى تېرىقچىلىق ئەمگەكلىرى ئىپتىدائىي ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى ئىدى. تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشنى مەزمۇن قىلغان بۇ خىل ئەمگەك خاراكتېرى، ئۇنىڭغا ماس بولغان ئەمگەك قوشاقلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. «تۈركى تىللار دىۋانى» ئىچىدىكى «ئوۋچىلىق قوشاقلىرى» بۇنىڭ جانلىق مىسالى.

ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئەمگەكنىڭ تۈرى ۋە خاراكتېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمگەك قوشاقلىرىمۇ روشەن ئىجتىمائىي تۈس ئالدى. ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتى، ئەمگەك سۆيۈشنىڭ شەرەپلىكلىكى، ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىلەرنى قەدىرلەش ئىدىيىسى شېئرىي ئوبراز ئارقىلىق چوڭقۇر ئىپادىلىنىپ، ئەمگەك ھەقىقىي ئىنسانلىقنىڭ بىردىن-بىر شەرتى بولۇپ جارىڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېكسپىلاتاتسىيە خاراكتېرىنى ئالغان ئەمگەككە قارىتا ئەمگەكچىلەرنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى، ئەمگەكنى يەڭگىللىتىش ۋە زۇلۇم خاراكتېرىدىكى ئەمگەكتىن ئازات بولۇش تەلىۋى ئەكس ئېتىلدى. شۇنداقلا ئۇلاردا ئەمگەكنى يەڭگىللەشتۈرۈشكە قارىتىلغان كوتۇرەڭگۈ روھ، خەلق ئىجادىغا خاس ئوپتىمىزىم، خۇشچاقچاق كەيپىيات دائىم ئۈستۈنلۈك ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى.

ئەمگەكنىڭ ماھىيىتى ۋە خىزمەت شارائىتى ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى بەلگىلەيدۇ. مەلۇمكى، ئەمگەكنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، جۈملىدىن ئەمگەك شارائىتىمۇ ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك قوشاقلىرى كۆپ خىل تۈرگە ئىگە. مەسىلەن، دېھقانچىلىق، باغ ۋە باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا كەسىپلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەر ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىز ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدىكى دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن باغلىق بولغان ئەمگەك قوشاقلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

### قوشچى قوشىغى

زۇلمەتلىك قەھرىتان قىشتىن بالا - چاقىسى بىلەن زارلىنىپ چىققان دىخان باھار كېلىشى بىلەن ھاياتقا قايتا ئۈمۈتلىنىپ يەر ھەيدەشكە كىرىشىدۇ، تەبىئەت شۇنچە جانلانغان، ھەممە جاندارلارغا يېڭى جان كىرگەن بولسىمۇ، لىكىن دىخاننىڭ ئوكۈزى ئۆلگەندەك ئاچلىقتىن مادارسىزلىنىپ قوشقا يارىمايدۇ. دىخان دەسلەپكى باھاردىكى بۇ مۇشكۇل ئەھۋالىنى ھوكۈزنىڭ تىلىدىن شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

شاخلىرىم غۇلاچ - غۇلاچ
يوق مادارىم، قارنىم ئاچ،
توپەمگە قونغان قالدىرغاچ،
مەن قانداق قوشقا يارايمەن.

قوشچى قوشاقلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا بۈنىڭدىن باشقا مەزمۇن تۈرلىرىمۇ بار. ئۇ ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن قوش ھەيدەش ئەمگىكىنىڭ رىتىمىغا ماس ھالدا قوشچى تەرىپىدىن توۋەن ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدا دىخانلارنىڭ ھاياتى، ئەمگەك ھايۋانلىرىغا بولغان مۇناسىۋىتى تەسۋىرلەنگەن.

### ئوما (ئورام) قوشىغى

ئورام — دىخانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم، جىددى ۋە جاپالىق تۈرى. شۇڭا ئۇنىڭغا ماس بولغان ئورام قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىمۇ خىلمۇ - خىل. بەزى ئورام قوشاقلىرىدا دىخانلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى، كوتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئورامغا قاتنىشىدىغان ۋاتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ، دىخاننىڭ يۈرىكىدە جۇش ئۇرىۋاتقان كۈچ - غەيرىتى، ئورامنى تېز ۋە ۋاقتىدا تۈگۈتۈش ئارزۇسى تەسۋىرلىنىدۇ:

ئوغىقىم ئالماس،
ئورىشىدىن قالماس.
زادىلا تالماس،
ئورمىسام بولماس.

ئورام قوشىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى، ئۇنىڭدا ھەر قانداق بايلىقنىڭ مەنبەسى ئەمگەك ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ:

ئوغىقىم چاقىقان،
سەن ماڭا ياققان.
قولۇممۇ چاققان،
ئەمگەككە باققان.

ئورام قوشاقلىرى ئىچىگە ئەشۇ ئەمگەك جەريانىغا بىۋاستە ئالاقىسى بولغان قوشاقلارمۇ كىرىدۇ. بۇنداق قوشاقلارمۇ ئورام ئەمگىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئومىچىلارغا بولغان ھۆرمەت سەممى سويگۇ ئىزھارى سۈپىتىدە جاراڭلايدۇ. مەسىلەن:

ئومىلىقتا ئىشلەۋاتقان يىگىتلىرىنى سېغىنغان قىزلار:

ئوما ئورسەن كۈندە،
تالمامدۇ بىلەكلىرىڭ،
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
سالمامدۇ يۈرەكلىرىڭ.

دەپ يىگىتلىرىنى ياد قىلسا، ئوز سويگىنىنىڭ دىدارىغا قانمىغان يىگىتلەر يارىنى ئوزدلىرى تەر ئاققۇزىۋاتقان ئومىلىقتا چىللايدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ مۇھەببىتىنى ئەشۇ ئەمگەك قوينىدا تاۋلاش ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن:

ئوما ئوردۇق ئېتىزدا
ئالتىنچى ئايدا تومۇزدا،
راست كېپىڭنى ئېيت يارىم
بۇغدايلىقتا ئېگىزدا.

## خامان قوشىقى

خامان تېپىش ۋاقتىدا دېھقانلارنىڭ خامانلىقتا ئېيتىدىغان قوشاقلىرى خامان ناخشىسى (قوشىقى) دېيىلىدۇ. خامان قوشىقى دېھقانلار ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر، ئوزبېك ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان خامان تەپكەندە، خامانغا قاتقان ئات-ئۇلاقلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، قەرەللىك ھالدا خامان ناخشىسى ئېيتىش بىرخىل ئەنئەنىگە ئايلانغان. خامان ناخشىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «لاي-لاي» دىگەن مەخسۇس نام بىلەن ئاتالسا، ئوزبېكلەر ئارىسىدا «ھوپ، مەيدە ياكى مەيدە كۆل» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇلاردا دېھقاننىڭ تېزراق ھوسۇلنى يىغىۋېلىش ئارزۇسى، تىرىكچىلىك ئۈچۈن روزغار تەييارلاش ئۈمىدى، دېھقانچىلىق ھايۋانلىرىنىڭ دېھقان ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ۋە دېھقانلارنىڭ بۇ ھايۋانلارغا بولغان مۇھەببىتى كۈيلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قوشاقلار خامان تېپىش ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجىغا بىۋاستە ماسلاشقان بولۇپ، ھارغىنلىقنى ئازايتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۇستۇرۇپ، روھى ھالەتنى كوتۇرۇش، ئەمگەك مەيدانىغا جوشقۇن كەيپىيات بېغىشلاش جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

دەسسەڭلار، يەنچىڭلار، جانىۋارلىرىم
مەيدان بولسۇن

دانىنى ئايرىپ چەشلەگلار، جانىۋارلىرىم
خامان تولسۇن
لاي - لاي - لاي - لاي ......

ھا لايلاگەي - كالايلاڭ،
قۇلاقلىرىڭ گۆرجەك بولسۇن
مۆگگۈزلىرىڭ ئارا بولسۇن،
تۇياقلىرىڭ پايخان بولسۇن،
قۇيرۇقلىرىڭ سۇپۇرگە بولسۇن،
قوساقلىرىڭ تاغار بولسۇن.
دەسسەگلارەي - يەنچىگلار، جانىۋارلىرىم
خامان تولسۇن...
لاي - لاي - لاي - لاي

بۇ خىل «لاي - لاي» قوشىقىدا، شۇ خىل ئەمگەكنىڭ رىتىمىگە ماس كېلىدىغان ھەرخىل تاۋۇشلار بىرلىشىپ، ئەمگەك ھالىتىگە مۇۋاپىق بولغان ئاھاڭ - مۇزىكىنى پەيدا قىلغان. بۇ قوشاقنىڭ ۋەزنى — رىتىملىرى خامانغا قېتىلغان ئۇلاقلارنىڭ تۇياق رىتىمىگە ماسلاشقان بولۇپ «لاي - لاي» سوزى رىتىم بولگۈچ سۇپىتىدە ھەركەت ۋە ئاھاڭغا جور بولغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «لاي - لاي» دەپ ئاتالغان خامان قوشاقلىرىنىڭ سوز تەكىستى ھەممە جايدا مۇقىم، بىردەك بولىۋەرمەيدۇ. ئومۇمەن ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس خامان ناخشىلىرى بار. خامان قوشاقلىرىنىڭ بەزىلىرى روشەن ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە. ئادەتتە «ئورامدا يوق، خاماندا ھازىر» بولىدىغان تېكىنخورلار — يۇرت ئاقساقاللىرى، بايلار، سوتخۇرلار، بەگ - بۇجاگلار، قازى - كالانلار دەل دانىنى سامانىدىن ئايرىپ خامانىنى چەش قىلغان ۋاقىتىدا قارا قاغىلاردەك خامان ئۈستىگە كېلىپ، تەييار ھوسۇلغا ئىگە بولىۋالغانلىقى، قىش - ياز ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگەك تەرىگە ئىگە بولالماي، ئاخىرىدا ئارا گۆرجەكنى قۇچاغلاپ قالغان جاپاكەش دىخانلارنىڭ بۇنداق تەڭسىزلىككە بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتى تەسۋىرلىنىدۇ.

مەسىلەن:

قارا - قارا قاغىلار، مەيدە - يا، مەيدە،
قارنى كورسە يورغىلار، مەيدە - يا، مەيدە،
ئويۇلۇڭ قۇرغۇر دوغىلار، مەيدە - يا مەيدە،
خامان كورسە يورغىلار، مەيدە - يا مەيدە،

مەيدە قىلغىن ئۇۋۇتۇپ، مەيدە ـ يا، مەيدە،
سەنسەن مېنىڭ قۇۋىتىم، مەيدە ـ يا، مەيدە،
كىلىشمەكتە ئىشانلار، مەيدە ـ يا، مەيدە،
سەللىسىنى يوگۇشۇپ، مەيدە ـ يا، مەيدە.

يارغىنچاق قوشىقى

ئۇتمۇشتە يارغىنچاق دەپ ئاتالغان «قول تۈگمىنى»دە ئۇن تارتىش ۋە ياما قىلىش ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۇزبېك قاتارلىق خەلقلەرنىڭ كۈندۇلۇك ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. يارغىنچاقنى قول بىلەن كۆن بويى ئايلاندۇرۇش ھەقىقەتەن بىر خىل مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دىخانلار ئېغىر بولغان يارغىنچاق تېشىنى ئاستا ئايلاندۇرغاچ، ئۇنىڭغا ماس ئاھاڭدىكى يارغىنچاق قوشاقلىرىنى يارىتىپ، ئۇنى ئۆزىگە ھەمرا قىلدى؛

يارغىنچاق تارتا ـ تارتا تالدى قولۇم،
ئىككى تاش ئارىسىدا قالدى قولۇم.

يارغىنچاق قوشاقلىرىدا يەنە، بۇ خىل ئەمگەك ئۇنۇمىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن، دىخانلارنىڭ زارلىنىش ۋە ئۈمۈتسىزلىنىش كەيپىياتى تەسۋىرلىنىدۇ.

يارغىنچاق يالپاقىنا،
ئۇن قىلار ئاپپاقىنا،
يارغىنچاق خىر ـ خىر ئېتەر،
مۇشتەككىنە خىمىر ئېتەر.

چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا، قىر ـ ئىدىرلاردا ياشىغۇچى چارۋىچى، دىخانلار خوسۇسەن مەزلۇم خوتۇن ـ قىزلار كەچكىچە يارغىنچاق تارتىشمۇ يەنىلا مۇھتاجلىق ئىچىدە ياشىدى. شۇڭا ئۇلار كۆن كوچۇرۇشنىڭ ئېغىرلىغى ھەققىدە خىلمۇ ـ خىل يارغىنچاق قوشاقلىرىنى توقىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمگەكچىلەرنىڭ دەرت ـ ھەسرەتلىرى ئۆز تەقدىرىگە بولغان نارازىلىغى، فېئوداللىق زۇلۇمغا بولغان قارشىلىغى بايان قىلىنغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، سۇ ـــ يەرنىڭ قېنى، ھاياتلىقنىڭ جېنى ھىساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش ئەمگىكى ماھىيەتتە دىخانچىلىق ئەمگىكىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، «ئۆستەڭ ناخشىلىرى» دەپ ئاتالغان قوشاقلارنىمۇ ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن، لېكىن ئۇتمۇشتە يارىتىلغان «ئۆستەڭ قوشاقلىرى» دا ئالۋاڭ خاراكتېرىنى ئالغان سۇ قورۇلۇش ئەمگەكلىرىنىڭ رېيال مەنزىرىسى سۇرەتلەنگەن بولۇپ، سىياسى خاھىشى ناھايىتى كۈچلۈك. مەسىلەن:

ئۇستەڭنىڭ تىگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۆگچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ئۇستەڭنىڭ تىگى لايدۇر،
دەسسە لېغىلدايدۇ.
زالىم تۆگچىسى كەلسە،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

مىراپلار مىنەر تايغا،
سۇنى ياقلار بايغا.
كەمبىغەللەر سۇ دىسە
بېشىنى تىقار لايغا.

يۇقۇرقى قوشاقلاردا ئۆتمۈش فېئودالىزىم جەمىيىتىنىڭ رىيال كارتىنىسى تارىخى چىنلىق ئاساستا سورەتلەنگەن.

چارۋىچىلىق ئەمگىكى بىلەن باغلىق بولغان قوشاقلار ئىچىدە سېغىم قوشاقلىرى بىرقەدەر كەڭ تارقالغان.

سېغىم قوشاقلىرى

سېيىر، قوي، ئۆچكە، بىيە، توگىلەرنى سېغىش ۋاقتىدا، ئۇلارنى ئەركىلىتىش ئاھاڭىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلارنى سېغىم قوشاقلىرى دەيمىز. بولۇپمۇ چاۋىچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر ئارىسىدا سىغىم قوشاقلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل تۈرلىرى بار، ئادەتتە سېيىر سېغىش بىلەن باغلىق بولغان قوشاقلار «ھوش-ھوش» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇنداق قوشاقلار باشتىن-ئاياق سېيىرغا مۇراجەئەت قىلىش شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، سۈتلۈك سېيىر مېھنەت ئەھلىنىڭ روزغارىنى تولۇقلايدىغان خەزىنە دەپ ماختالغان.

سېيىر سېغىشتا ئېيتىلىدىغان قوشاقلاردا تەكرارلىنىدىغان «ھوش-ھوش» ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلىدۇ. سېيىرساققۇچى قوشاق ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سېيىرنىڭ ئۇستى-بېشىنى ئاستا سىلاپ، ئۇنىڭغا بولغان مېھرىنى ئىزھار قىلىدۇ؛

ئالا سېيىر ئال دەيدۇ،
ئىسسىق جايغا سال دەيدۇ،

ئالاسېپىر سۈتىنى
ھەسەل بىلەن بال دەيدۇ.
يوۋاش مىلىم، ھوش ـ ھوش

قويلارنى سېغىش ۋە قوزىلارنى ئەمدۈرۈشتە ئېيتىلىدىغان قوشاقلاردا ئادەتتىكىدەك ساغلىق قويغا مۇراجىئەت قىلىش ئاساسى ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۇ قوشاقلاردا قويلارنى بورىدىن ئامان ساقلايدىغان ئىتلاردىن تارتىپ، پادىچىلارنىڭ روھى ـ دۇنياسى، ياپ ـ يېشىل يايلاق تەسۋىرلىرى قويلارنى ئەركىلىتىش يولى بىلەن بېرىلىدۇ:

تاغدا كوپ ـ كوپ ئوتتۇك بار،
ئەمچىكىگىدە سۈتۈك بار،
ئال بالاڭنى جانىۋار،
ئالا بويناق ئىتىڭ بار.

ماللارنىڭ توللەش (قوزىلاش) دەۋرىدە بەزى قوزىلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا ساغلىق ئۆز قوزىسىنى قوينىغا ئالماي بالىسىدىن ياتسىرايدۇ. مانا شۇ ھالەت بەزى قوشاقلاردا ئەكس ئەتكەن. پادىچىلارنىڭ چۈشەنچىسىچە، گويا مۇشۇ قوشاقنى ئېيتسا، قوي قوزىسىدىن ياتسىرىماي قوينىغا ئالارمىش.

باللىقلار بازاردا، تۇرار ـ تۇرار،
بالسىزلار مازاردا، تۇرار ـ تۇرار،
ئال بالاڭنى، جانىۋار، تۇرار ـ تۇرار،
سال مېھرىڭنى، جانىۋار، تۇرار ـ تۇرار.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆچكە سېغىش، بىيە سېغىش ۋە توگە سېغىشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قوشاقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرىغا بولغان مۇھەببىتى، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كىشىلەرنىڭ مەئىشەتلىك ھاياتقا قارىتا ئارزۇ ـ ئۇمۇتلىرى ئەكس ئېتىلگەن.

ھونەرۋەنچىلىك قوشاقلىرى ـ ئەمگەك قوشاقلىرى ئارىسىدا ھونەرۋەنچىلىك قوشاقلىرىمۇ خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇنداق قوشاقلاردا، ھونەر- ۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئۇزاق تارىخى شارائىتتىكى ماددى ۋە مەنىۋى ھاياتى، ئىچكى رو- ھى كەيپىياتى، ئىپتىدائى ئىش قوراللىرى تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان ئەمگەك مۇشەققەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

بوز توقۇيمىز قىرلىرىنى ئوخشۇتۇپ،
موكا ئاتىمەن دەستىگامنى قاخشىتىپ،

بازاردىكى شايىلاردىن قېلىشماس،
ئالسا ئىدى خېرىدارلار يارىتىپ.

ئاياللار تىلىدىن ئېيتىلىدىغان بۇنداق قوشاقلار چاق ئىگىرىشتە (چاق ئىگىرىش قوشىقى — «چاقىم تاناپ تاشلايدۇ») گىلەم توقۇشتا، دوپپا تىكىشتە، كەشتە ئويۇشتا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قول ھونەر ئىش-ھەرىكىتى جەريانىدا يارىتىلغان ۋە ئېغىزدىن-ئېغىزغا ئۆتۈپ كۈيلەنگەن.

بوزچى (ماتاچى) ئېيتقان قوشاقتا، بوزچى ھاياتىنىڭ غايەت ئېغىرلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىڭبىر جاپا بىلەن توقۇغان بوزى سېتىلماي، بازىرى كاسات بولۇپ، ئائىلىسى مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلالمىغانلىقىغا ئوخشاش مەزمۇنلار روشەن كورۈنۈپ تۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدا «موزدۇز يالاڭياق، بوزچى بەلۋاقسىز» دىگەن ماقال بىھۇدە چىقمىغان. ھەقىقەتتە بوزچى بار-يوقنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ، ساتالماي ئامالسىزلىقتىن بىر پارچە نانغا ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەنە شۇ رىيال كورۇنۇشلەر، ھونەرۋەنىنىڭ روھى ھالىتىدىكى غەمكىنلىك، شىكايەت ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

دۇكان ئويگە كىرسەم تېنىم قاخشىدى،
سوغاقلاردا ئولمەي قالسام ياخشىدى،
تورت تەڭگىگە سېتىلسىمۇ ياخشىدى،
مىنىڭ بوزام شۇنداق ئەزان كېتەرمۇ؟

ھونەرۋەنچىلىك ئەمگىكى جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى قوشاقلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا بىجىرىلىۋاتقان ئەمگەكنىڭ رىتىمى قوشاق ئاھاڭى بىلەن ئىچكى باغلىنىشچانلىققا ئىگە.

ئەمگەك رىتىمى قوشاق ئاھاڭىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، مەزلۇم خوتۇن-قىزلار چاق ئىگىرىپ تۇرۇپ، قول ھەرىكىتىگە مۇۋاپىق ئاھاڭدا قوشاق كۈيلىگەندە ئۇنىڭ ياشلىقى، ھىس-تۇيغۇسى، كوڭلىگە پۈككەن ئارزۇسى ۋە مايىللىقى سېزىلىپ تۇرىدۇ:

چاقىم غوۋ-غوۋ ئېتىدۇ.
مەرغۇلانغا يېتىدۇ.
مەرغۇلانىڭ قىزلىرى
ئاچچىق ئەلەم چېكىدۇ.

چاقىم غىچ-غىچ قىلىدۇ،
يىپ ئاقلاپ ئۈزىدۇ.

دىلىمدا كوپ ئارمىنىم
كەڭ ئالەمنى كېزىدۇ.

بۇنداق قوشاقلارنىڭ كوپچىلىگى ئەمگەك رىتمىغا ماس ھالدا 3+2+2 شەكىلدە گورۇپپىلىشىدۇ.

دىمەك، مەيلى قايسى خىلدىكى ئەمگەك قوشاقلىرى بولسۇن، ئۇ ئەشۇ ئەمگەك مەنزىرىسىنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەمگەك قوشاقلىرىدا ئەمگەكنىڭ ئۇلۇق خاسىيىتى روشەن سىلىشتۇرما ئوبرازلار ئارقىلىق سورەتلىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىلەرگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت جانلىق ئىپادىلىنىدۇ؛

قىزىل گۈلۈم قات - قات ئېچىل،
ياڭزاڭنى كورسەت.
يىگىت بولساڭ كەتمەن تۇتۇپ،
بىگىسىڭنى كورسەت.

X X X

كەلمەستە ساينىڭ تاشقىنى،
چىڭداپ ئېتەيلى توسمىنى.
تاشقىن ئەكەتسە توسمىنى،
نەگە قويارسىز ئوسمىنى.

يۇقۇرقى پارچىلار ئەمگەكنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئەڭ تولۇق چۈشىنىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەقىقى قەلبىي سادىسىدىن ئىبارەت.

فېودالىزىم ھوكۈمرانلىق قىلغان ئۇتمۇش جەمىيەتتە پەيدا بولغان ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ تۇپ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەككە بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن خىلمۇ - خىل دەرت - ئەلەم بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئىجتىمائى خاراكتىر ئالغان ئەمگەكنىڭ سىنىپىي زۇلۇم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىگى، ھەمدە ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ھوكۈمرانلىق قىلىش بىلەن ھوكۈمرانلىق قىلىنىش مۇناسىۋىتى ئوبرازلىق ئىنكاس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ قان - يېشى بىلەن يۇغۇرۇلغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ ئاساسى قىسمى ئەمگەكچى خەلقىنىڭ فېودالىزىم جەمىيىتى شارائىتىدىكى ئەمگەك پائالىيىتىگە مەنسۇپ، بىز بۇ قوشاقلار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولىۋالغان فېودالىزىم تۈزۈمى ئاسارىتىدىكى ئەمگەكنىڭ زۇلۇملۇق ۋە ئالۋاڭلىق خاراكتىرىنى، ھەددى - ھىساپسىز ئېغىر كۈلپەتلەر ئىچىدە ئوزلىرى ياراتقان ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغان

ئەمگەكچىلەرنىڭ بارغانسېرى قاششاقلىق پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى، نەتىجىدە بۇ ھالەتكە گىرىپتار قىلىۋاتقان فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ياۋۇز قىياپىتىنى چۈشۈنۈشكە باشلاپ، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىنى ، ئەمگەك ئازاتلىقىغا بولغان تەلپۈنىشى، ئىشەنچىسى ئىرادىسىنى كورىمىز.

## § 2 - مەۋسۇم - مۇراسىم ۋە ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى

خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە يەنە 4 پەسىل (مەۋسۇم) ۋە ھەر خىل مىللىي مۇراسىملار ھەمدە ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن باغلىق بولغان قوشاقلار مەۋجۇت. مۇراسىملار، ئادەتتە تۈرلۈكچە بولغىنىدەك، ئۇلارغا باغلىنىشلىق بولغان قوشاقلارمۇ خىلمۇ - خىلدۇر.

مەۋسۇم - مۇراسىم ۋە ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ شۇ خەلقلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئىشەنچىسى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇنداق قوشاقلار خەلقنىڭ ھېيت - بايراملىرىنى، مۇراسىملىرىنى يىغىنچە مەزمۇنلار بىلەن بېزەپ، ئۇنىڭغا جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلىغان. شۇڭلاشقا مۇنداق قوشاقلار شۇ خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىدە مۇھىم قىسمەتكە ئىگە.

بىز تۆۋەندە، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تۇرمۇشىدىكى مەۋسۇم - مۇراسىم ۋە ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرىدىن بىرقانچىسىنى كورۈپ ئۆتەيلى.

ئەللەي قوشىقى — ئىنسانلار ھاياتىدا بىرىنچى قوشاق مېھرىبان ئانا تەرىپىدىن ئېيتىلىدىغان «ئەللەي قوشىقى» دىن ئىبارەت.

بۇ قوشاق بوۋاق باللارنى ئۇخلىتىش ۋاقتىدا ئانىلار تەرىپىدىن بۆشۈكنىڭ تەۋرىنىشىگە ماس ھالدا لەرزان ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. ئۆتمۈشتە يارىتىلغان «ئەللەي» قوشاقلىرىدا ئېزىلگەن، ئازاپ چەككەن مەزلۇم ئانىنىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىدۇ، يەنى ئانىلارغا خاس باغرى كەڭلىك، قۇياشتەك مېھرىبانلىق، ئانىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرى، ئۈمۈت - بەخش ياخشى نىيەتلىرى، بالىسىنىڭ كېلىچىكى ھەققىدىكى ئارزۇ - خىياللىرى چىرايلىق تەسۋىرى بوياقلار بىلەن سورەتلىنىدۇ.

ئەللەي قوشىقىنى ئانىنىڭ ئۆزى مۇزىكىسىز ئىجرا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى «ئەللەي» سۆزى نەقرات سۈپىتىدە تەكرارلىنىپ رىتىم بولىكچىلىك ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىغا بۆشۈكتىكى ياكى سەگۈنچەكتىكى بالىنىڭ نامى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ.

«ئەللەي قوشىقى» — ئانىنىڭ گۈزەل ئىنسانىي خىسلەتلىرىنى، ئالىجاناپ پەزىلەتلىرىنى يېڭى كورگەن پەرزەنتىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ئىچىدە سورەتلەش يولى بىلەن كېلىپ چىققان،

ساڭا قويدۇم ياخشى ئات! ئەللەي،
ياخشى نىيەتتۇر مۇرات، ئەللەي

ئەل - يۇرتۇڭغا سۆيۈنسەڭ، ئەللەي،
ساڭا بولغۇسى قانات، ئەللەي.

ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ كېلىچەكتە بەخت - سائادەتلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاچقا، ھامان بالىنىڭ ساغلام، پالۋان، شىر يۈرەكلىك بولۇپ ئۆسۈشىنى تىلەيدۇ:

قولى ئارسلان بىلەكلىك
باتۇر، قاپلان يۈرەكلىك
ياخشى - يامان كۈنۈمدە
ماڭا بەكمۇ كېرەكلىك
ئەللەي بالام، ئەللەي،
جانىم بالا، ئەللەي...

لېكىن ئۆتمۈش جەمئىيەتتە مەزلۇم ئانىلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى زادى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. زامانىنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىدىن بىخەۋەر ياتقان بوۋاقنىڭ ئاچلىق ئازاۋىدىن ئىڭراشلىرىنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ يۈرەك - باغرى قانغا تولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئېغىر تۇرمۇش شارائىتىنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلارنى كۈيلەپ، ئۆز پەرزەنتىنى بەزلەشكە تىرىشىدۇ:

تۈڭلۈك بېشىغا ئاي كەلدى، ئەللەي بالام، ئەللەي
دادىڭىز مۇسا كەلدى، ئەللەي بالام، ئەللەي،
بىدە سەپ يوبدان ئىتەي، ئەللەي بالام، ئەللەي،
ئەندى ئۆيگە نان كەلدى، ئەللەي بالام، ئەللەي...

شۇنداق قىلىپ «ئەللەي» قوشاقلىرىدا، مېھرىبان ئانىلىرىمىزنىڭ مۇرەككەپ روھىي - دۇنياسى، چوڭقۇر ھىس - ھاياجانى، ئارزۇ - ئۈمۈتلىرى ئىپادىلىنىپ كەلدى. شۇ سەۋەپتىن «ئەللەي» قوشاقلىرى كۆڭۈل مەھزانىنىڭ مۇقەددەس مۈلكى — جاۋاھىرلىرى سۈپىتىدە ياشاپ كەلدى. «ئەللەي» قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى، كۈيى ئانىنىڭ روھىي ھالىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ، قوشاق يارىتىلغان دەۋر روھى ئۇنىڭدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

بىزنىڭ ئازات زامانىمىزدا ئانىلار ھاياتقا مۇھەببەت، بەختلىك تۇرمۇش، پارلاق ئىستىقبالنى كۈيلەپ يېڭى مەزمۇندىكى «ئەللەي» قوشاقلىرىنى ئېيتىشماقتا.

تالاۋەت قوشاقلىرى — كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بولغان ئىلتىجاسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خىلمۇ - خىل تالاۋەت قوشاقلىرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئىشەنچىسى بىلەن زىچ باغلانغان. قۇرغاقچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن يامغۇر چاقىرىش مۇراسىمىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلار — تالاۋەت قوشاقلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئانىمىستىك

چۈشەنچىلەر بىلەن باغلانغان بۇ خىل قوشاقلارنىڭ كۈيلىنىش شەكلى مۇنداق: ئىككى تاياقنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى باغلاپ، ئۇنىڭغا ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ئۇچىغا رومال ئورايدۇ (ئايالنىڭ شەكلىنى ياسايدۇ) ئاسماندىن يامغۇر تىلىگەن بۇ «ئايال»نىڭ ئوبرازىنى ئىگىز كوتۈرۈپ، كىشىلەر ئۆيمۇ-ئۆي، مەھەللىلەر ئايلاندۇرۇپ يامغۇر تىلەش قوشىقىنى ئېيتىشىدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر ئۆيلىرىدىن سۇ، نان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئۇلارغا سوۋغا قىلىشىدۇ ياكى سۇ چېچىپ تەبرىكلىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يامغۇر تىلەش ئارزۇسى، مول-ھوسۇل ئېلىش ئۈمىدى ئەكس ئېتىلىدۇ. ئۆزبېكلەر ئارىسىدا مۇشۇ مەزمۇندىكى تالاۋەت قوشاقلىرى «سۇخاتۇن» دىگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ:

يامغۇر ياغدۇرغىن، سۇخاتۇن،
بۇغدايىنى بولدۇرغىن، سۇخاتۇن،
ئەلنى تويدۇرغىن، سۇخاتۇن،
سۇخاتۇن، سولتان خاتۇن،

ھوسۇللار مول بولسۇن، سوخاتون،
دىخاننىڭ ئۆيى تولسۇن، سوخاتون،
كاززاپنىڭ ئۆيى قۇرۇسۇن، سوخاتون،
سۇخاتۇن، سولتان خاتۇن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە، تەبىئەتكە ئىلتىجا قىلىپ يۇرت بويىچە جەم بولۇپ ئەرزان چىللايدىغان، ياكى نەزىر ئۆتكۈزۈپ خىلمۇ-خىل مەزمۇندىكى تالاۋەت قوشاقلىرىنى كۈيلەيدىغان ئادەت مەۋجۇت.

يامغۇر تىلەش مۇراسىمى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ زەردوشتىزىم (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ مۇقەددەس مەئبۇدى ناخىت (ئاناختا)غا سىغىنىش بولۇپ، ماترىئارخات دەۋرىگە ئائىت تولىمۇ ئىپتىدائىي ئادەتلىرىدىن بىرى ھىساپلىنىدۇ.

**نورۇز قوشاقلىرى** — نورۇز-يېڭى يىلنى ۋە باھارنى قارشى ئېلىش مۇراسىمىدۇر. ئەنە شۇ مۇراسىمدا كۈيلىنىدىغان قوشاقلار نورۇز قوشاقلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى كونا يىل بىلەن خوشلۇشۇش، يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاش، باھارنىڭ ئاسايىشلىق ۋە تۇقچىلىق ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمۈت قىلىشتىن ئىبارەت. نورۇز — دىخانلار كالىندارى بويىچە 1-ئاينىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. نورۇز بايرىمى قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپ، ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدا كۆلىمى بىر قەدەر زور ھەمدە مەزمۇنى كەڭ بولغان ئاممىۋى ئەدەبىيات-سەنئەت مۇراسىمى بولۇپ، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. نورۇز

مۇراسىملىرىدا ئوينىلىدىغان ئويۇنلار ھەمدە ئۇنىڭغا بېغىشلانغان نورۇز قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قىش - زىمىستاننى قوغلاش، ئاسايىشلىق يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى خوشاللىقىنى كويلەش، مەرىپەتكە ئۈندەش قاتارلىق ئىجتىمائى مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ:

نورۇز كەلدى جاھانغا، جاھان بولۇر ئەرزانلىق،
ياغدىلەر ئابىنىسان ①، بۇغدايلار بولۇر دانلىق.
ئاچ ئۇرۇق ھەم كەمبەغەل، بارچىسى بولۇر جانلىق،
نانغا تويۇپ ھەرگاداھ ئويىدە قىلور خانلىق.
توخۇلار تۇخۇم بىسىپ چوجىلەر كۈندۈر بۈگۈن.
كەلدى نورۇز - يىل بېشى، كەتتى كوڭۇلنىڭ چىركىنى،
نورۇز دىبان كىيلورلەر خوتۇنلارنىڭ تۈركىنى.
گۈللەر قىسىپ قىز - ئوغۇل ئەگرى قويار بوكىنى،
مەجلىس قۇرۇپ ئوينىشار ئاچور كوڭۇل مۈلكىنى.
قايغۇ - مىھنەتلەر كىتىپ يايرىشار كۈندۈر بۈگۈن.

نورۇز مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان قائىدە-يوسۇنلىرى مۇنداق؛ كونا يىلنىڭ ئاخىرى كىشىلەر يېڭى يىل شەرىپىگە تۈرلۈك قوشاق ۋە بېيىتلارنى («نورۇز نامە» لارنى) تەييارلايدۇ. نورۇز كىرگەن كۈنى كىشىلەر يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە، قەدىمقى زاماندا بولسا ئۇرۇق - قەبىلە جەمەتى بويىچە، بىرەر جايغا، كۆپىنچە ئىبادەتخانا ئورۇنلىرىغا، بازار بولىدىغان مەيدانلارغا، مەنزىرىلىك جايلارغا جەم بولىشىدۇ ۋە شۇ سورۇندا ئالدىن تەييارلىغان تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. خەلق شائىرلىرى ۋە قوشاقچىلىرى نورۇز مۇراسىمىغا بېغىشلانغان ھەر خىل شېئىر — قوشاقلارنى ئوقۇشىدۇ، ئۇسۇلچىلار ئۇسۇل ئوينىشىدۇ، خەلق ناخشىچىلىرى ۋە سازەندىلىرى قىزغىن نەغمە-ناۋا قىلىشىدۇ، مەدداھلار خەلق داستانلىرىنى، ھىكايە، قىسسەلەرنى كويلىشىدۇ، قىسقىسى، ھەركىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا بىرەر سەنئەت پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ. شۇنداقلا يەنە، ھەر بىر يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە بىر ئادەمنى «قىش بوۋاي» قىلىپ ياسايدۇ. بىر مەھەل ئويۇن بولغاندىن كېيىن نەخ مەيداندا ئۇنىڭ قىشلىق كىيىملىرىنى يېشىندۇرۇپ، باھارنى كۈتىۋالىدۇ، يەنە بەزى رايونلاردا مەخسۇس «يىلۋاس ئويۇنى» «شىر ئويۇنى»، «ئارغىماق ئويۇنى» قاتارلىق دىرامما تۈسىنى ئالغان ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ، يېڭى يىلنى كۈتىۋېلىش مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ. نورۇز مۇراسىملىرىغا ھەتتا مەكتەپ باللىرىمۇ كوللىكتىپ ھالدا قاتنىشىدۇ. ئۇلار سەپ - سەپ بولۇپ، گۈللۈك تاختىلارغا يېزىپ

① ئابىنىسان — لوغەت مەنىسى باھار يامغۇرى دىمەكتۇر.

تەييارلانغان «نورۇز نامە» لارنى كوتورۇشۇپ، ئوز ئارا ئالماشتۇرىشىدۇ ۋە ئۇنىلۇك دىكلىماتسىيە قىلىشىدۇ، بۇنداق «نورۇزنامە» لار ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم - مەرىپەتلىك بو- لۇشقا ئۈندەيدۇ:

كېلىپتۇ خوش مۇبارەك، ئۇشبۇ كۈن يارانلار،
ئەجەپ مۇزلۇق دەرەخلەرنى يارار كۈن - كۈندە بورانلار.
تەرەددوت بىرلە مەكتەپتە ئوقۇك ئوغلانلار - ئوغلانلار،
بولۇرسىز بىر كۈن ئالەمدە زور ئىنسانلار، ئوغلانلار.

× × ×

كەلدى نورۇز بارچىگە ئالەم مۇنەۋۋەردۇر يەنە،
بارچە گۈللەر ئاچىلۇرلەر ھەمدۇ بوستاندۇر يەنە.
ئى ئاتا خىزمەت قىلىڭ ئوستازىمىزگە ئىلمى ئۈچۈن،
ئىلمى ئوقۇتقان بەندىلەر جەننەتتە جەۋلان ئەيلىگەي.

نورۇز مۇراسىملىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا باشقا قېرىن- داش خەلقلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، تېخىمۇ كەڭ ئومۇملىشىشقا باشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كوپلىگەن تارىخچىلار ۋە يازغۇچىلار نورۇز مۇراسىملىرى ھەققىدە كوپلىگەن خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخچىسى خويلىن «مۇزىكا تەپسىرى» دىگەن كىتاۋىدا نورۇز مۇراسىملىرىدا ئوينىلىدىغان ئۇسۇللار ھەققىدە توختىلىپ: «تولپار ئۈستىدە ئوينايدىغان خونتۇ ئۇسۇلى»، «سالما تاشلاش ئۇسۇلى»، «كۈسەن ئۇسۇلى» قاتارلىقلار ئوينىلاتتى. بۇنى يەرلىك تىلدا «سۇ - مۇز» ئويۇنى دەپ ئاتايت- تى» دەپ يازغان، ئۇ يەنە مۇشۇ خەلق گىرىملىك ئويۇنلار ئارقىلىق جىن - ئالۋاستىلار ھەيدىلىپ، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت قوغلىناتتى، دىگەن. ھەمدە بۇ مۇراسىم يېڭى يىلدا (كالىندار بويىچە 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) ئوتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، شۇ كۈنى ئەر- ئايال، قېرى - ياش توختىماي ناخشا - ئۇسۇل بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.
نورۇز مۇراسىملىرىدا جامائەتتىن يىغىش قىلىپ چوڭ داشقازان ئېسىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئوز چامىسىنىڭ يەتىشىچە «نورۇز ئېشى» تەييارلاپ (كوپۈنچە بوغداي كوجىسى ياكى ئوماچ) نورۇز مۇراسىملىرىغا ئوزى ئېلىپ بارىدۇ، نورۇز ئېشىنى سىمۇۋللۇق نام بىلەن «ئابېنسان» دەپ ئاتايدۇ،
قارلىق قوشاقلىرى — قارلىق ھەر يىلى تۇنجى ياققان قارنىڭ شەرىپىگە ئويۇشتۇرۇلىدىغان بىر خەلق مىللىي سەنئەت ئادىتى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە:

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بىز بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.

يېڭى قارنىڭ خوشلىغىدا،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

دىگەنگە ئوخشاش قوشاقلار يېزىلغان «قارلىق خېتى» تاشلاش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ دەسلەپكى ياققان قارنىڭ شەرىپىگە ئويۇشتۇرۇلغانلىغى بىزگە شۇنى ئوقتۇرىدىكى، كىشىلەر بىر يىللىق تېرىقچىلىقنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، هاردۇق ئېلىش، تۇرمۇش كۆلپەتلىرىنىڭ ئازاۋىنى روهى جەهەتتىن يېڭىش، قىشتىن ئامان-ئېسەن چىقىپ، كېلەر يىللىق تېرىقچىلىقنىڭمۇ ئاسايىشلىق بولىشىنى، قاردەك ئاق ۋە تازا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشتىن كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇر خەلقلىرىدە ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇنلا ئاق نەرسىلەرگە سىغىنىش ئادىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ئېشەنچىسىدە ئاق — ياخشىلىقنىڭ، بەختنىڭ سىمۋولى قىلىنىغان. بۇ ئىدىيەۋى ئېشەنچ «تۈركى تىللار دىۋانى» ئىچىدىكى قوشاقلاردىمۇ ئىنكاس قىلىنغان.

ئۇمۇمەن ئالغاندا «قارلىق ئويۇنى» خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش، بەخت-سائادەت تىلەش ئارزۇسىنىڭ سەنئەت ئۇرپ-ئادىتى ئىچىدىكى ئىپادىلىنىشى.

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن «قارلىق ئويۇنى»غا ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ مەزمۇنى سىڭدۇرۇلدى. گەرچە قارنى بەخت ۋە ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراش ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى «ئاللانىڭ ئىلتىپاتى»، «رەهمىتى» دەپ تونۇپ، تەبىئەت هادىسلىرىنى ئىلاهىلاشتۇردى.

مەسىلەن:

هەقتى ئاللا رەهمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەهمىتىدىن بەندىلەرگە پەزلىتىن قىلدى ئاشكار.
قىش بولسا ئالەم خەلقىگە رەسمى بولۇپتۇر قائىدە،
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق قەدىمدىن بارۇ-بار.

قارلىق ئويۇننىڭ ئادەتتىكى شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

دەسلەپكى قار ياققان كۈنى بىر قانچە كىشىلەر ئۆز ئارا مەسلىهەتلىشىپ كۆڭلى خالىغان باشقا بىر يېقىن ئادىمىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن هالدا قارلىق خېتى تاشلايدۇ. بۇ خەت شېئرى يول بىلەن يېزىلىدۇ. قارلىق تاشلىغۇچىلار بۇ قارلىق خېتىدە قارلىق تاشلىنىدىغان كىشىنى ياكى شۇ ئائىلىنى يېڭى قار بىلەن قۇتلۇقلايدۇ. ئاندىن قارلىق بەزمىسىنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى بايان قىلىپ قارلىق شەرتى بويىچە بەزمە كېچىسى ئويۇشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قارلىق تاشلانغان كىشى قارلىق خېتىدىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار بولالمىسا، ياكى قارلىق تاشلىغۇچى كىشىنى بەلگىلەنگەن قەرەلدە تۇ-

تۇپ ئالالىسا، يېڭىلگەن ھېساپلىنىپ قارلىق خېتىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئۇتەش تەلەپ قىلىنىدۇ، ناۋادا ھۇشيارلىق بىلەن قارلىق تاشلىغۇچىنى دەل ۋاقتىدا تۇتۇپ ئالسا، شەرت بويىچە يۈزىگە قارا سۈرتۇپ ئات - ئۇلاققا تەتۇر مىندۇرۇپ سازايى قىلغاندىن تاشقىرى قارلىق خېتىدە ئۇتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەرنى ئورۇنداش مەجبۇرىيىتى يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارلىق بەزمىسى باشلىنىدۇ. بۇ بەزمىدە ھەركىم ئوزى بىلگەن ئويۇنلارنى كورسىتىدۇ. شېئىر ۋە بېيىتلار ئوقۇلىدۇ، ساز - نەغمىلەر چېلىنىدۇ، ھېكايە، رىۋايەتلەر سوزلىنىدۇ.

قارلىق بەزمىسىدە ھەركىم ئوزىگە لايىق داستىخان تەييارلايدۇ. مۇھىمى ئەدىبىي كوڭۇل ئېچىش ئاساس قىلىنىدۇ. قارلىق بەزمىسىنىڭ شەرتلىرىدىنمۇ كىشىلەرنى ئىقتىسادى جەھەتتىن قىيناپ قويماسلىق ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن:

تاپقىنى قوي ئولتۇرۇر،
تاپمىغىنى چۇجە - خوراز.
تاپقىنى كۈل كەلتۇرۇر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.

بايلارنىڭ ئارىسىدا بولسا، قارلىق ئويۇنى ئەيشى - ئىشرەت بەزمىسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ قارلىق خەتلىرىگە بەزمىنىڭ شەرتلىرى تەرىقىسىدە پۈتىلىدۇ، مەسىلەن:

غەم قىلمىغىن ئامەتتىن، جابدۇق ھەممە تەييار‌دۇر،
مىڭ شۇكرى ئالەم توقچىلىق، ئاش - نان دىگەن كەڭرى بار.
قوتاندا قوي، تاغاردا ئۇن، ساندۇقتا پۇل، خىزمەتتە قۇل،
لازىملىغىدۇر يەل - يېمىش، قەندۇ - شىكەر بازاردا بار.

قارلىق ئويۇنى ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا، بولۇپمۇ مەكتەپ بالىلىرى ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## پىر ۋە رامىزان قوشاقلىرى —

ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە يەنە شۇ خەلقلەرنىڭ دىنى ئېتىقادى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئەدەبى تۇسكە ئىگە بەزى ئېتنىك شەكىللەر مەۋجۇت. خەلق ئەدەبىياتى بىر خىل ئىدىئولوگىيە فورمىسى بولغاچقا، ئۇ دىنى تەركىپلەردىن پۈتۈنلەي خالى بولىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجاتچىلىرى جەمىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا، شۇ دەۋر ئۇچۇن ئورتاق بولغان دىنى قاراشلاردىن چەتتە تۇرالمايدۇ. شۇڭلا ئۇچۇن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەزى شەكىل

لىرى دىنى پائالىيەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، پىر ئويىنىتىش ۋە رامىزان ئېيتىشنى ئالساق، ئۇنىڭ مەزمۇنىدا گەرچە خۇراپاتلىقتا ئوخشاش پاسسىپ ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنى ئېتقادىنىڭ ئۆزگىرىشىنى، ھەمدە بەلگىلىك ئىجتىمائى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىنكاس قىلىدۇ، ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىدىيىۋى ئىشەنچىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتا بىزنى بەزى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پىر ئويىنىتىشتا ئوتقا بولغان ئەقىدە ئاساسى ئورۇنىدا تۇرىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركى خەلقلەردە، جۈملىدىن موڭغۇللاردا مەۋجۇت. پىر ئويىنىتىش گەرچە دەۋر تەرەققىياتى بىلەن ئاللا بۇرۇن خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەسىم - قائىدىلىرى، ئېيتىقات شەكىللىرى بۈگۈندىن نەچچە ئون ئەسىر بۇرۇنقى شامانىزىم ئېيتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

پىرىخونلۇق ئاساسى جەھەتتىن ئىدىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن پىر قوشاقلىرىدا پەيغەمبەرلەرگە سىغىنىش، خۇداغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇش، ھەر قايسى كەسىپنىڭ ئاتالمىش پىرلىرىگە سىغىنىش ۋە ئۇلاردىن بىمارلارغا شىپالىق تىلەش ئاساسى سالماقنى ئىگەللەيدۇ، مۇنداق پاسسىپ مەزمۇندىكى پىر قوشاقلىرىدىن سەلبى ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، پەن ۋە مەدەنىيەت ئارقىدا قالغان ئوتمۇش جەمىيەتتە، پىرىخونلۇق كېسەللەرنى داۋالاشتىكى (كوپرەك ئىشىق ساۋداسىغا مۇپتىلا بولغانلارنى) بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ قالغان. پىرىخونلۇقنىڭ ئادەتتىكى قائىدىسى مۇنداق؛ چوڭ ئويگە تۇغ باغلايدۇ، يەنى توگلوككە ئۇزۇن ئاغامچا باغلاپ ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى كېسەلگە تۇتقۇزىدۇ. پىرىخۇن (ئادەتتە ئۇلارنى باخشى دەپمۇ ئاتايدۇ) مەخسۇس ئاھاڭغا سېلىنغان پىر قوشاقلىرىنى داپقا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە مۇشۇ ناخشىغا ماس ھالدا كېسەلنى ئارقان ئەتراپىدا ساما سېلىپ چوگۈلەشكە دەۋەت قىلىدۇ، ناخشا بارغانسېرى ئەۋجىگە كوتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېسەلنىڭ ھەركىتىمۇ تېزلىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ پىر ئويناش سائەتلەپ داۋاملىشىدۇ. كېسەل كىشى بىر خىل ئېيتقات تۈپەيلىدىن كوپ ئايلىنىپ ھەتتا خودىنى يوقۇتۇپ قويۇش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ھەركەت بەزى كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ. بۇنى ئىلمى جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلغاندا ھېچقانداق ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق؛ بۇ يەردە رول ئويناۋاتقان نەرسە بىرىنچىدىن، ھەركەت (ھازىرقى زامان تەلۋى بويىچە ئېيتقاندا چېنىقىش)، ئىككىنچىدىن سەنئەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا بولغان ئىجابى تەسىرى (ئىستېتىكىلىق سېزىم ئارقىلىق مەنىۋى زەئىپلىكتىن خالاس قىلىش)، ئۈچىنچىدىن ئوبيېكتىپ ئېيتىقاتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل سېزىم نىرۋا (ساۋدايى) كېسەللەرگە نىسبەتەن مەلۇم داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق تەسىرنى ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىر قوشاقلىرىدا ئۇمۇمەن يوقۇرقىدەك پاسسىپ مەزمۇنلاردىن تاشقىرى يەنە بەزى قوشاقلاردا ئىجتىمائى تۈسكە ئىگە بولغان پەلسەپىۋى پىكىرلارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

سەن - سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن.
مەن - مەن دىگەن يارەننى،
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.
يادوس، يا ئاللا

ۋە باشقىلار.

رامىزان ئۇمۇمەن ئىسلام دىنى بىلەن باغلىنىشلىق بىر خىل ئەدىبى پائالىيەت بولۇپ، ئۇ رامىزان ئېيىدا (رامىزان كىرىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن) ئۆتكۈزىلىدۇ. يەنى ئەشۇ مەزگىلدە كىشىلەر ئىپتار (روزى تۇتقان كىشىلەرنىڭ كەچلىك تامىقى) ۋاقتىدا مەھەللە ئارىلاپ ھەر بىر ئۆينىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ، رامىزان قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. رامىزان قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى كوپۈنچە كىشىلەرنى روزى تۇتۇشقا ۋە سەدىقە بېرىشكە دالالەت قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە بەلگىلىك ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن:

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق موغاللىدىن①
نانلىنى خىللاپ چىقىڭ يوغانلىدىن.

نىقرات
رامىزان ئاللامۇ شەيرى رامىزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىڭمۇ بۇ رامىزان

روزىنىڭ ئۇنيەتتىسى قادىر كۈنى
روزىنىڭ زاكاتىنى ئايرىڭ قىنى
(نىقرات)

باي ئاكامنىڭ يېپىشى بوز ئالا قوي،
كاللا - پاچاق، تېرىنى موللامغا قوي.
(نىقرات)

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسىدا تاينىڭ ئىزى،
بىر توغرام نان بەرمىگەن باينىڭ قىزى.
(نىقرات)

---

① موغال — يۇرت ئىسمى

ئاق توخا ئاپپاق توخا، نان تاتىلا،
ئاغىچام نان بىرىپتۇ خام قاتىلا.
(نىقرات)

بۇ ساراي ئۇزۇن ساراي بولگەنمىكىن،
باي غوجام قوپمايدىغۇ ئۆلگەنمىكىن.
(نىقرات)

. . . . . . . .

دىنىي ئېتىقات ۋە ئۆرپ - ئادەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت شەكىللىرى ئىچىدە يەنە «بارات كېچىلىرى» (بارات ئېيى ئاخشىمى) ئايەمنى قۇتلۇقلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەرنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدىمۇ بەخت تىلەش مەزمۇنىدىكى ئايەم قوشاقلىرى ئوقۇلىدۇ. ئايەم پائالىيىتىدە بولىدىغان «قاپاق كويدۇرۇش» (ياغ قاپاقلىرىنى ئىگىز خادا ياغاچنىڭ ئۇچىغا بىكىتىپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ سامادا گۆلخان ياساش) ۋە گۆلخان شەنىگە ئاتالغان ئاھاڭلىق قوشاقلارنى خور تەرىقىسىدە ئوقۇش شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا زەردوشت (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ ئىدىيىۋى ئېلېمېنتلىرى بار.

يۇقۇرقىدەك دىنىي تۈس ئالغان ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندا، مۇھىمى، ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تارىخىي قىممىتى بىلەن ئېتنوگرافىيە جەھەتتىكى ئىلمىي قىممىتى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرگە كەلسەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئەشۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**توي قوشاقلىرى** — توي ناھايىتى قەدىمقى زامانلاردىن بېرى ئىنسانلار ھاياتىدا مۇھىم ۋەقە بولۇپ كەلگەن. خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقى توي - تاماشىلاردا نامايان بولىدۇ. توي مۇراسىملىرى — ئۆيلىنىش تويى، خەتنە تويى، ياش تويى، بۆشۈك تويى ئوخشاش خىلمۇ - خىل بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قوشاقلىرى ھەم كۆپ خىلدۇر. تۆۋەندە ئاساسەن نىكا تويلىرى بىلەن باغلىق بولغان قوشاقلار ئۈستىدىلا پىكىر يۈرگۈزىمىز.

بۇنداق قوشاقلاردا يىگىت - قىزنىڭ بەختىنى تىلەش، ئۇلارنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى ئارزۇ قىلىش، مۇھەببەت ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەش ئاساس قىلىنىدۇ.

«يار — يار» — قىزنى ئۇزۇتۇش ئاخشىمى ئېيتىلىدىغان قوشاقلاردىن بىرى «يار - يار» قوشىقىدۇر. «يار - يار» قوشاقلىرى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنغان ھالدا يۇقۇرى ئاھاڭدا كۆپچىلىك تەرىپىدىن كوللېكتىپ كۈيلىنىدۇ. «يار - يار» قوشاقلىرى مەزمۇنىنى ئاساسەن قىز ئۇستۇرگەن ئانا بىلەن دادىنىڭ تەرىپى، ئارزۇلىرى، ئۇزىتىلىۋاتقان قىزنىڭ مەدھىيەسى — گۈزەللىكى، چىۋەرلىكى، قىزغا تۇرمۇش ھەققىدىكى نەسىھەتلەر، ئۇنىڭ بەختىلىك

بولىشى، پەرزەنتلىك بولۇشى ھەققىدىكى تىلەكلەر تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداقلا يەنە، ئۇنىڭدا شەپقەتسىز فېئودالىزىم قانۇن - تۈزۈملىرى تۈپەيلىدىن ئەركىنلىك ھوقۇقى پايمال بولغان، ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان بىچارە ئانىنىڭ غەمكىن، مۇڭلۇق ھەسرەت - نادامەتلىرى قىزنىڭ بەختسىز تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىشى ئىپادىلىنىدۇ؛

تاكچىدىكى قايچىنى،
چاك بىسىپتۇ، يار - يار.
كىلىنچەكنىڭ ئانىسىنى،
غەم بىسىپتۇ، يار - يار.

ئۇزاقتا قىز بەرگەننىڭ،
رەڭگى سېرىق، يار - يار.
كوزىدىن يېشى قۇرىماس،
مىسلى ئورۇق، يار - يار.

«يار - يار» قوشاقلىرى نازۇك يۇمۇر، ساتىرىك ئېلمېنتلارغا ئىگە بولۇپ ئۇ كىنايىگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇنداق قوشاقلارنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە قىز ئۇزۇتۇپ بارغان خوتۇن - قىزلار، يەڭگىلەر ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدا كۈيۈۋ تەرەپ مەسخىرە قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەزلۇم شەرق خوتۇن - قىزلىرى مەۋجۇت تۈزۈمگە، تەڭسىز نىكا قانۇنلىرىغا، ئەرلەرنىڭ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن - قىزلارنى خارلاشلىرىغا، ئانىلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئاياق - ئاستى قىلغان بايلار، روھانىلار، فېئوداللارغا قارشى نارازىلىقلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ساتىرىك ۋە يۇمۇرىستىك مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن «يار - يار» قوشاقلىرىدا، ئۆز سويگۈنىگە ئېرىشەلمىگەن بەختسىز قىزنىڭ تىلىدىن ئېيتىلغان ئاچچىق كىنايە مۇتلەق ئۈستۈنلۈك قىلىدۇ. بۇنداق قوشاقلاردا ئۇنىڭ تەككەن ئېرىنىڭ كورۇمسىز قىياپىتى، قېرى چال ئىكەنلىكى خاراكتېرلىك دېتاللار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىنىدۇ:

قوزۇقتىكى چاپاننىڭ،
يېڭى يىرتىق يار - يار
كۈيۈۋ يىگىت يەڭگىسىنىڭ،
لىۋى تىرتىق، يار - يار.

ھاي - ھاي يولەن، ھاي - يولەن
بىر باغ پاخال يار - يار.

كۆيۈۋىمنى سورساڭ،
پاخماق ساقال، يار - يار.

هاي - هاي يولەن، هاي يولەن،
ئالا مۈشۈك، يار - يار.
كۆيۈۋىمنى سورساڭ،
ئاغزى قىيشىق، يار - يار.

«يار - يار» قوشاقلىرى بەزىدە «يولەن ناخشىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزى يولەن ناخشىلىرىدا يەنە توي خوشاللىقى، يارغا سېغىنىش، كەمبىغەلچىلىكتىن ئويلىنەلمەسلىكنىڭ ئەلىمى قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ كۈيلىنىدۇ:

ئاپپاق - ئاپپاق توشقانلار،
سايدا تولا، يار - يار.
ئويلەنمىگەن يىگىتلار،
تويدا تولا، يار - يار.

قارا - قارا قاغىلار،
خاماندىدۇر، يار - يار.
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر،
ئارماندىدۇر، يار - يار.

هاي - هاي يولەن، هاي يولەن،
قار كېلىدۇ، يار - يار.
بەرگى خازان تونىنى كېيىپ،
يار كېلىدۇ، يار - يار.

بەرگى خازان تونىنىڭ،
بەرگى تولا، يار - يار.
ئويلەنمىگەن يىگىتنىڭ،
دەردى تولا، يار - يار.

نىكاھ تويى كۈنى يىگىتلار قىز تەرەپكە بارغاندا ئېيتىدىغان يەنە بىر ناخشا «چۈن - چۈن سالۋات» دۇر. بۇ ناخشىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى تويىنى تەبرىكلەش، كېيۈغول-

نىڭ ئوتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسى، ئەدەپ-قائىدە قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنىشتىن تاشقىرى، توي مەرىكىسىگە تېخىمۇ قىزغىن تۈس بېرىش ئۈچۈن چاقچاق خاراكتېرلىق قوشاقلار ئوقۇلىدۇ. «چۈن-چۈن سالۋات» قوشاقلىرى ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى توي مەرىكىلىرىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان. مەسىلەن:

مەن ئۆزەم باتۇر ئىدىم،
تاغدا كېيىك ئاتۇر ئىدىم.
قالپىغىمنى قىرلاۋېلىپ،
قىرىق قىزنى قوغلىۋىدىم.
باتۇرلىغىمنى شۇندىن بىلىڭ:
يېنى يوق قوڭغۇزنى،
قىرغا تارتماي مىنىۋىدىم.
يېرىم شىڭ كېپەكنى،
ئەلگە يولەتمەي ئاتىۋىدىم،
ئۈنمىگەن چىغ تۈۋىدىن،
تۇرەلمىگەن توشقان چىقتى.
پۈتمىغان چوماق بىلەن ئۇرسام،
كولمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئىككى كىشىگە باستۇردۇم،
تۆرت كىشىگە سويدۇردۇم.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
قىشتىن بىرى يەۋاتىمىز،
ھېلىمۇ بار تەڭ ياتىسى ......

مۇشۇنداق قىزىقچىلىقلاردىن كېيىن توي مەرىكىسىگە ئائىت ھەر خىل ئۇسۇل ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ ۋە قىزغىن ئۇسۇل باشلىنىدۇ. مۇنداق ئۇسۇللۇق ناخشىلاردىن بىر قەدەر ئومۇملاشقانلىرى «ئاللا، يەي»، «ئايەي» «ناسىرگاڭ» «يار سەنەم» قاتارلىقلاردۇر.
مەسىلەن:

كۆڭلى قاتار ئوينايلى، ئاللايەي-ئاللايەي،
ھېچكىم چەتتە قالمىسۇن. " "
كىمنىڭ مەيلى كىمدىدۇر، " "
قويۇپ بىرىڭ ئوينىسۇن. " "
× × (ئاللايەي ناخشىدىن)

سايدا يۇرگەن جەرەننى،
سەككىز دەڭلا يارسەنەم.
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى،
مېنىڭ دەڭلا، يارسەنەم.

ئىككا تويلىرىدا يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە، «يار ـ يار» ئاھاڭىدا ئېيتىلىدىغان مۇنداق قوشاقلارمۇ كەڭ ئومۇملاشقان:

يىغلىما قىز، يىغلىما،
تويۇڭ بولدى، يار ـ يار.
ئالتون گۈللۈك كوشىگە،
ئويۇڭ بولدى، يار ـ يار.
يىغلىما قىز، يىغلىما،
خوش بولۇرسىز، يار ـ يار.
قارچىغۇدەك يىگىتكە،
دوست بولۇرسىز، يار ـ يار.
يىغلىما قىز، يىغلىما،
باغرىم يارا، يار ـ يار.
سويگىنىگە تەگمىگەنىنىڭ،
بەختى قارا، يار ـ يار.

بۇنداق ئىجتىمائىلىقى كۈچلۈك بولغان «يار ـ يار» قوشاقلىرىدا ئاساسەن قىزنىڭ كوڭلىنى يۇمشوتۇپ، قىزغا تەسەللى بېرىش ۋە بەخت تىلەش مەزمۇن قىلىنغان بولسا، قىزنى ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا بەختسىز ئانىنىڭ قىز بىلەن خوشلىشىپ ئېيتقان توۋەندىكى مۇڭزار ناخشىسى ماھىيەتتە فېودالىلىق ئىككا تۈزۈمى ئۈستىدىن قىلىنغان كۈچلۈك شىكايەتنامە ھېسابلىنىدۇ:

كىچىككىنە قارا كوز، ۋاي بالام ـ ۋاي بالام،
تىلى تاتلىق شېرىن سوز، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
مەن بالامنى بەرمەيتتىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
تويلىغىنى ئالمايتتىم، ۋاي بالام ۋاي بالام،
بالامدىن مەن ئايرىلدىم ۋاي بالام، ۋاي بالام،
قاناتىمدىن قايرىلدىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
ئۇچۇپ كەتتى ئويۇمدىن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
غايىپ بولدى كوزۇمدىن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

شۇڭقارىمنى قاچۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

لەپەر — نىكاھ تويلىرىدا قىزنىڭ ئۆيدە كەچقۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدىغان «قىز ئاخشىمى» (ھىنو-جور كېچىسى)، «قىزلار مەجلىسى»، «لەپەر كېچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇراسىملاردا لەپەر ئېيتىلىدۇ. قىزلار بىلەن يىگىتلار ئىككى تەرەپ بولۇپ، بىر-بىرىگە بېقىشىپ، ئاشىقانە غەزەل بېيىتلار ئېيتىشىدۇ. بۇ مۇراسىمدا قىزلار ۋە يىگىتلار تەرىپىدىن ئىككى كىشى سەل ئال-دىغا چىقىپ، لەپەرنى باشلاپ بېرىدۇ. ئادەتتە، تويغا ئاتاپ قىزنىڭ ئاتىسى 2 - 3 ياغ-لىق ئېلىپ قويىدۇ. لەپەرنى باشلىغۇچى يىگىت ئۇنىڭدىن بىرىنى قولغا ئېلىپ لەپەرنى باش-لايدۇ ۋە قىزلار تەرەپتىن ئوتتۇرىغا چىققان لەپەرچىگە ئۇزىتىدۇ. ئۇ قىزمۇ ئۆز نۆۋىتىدە لەپەر بىلەن جاۋاپ بېرىپ، يەنە بىر ياغلىقنى قولغا ئېلىپ، يىگىتلەر تەرەپتىكى لەپەر-چىگە قايتۇرىدۇ، شۇ تەرىقىدە لەپەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. لەپەر ئارقىلىق قىز ۋە يى-گىتلەر بىر-بىرلىرىگە مۇھەببەت ئىزھار ئېتىپ تونۇشىدۇ ۋە ئەھدە-ۋەدە ئۈزىشىدۇ، مۇ-ھەببەت پىراقلىرىنى، دەرت-ئەلەملىرىنى موزىكىسىز مەلۇم ئاھاڭدا بايان قىلىشىدۇ. ئاۋادا شۇ يول بىلەن تونۇشقان لەپەرچى قىز-يىگىتلار بىر-بىرىنى ياقتۇرۇپ قالسا، لەپەر ئې-تىپ تۇرۇپ بىر-بىرلىرىگە سوغا تەقدىم قىلىشىدۇ.

«لەپەر كېچىسى» گە بېغىشلانغان مەخسۇس قوشاقلار بولمايدۇ، ئادەتتە ئېيتىلىدى-غان لەپەر قوشاقلىرى ئۇسۇل بىلەن بىرلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسان روھىنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرى، گۈزەل پەزىلەتلەر، ياخشى پىكىرلەر خىلمۇ-خىل بەدىئى ئوبرازلار ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ:

قاشىڭنىڭ قاراسىغا قاتقىن مىنى،
ئاشىقلىق بازارىدا ساتقىن مىنى،
ئاشىقلىق بازارىدا ئالمىسا مىنى
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ ئاتقىن مىنى.

× × ×

كوزا ئېلىپ سۇغا چىقسام، ئاھ ئۇرىدۇ بىر يىگىت،
كوزام قويۇپ قۇلاق سالسام، ياردىن ئايرىلغان يىگىت.
ياردىن ئايرىلغان يىگىتنىڭ يارى مەن بولسامىكىن،
قولىدا قۇرغۇي بولۇپ، كوكسىدە جان بەرسەممىكىن،

قائىدە بويىچە لەپەرنى ھەم ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى يىگىت باشلايدۇ. بۇنداق شەرت لەپەرنىڭ ئۆزىدە ھەم ئىپادىسىنى تاپقان:

ئەۋەل باشلاپ لەپەرنى قىز باشلىماس،
قىز باشلىغان لەپەرنى ئەل خوشلىماس.

ئەيتمايمكىن دەپ بىر خىيال قىلىپ ئىدىم،
يارۇ-جورام قويمىدى، ئەندى بولماس.

لەپەردە ھەر ئىككى تەرەپتىن باشقۇرغۇچىلار بەلگىلىنىدۇ. خۇددى مەشرەپلەردەك، ئۇنىڭدىمۇ لەپەر ئېيتىش تەرتىۋىنى بۇزغان، ئەدەپسىزلىك قىلغان كىشىلەر «جازا»غا تارتىلىدۇ ياكى ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ.

كىلىن سالىمى (بەت ئاچار) — كېلىنچەكنى كۈيئوغۇلنىڭ يېقىن قېرىنداش، ئۇرۇق تۇغقانلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇش مۇراسىمىدا كىلىن سالام ياكى بەت ئاچار قوشاقلىرى ئېيتىلىدۇ.

بۇنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «يۈز ئاچقۇ تويى» دىگەن نام بىلەن ئاتايدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتتە، ئالدى بىلەن يىگىت ۋە قۇرداشلار كېلىپ، قىز ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىدە قىز ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋە تەگتۇشلىرىگە سالام بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىككى قىز ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر مەيدان ئۇسۇل ئوينىغاندىن كېيىن قىزنىڭ يۈزىدىكى رومالنى ئاچىدۇ، بۇ مۇراسىمغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى قىزنى تەبرىكلىشىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ناخشىغا تەڭكەش قىلغان ھالدا بىر مەھەل نەغمە-ناۋا، ئۇسۇل بولىدۇ، كېلىنچەك قىز شۇندىن كېيىن ئەركىن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، قەيناتا ۋە قەينى ئانىسىغا، يىگىتنىڭ تۇغقانلىرىغا سالام بېرىدۇ. بەت ئاچار مۇراسىمىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلاردا ئاساسەن قىز-يىگىتنىڭ ئۆز ئارا مۇھەببىتى، بىر-بىرىگە سادىق بولۇش، سەممىي ۋاپادارلىق قاتارلىق مەزمۇنلار كۈيلىنىدۇ:

يارىم مەن سىنى باشتا،
كۈللۈك باغچىدا كورگەن.
سەندىن ئايرىلالمايمەن
ئوزۇم ئارزۇلاپ سويگەن.

ئىگىز ئاسماندا تۇۋرۇك يوق،
ئاقار دەريادا كوۋرۈك يوق.
جمى ئالەم گوۋا بولسۇن،
سىنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىدا مەخسۇس «كىلىن سالام» قوشاقلىرى بولۇپ، ئۇ كوپرەك 3
مەسرادىن تۈزۈلگەن:

قىز تەرەپ: باغ ئارقىسىدىن يول بەرگەن،
ھەميانىدىن پۇل بەرگەن،

قەينى ئانىسغا سالام

ئايالللار:

ئىلىك سالام

قىز تەرەپ:

سۇ كېچىشتىن ئىرىنگەن،
ئوغۇل توغۇپ كېرىلگەن،
قەينى ئانىسغا سالام.

ئايالللار:

ئىلىك سالام.

قىزلار: بۇرنى ئىگىز، بۇرغىدەك،
يۇرۇشلىرى تۇرنىدەك.
كۇيۇۋ يىگىتكە سالام.

ئايالللار: ئىلىك سالام

يىگىت تەرەپمۇ مۇشۇ شەكىلدە قوشاق ئارقىلىق قىز تەرەپكە جاۋاپ قايتۇرۇپ سالام بېرىدۇ.

گولەڭگۈچ (چىمچاچاق) قوشىقى — بۇ ئاساسەن قىز تويىنىڭ تەركىۋى قىسمى بولغان «چىللاش تويى» (چىللاق) دا ئېيتىلىدىغان قوشاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى مۇنداق؛ توي بولۇپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلار بىلەن بىللە ھەم قىز تەرەپكە ھەم ئوغۇل تەرەپكە چىلاقىقا بارىدۇ. چىللاق جەريانىدا قىز ئۆز دوستلىرى بىلەن ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناشتىن باشقا، يەنە مەخسۇس چىمچاچاق (گولەڭگۈچ) سېلىپ، ئۇنىڭدا ئۇچۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قەلبىنى ناخشا ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. بۇنى «چىمچاچاق ناخشىسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۆتمۈشتىكى توي-توكۈنلەر فېئوداللىق نىكا تۈزۈمى ئاساسىدا بولغانلىقتىن «چىمچاچاق ناخشىسى» نىڭ ئاساسى مەزمۇنى فېئوداللىق تۈزۈمگە بولغان نارازىلىق ۋە قارشىلىق روھىدىن ئىبارەت.

مەسىلەن:

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
شاتىۋادا ئۇچلىغان
ئەركە تەگمەيمەن دىسەم
ئانام بېشىمغا مۇشتلىغان.

قارىغايىنى ئەككۈنچە،
مەيلىم يوققا تەككۈنچە.
ئولۇپ كەتسەم بولمامدۇ،
مۇنداق دەرتنى تارتقۇنچە.

تۇرنا بولۇپ ئۇچتۇمەن
شال بويىغا چۈشتۈمەن.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن
بىر نادانغا چۈشتۈمەن.

ئۇزۇن - ئۇزۇن ئاغامچا،
تىرەككە سېلىپ ئوينايمەن.
ھەركىمنىڭ نىمە كارى.
ئۆزۈمنىڭ مەيلى ئوينايمەن.

چاۋا تەردىم چاۋاچاق
ساڭا كويدۇم چىمچاچاق.
بىر زالىمدىن قۇتۇلسام
نەدىن كەلدىڭ توكاچاق،

دېمەك، «چىمچاچاق ناخشىسى» ئارقىلىق ئاتا - ئانىلىرى ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەر قىزنىڭ مەيلىنى، خاھىشىنى چۈشىنىدۇ. تويىنىڭ خاراكتىرى قىزنىڭ مەيلىگە قاراپ «چىمچاچاق» ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۆزگۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ خەل ئادەتلەر جەنۇبىي شىنجاڭ بولۇپمۇ، ئاتۇش رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

دېمەك، قىز تويىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر خەل مىللى ئادەتلەر ۋە توي جەريانلىرى خىلمۇ - خىل بولغاچقا، بۇ ئۆرپ - ئادەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن توي - توكۈن قوشاقلىرىنىڭ خىلمۇ ناھايىتى كوپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قايسى يەرلىك ئورۇنلار ۋە رايونلاردىكى توي پائالىيىتىنىڭ شەكىللىرىمۇ ئەلۋەتتە مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە بولغاچقا، توي قوشاقلىرىدىمۇ بىردەك ئورتاقلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چاچ توي (جۇگان توي)، بالا توي (بۇشۇك توي)، خەتنە توي قاتارلىقلارمۇ توي مۇراسىملىرىنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ ناخشا - قوشاق ئېيتىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ.

ئولۇم - ماتەم قوشاقلىرى — ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق ئۇتمۇشتىن تارتىپ، ئولگەن كىشىنىڭ ماتەم مۇراسىملىرىدا مەرسىيە ناملار ئارقىلىق مەرھومغا سىغىنىش ۋە ئۇزلىرىنىڭ جۇدالىق ھەسرەتلىرىنى بايان قىلىش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلدى. مەرسىيە قوشاقلىرى ئوخشىمىغان جايلاردا ئوخشاش بولمىغان قائىدە - يوسۇنلار بىلەن ئېيتىلىدۇ. بۇ قوشاقلار بەزى جايلاردا پەقەت مەرھومنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى تەرىپىدىن ئېيتىلسا، يەنە بەزى جايلاردا پۈتۈن مەھەللە جامائىتى تەرىپىدىن ئورتاق ئېيتىلىدۇ. قەدىمقى دەۋرلەردە بولسا، ئاتاقلىق كىشىلەر قازا تاپقاندا پۈتۈن قەبىلە ھەتتا قەبىلەر ئىتتىپاقى بويىچە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەرسىيە قوشاقلىرىنى بىرلىكتە خور قىلىپ ئېيتىش

ئادىتى بولغان. مەرسىيە قوشاقلىرى ئۇمۇمەن مەرھۇم ۋاپاتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ قىرقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ. ماتەم مۇراسىملىرىدا مەرسىيە ناملارنى ئېيتىش ئادىتى ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇلۇغ تىلشۇناس ۋە ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە بۇنىڭدىن مىڭلاپ يىللار ئىلگىرى خەلق ئىچىگە تارالغان مەرسىيە قوشاقلىرىنىڭ بەزى نەمۇنىلىرى مىسال كەلتۈرۈلگەن:

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
ئىسسىز ئاژۇن قالدىمۇ؟
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلور.

(ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟ ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟ پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدە (ئۇنىڭدىن ئايرىلىش دەردىدە) يۈرەكلەر يىرتىلماقتا.

ئۇدلەك ياراغ كۈزەتتى،
ئۇفرى تۇزاق ئۇزاتتى،
بەگلەر بەگىن ئازىتتى.
قاچسا قالى قورتۇلۇر.

(زامان پۇرسەت كۈزەتتى، (ئۇنىڭغا) يوشۇرۇن تۇزاق قۇردى. بەگلەرنىڭ بېگىنى خورلىدى، (ئۇنىڭدىن) قېچىپ قانداق قۇتۇلسۇن.)

ياغى ئوتىن ئوچۇرگەن،
تويدىن ئانى كوچۇرگەن،
ئىشلار ئۈزۈپ كوچۇرگەن،
تەگدى ئۇقى ئولتورور.

(ئۇ) دۈشمەن ئوتىنى ئوچۇرگەنتى، ئۇلارنى لەشكەر گاھتىن قوغلاپ چىقارغانتى، ئېغىر ئىشلارنى بىشىدىن كوچۇرگەنتى، بىراق (ئۇنىڭغا) ئەجەل ئوقى تېگىپ ئولتۇردى) «دىۋان لۇغەتىت تورك» ئىچىدىكى بۇ مەرسىيە قوشاقلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى كىيانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىران شاھى كەيخىسراۋ بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولغان ئۇيغۇر خاقانى ئالىپ ئەر توڭگا (ئەپراسىياپ) غا بېغىشلانغان.

مەرسىيە قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، بەزىلىرىدە مەرھۇمنى سېغىنىش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ۋاپاتىغا ئېچىنىش تۇيغۇلىرى ئىپادىلەنسە، بەزىلىرىدە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پۈتكۈل پائالىيىتى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق مەرھۇمنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

يۇرت-جامائەت ئىچىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە شەخسلەر، خەلق ئىچىدىكى قەھرى-

ھانلار ۋاپاتىغا بېغىشلانغان مەرسىيە ناملار كۆپۈنچە داستان خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى زامان خەلق داستانلىرىدىن «ئابدىراخمان خان پاشا»، «ھېيت نوچى»، «تومۇر خەلپە» توغرىسىدىكى مەرسىيە قوشاقلىرى ئەنە شۇنداق داستان خاراكتېرىگە ئىگە.

مەرسىيە قوشاقلىرى كىشىلەرنىڭ مۇڭزارىغا ماس ھالدا ئاھاڭغا سېلىنغان بولۇپ، بۇ ئاھاڭلار ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئۆتمۈشتە يارىتىلغان بەزى مەرسىيە قوشاقلىرىدا مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا سەۋەپ بولغان فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن: كونا جەمئىيەتتە خوتەن كېرىيىلىك سەلىمەم دېگەن يېتىم قىزنى بايلارنىڭ بالىلىرى ئۆز نەپسانىيىتى ئۈچۈن تالىشىپ، بىر-بىرىسىنى ئۆلتۈرگەندە، ئادالەتسىز فېئوداللىزم قانۇنى بىگۇنا قىزنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەلىمەمنىڭ ئانىسى يالغۇز قىزىنىڭ جىنازىسى ئالدىدا نالە قىلىپ مۇنداق قوشاق توقۇيدۇ:

قارا كىگىز جىنازا،
ئۆزى ئىگىز جىنازا،
كورىۋالاي قىزىمنى،
توختاپ تۇرغىن بىر ھازا.
ئۈزۈن-ئۈزۈن قارا چاچ،
جانغا پاتسا مەيلىمۇ
ئىست! قىزىم سەلىمەم
گوردا ياتسا مەيلىمۇ؟
چىدىسامەن بۇنىڭغا
ئېسىلىمەن بوينۇڭغا.
مۇنداق ئازاپ تارتىقىچە
مىنىمۇ ئال قوينۇڭغا.

نەقرات: ئاھ ھەسرىتا، ۋاھ ھەسرەت!
بىزگە كەلگەن بۇ قىسمەت

سىنى ئاسقان ئىگىز دار
ئورۇلمىدى قېپ قالدى.
تەگشەلمىگەن بۇ زامان
چورۇلمىدى قېپ قالدى

ئاھ ھەسرىتا، ۋاھ ھەسرەت!
باشقا چۈشتى مىڭ قىسمەت

قارا كىگىز جىنازا
ئۆزى ئىگىز جىنازا،

مىنى بىللە سىلىپ كەت
قىزىم بىلەن ئىلىپ كەت
قانداق قىلاي ئىلاھىم
رەھىمسىز يوقمۇ خۇدايىم

خەلق ئارىسىدىكى يەنە بەزى مەرسىيە قوشاقلىرىدا مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىنى ناھايىتى ئوبراز-لىق ۋە جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن مۇنداق قوشاقلارمۇ ئۇچرايدۇ:

ئانام سەكراتقا چۈشكەندە،
خورەك تارتتى دەپتىمەن.
كوزلىرى يۇمۇلغاندا،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن.
ئىڭىكى تىگىلگاندا
رومال ئارتتى دەپتىمەن.
پۇتلىرى چىپتىلغاندا
ئارام ئالدى دەپتىمەن.
غۇسلە سۈيى قويۇلغاندا،
تەرەت ئالدى دەپتىمەن.
كىپەنلىك تىكىلگەندە،
كوينەك كىيدى دەپتىمەن.
جىنازىغا سالغاندا،
مەپىگە چۈشتى دەپتىمەن.
خەلق ئالەم يىغىلغاندا،
توي بولدىمۇ دەپتىمەن.
....................
يىتىپ باردۇق مازارغا،
كىرىپ كەتتى سارايىغا.
قاراپ قالدۇق كاماغا،
يىتىم قالدۇق تالادا.

مەرھومنى مەرسىيە قوشاقلىرى ئارقىلىق دەپىن قىلىش ئادىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بارغانسىرى دائىرىسى ۋە مەزمۇنى تارايماقتا.

سەيلە قوشاقلىرى — سەيلە ئاممۋى خاراكتىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر خىل سەنئەت ئادىتىدۇر:

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ياشاش شارائىتىگە ئاسا-

سەن قەدىمدىن تارتىپ، چوڭ-كىچىك بولۇپ ھەر يىلى ئۈچ قېتىم سەيلە پائالىيىتى ئۆت-كۈزۈپ كەلگەن.

بىرىنچىسى — قىزىلگۈل سەيلىسى: بۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن، ئەمگەكنىڭ ھاردۇقىنى سۈپىتىدە گۈل-چېچەك پەسلى — ٥-ئايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچىسى — باغ سەيلىسى: بۇ يازلىق مېۋە-چېۋىلەر پىشقان، بۇغداي سېرىق تال بولغان مەزگىللەردە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

ئۈچىنچىسى — قوغۇن سەيلىسى: بۇ يازلىق زىرائەتلەر يىغىلىپ كۈزلۈك تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ ئالدىدا، قوغۇن پىشقان مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ھەر بىر سەيلىنىڭ ۋاقتى ئومۇمەن بىر ھەپتىدىن ئىككى، ئۈچ ھەپتىگىچە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن سەيلىسى بىلەن قىزىلگۈل سەيلىسى بىر قەدەر چوڭ داغ-دۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

سەيلىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. بەزى تارىخى مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىمۇ ئۇرۇق-قەبىلىلەر بويىچە يىلدا ئۈچ قېتىم (باھار، ياز، كۈز) سەيلە ئۇيۇشتۇرۇلغان، بۇ سەيلىلەردە ھەر خىل ئەدەبىي پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلغان، شۇنداقلا قەبىلە باشلىقلىرى سەيلە مۇراسىملىرىنى قەبىلە ھاياتىغا ئائىت چوڭ ئىشلارنى ئۇختۇرىدىغان، ھەر خىل قارارلارنى ماقۇللايدىغان ئىجتىمائىي سورۇنغا ئايلاندۇرغان.

سەيلىلەر ئىچىدە قىزىلگۈل سەيلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، يەنى سەيلە باشلىنىش بىلەنلا قىز-يىگىتلار يېڭى ئېچىلغان گۈللەردىن گۈلدەستە تەييارلاپ بىر-بىرىگە تەقدىم قىلىشىدۇ. قىزىلگۈلنى ئەركىن مۇھەببەت ئىستىكىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قەدىرلەيدۇ. گۈلدەستىلەر ئارىسىغا قىزىلگۈلنى مەدھىيىلەيدىغان ھەر خىل پىراقنامىلار قىستۇرىلىدۇ؛ مەسىلەن:

ئاق تىكەندىن شىكەر ئالدىم،
كۆك تىكەندىن لەيلىگۈل.
سەن يارىڭغا ئالما بەرسەڭ
مەن يارىمغا دەستە گۈل.

دەستە گۈلنى يارغا بەردىم،
غۇنچىسى بەرگى بىلەن.
سەن تېخى نادان ئىكەنسەن،
مەن تېخى ۋەدەم بىلەن.

باغدىن چىقىپ كەلدى بىر قىز،
قىزىلگۈلنى ئارىلاپ.

كىشى كورۇپ قالمىسۇن دەپ،
گۈل ئارىسىدىن مارىلاپ.

ئاھ ئۇرۇپ مەن گۈلنى سۇندۇم،
خوش كورۇپ ئالۇرمۇ دەپ.
مېھر باغلاپ كوڭۈل بەردىم،
مېھرىبان بولۇرمۇ دەپ.

قىزىلگۈل سەيلىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كوپچىلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىدا سەنەمنىڭ قىزىلگۈلگە بولغان تەشنالىقى، غېرىپنىڭ ئەۋەرتكەن گۈلدەستىسىنى كورۇپ، سەنەمنىڭ بىتاپلىقتىن قۇتۇلۇپ، خوشچاغ بولۇشى... قاتارلىق ئېپىزوتلار قىزىلگۈل سەيلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. قىزىلگۈل سەيلىسىدىن باشقا سەيلىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قوشاقلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىمۇ ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرى (قوشاق ئېيتىش، نەغمە ـ ناۋا، ھېكايە ئېيتىش، داستان ـ قىسسەلەرنى كۈيلەش) بولىدۇ.

مەشرەپ قوشاقلىرى

مەشرەپ قوشاقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، مەشرەپنىڭ لۇغەت مەنىسى «يەپ ـ ئىچىپ ئولتۇرۇش» دېمەكتۇر. جانلىق تىلدا بولسا ئۇ، «كوڭۈل ئېچىش ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەشرەپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى پەيدا قىلىدىغان، راۋاجلاندۇرىدىغان ۋە تارقىتىدىغان مۇھىم سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ، خەلقنىڭ «سەنئەت مەكتىپى» دۇر.

مەشرەپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئاممىنىڭ ماقۇللىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىدىن ئوتكەن بىر يۈرۈش قانۇنى نىزاملارغا ئىگە. قايسى خىلدىكى مەشرەپ بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسىدە مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن سايلانغان يىگىت بېشى ئاممىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە مەشرەپنىڭ تەرتىۋىنى باشقۇرىدۇ. مەشرەپنىڭ مۇقىملاشقان قانۇنىنى بۇزغۇچىلارغا (كېچىكىپ قالغان، مەشرەپنىڭ تەلىۋىنى ئورۇندىمىغان، مەشرەپ مەيدانىدا نالايىق ئىشلارنى سادىر قىلىپ ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلار...) مەشرەپ ئەھلىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن جازا چارىسى كورۈلىدۇ. بۇ جازا ئاساسەن تەلەپ بويىچە قوشاق ئېيتىپ بېرىش، ھەر خىل سەنئەت ئويۇنىنى كورسۈتۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلەش، ئېغىر بولغاندا مەشرەپكە قاتنىشىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ پەيدا بولغان تارىخى دەۋرى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن مەشرەپتە ئوينىلىدىغان سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ھەركەت شەكىللىرىدىن قارىغاندا،

ئومۇمەن ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئاساسى غولى بولغان «دولان مەشرىپى» نىڭ مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

«دولان مەشرىپى» ئومۇمەن تارىم دەرياسى ۋادىسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا مەشرەپ نەغمىسى باشلىنىش بىلەن تەڭ يىگىت بېشىنىڭ باشقۇرىشى بىلەن ئىختىيار قىلغۇچىلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىرقېتىمدا مەشرەپكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك بىر جۈپتىن بولۇشۇپ قائىدىلىك مەشرەپ ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. «دولان مەشرىپى» نىڭ ھەر بىردورە (بىر قېتىملىق) ئۇسسۇلى تۆت باسقۇچلۇق شەكىل بىلەن ئاياقلىشىدۇ ۋە ھەر باسقۇچنىڭ شەكلى يەنىلا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، غەلىبە تەنتەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ،

«دولان مەشرىپى» بىر قانچە خىل شەكىلدە ئۆتكۈزىلىدۇ، مەسىلەن:

چىنە گۈل — مەشرەپتە چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرسى قولىغا گۈللۈك چىنىنى ئېلىپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئۈچ قېتىم «چىنە گۈل»، دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككىنچى كىشى يەنە بىر گۈلنىڭ نامىنى ئاتايدۇ، ئاندىن ئۈچىنچىسى، تۆرتىنچىسى ... شەرت شۇكى، بىر قېتىم ئاتالغان گۈلنىڭ نامىنى ئىككىنچى كىشى تەكرارلىماسلىقى كېرەك، مۇبادا تەكرارلاپ قويسا، ئۇ يېڭىلگەن بولىدۇ-دە، مەشرەپ قائىدىسى بويىچە قوشاق ياكى بېيىت ئېيتىپ بېرىشكە ياكى قىزىقارلىق ئەدەبىي ئويۇن كورسۇتۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

چاي تۇتۇش — بىرسى ئۆزىگە قويۇلغان چاينى كوڭلى خالىغان بىرسىگە بېيىت بىلەن سۇنىدۇ. ئۇ كىشى چاينى بىر ئوتلاپ، يەنە بېيىت ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرىدۇ، ئەگەر ۋاقتىدا چىنىنى چاي تۇتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرەلمىسە، ئۇ كىشى يەنە بېيىت، قوشاق ئارقىلىق يىگىت بېشىغا «ئەرز» سۇنىدۇ، يىگىت بېشى گۇۋاھچىلار ئارقىلىق مەسىلىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىگە مەشرەپنىڭ قائىدە-تۈزۈمى بويىچە «جازا» قوللىنىلىدۇ. يەنە بەزىدە چاي تۇتۇش ئويۇنى 15-20 مىنوت داۋاملاشقاندىن كېيىن تۆت-بەش دورە ئۇسسۇللۇق نەغمە باشلىنىپ بىر ئازدىن كېيىن ژىگىت بېشىنىڭ تەكلىۋى بىلەن دەرە ئويۇنى باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا بەلباغنى ياخشى (يۇمشاق) ئېشىپ دەرە (بەلباغ چوقمىقى) ياسىلىدۇ. كوڭلى يېقىن كىشىلەر بىر-بىرىگە دوستلۇق مېھرىنى ئىپادىلەپ دەرە تۇتىدۇ ۋە ھورمەت بىلەن ئورۇلۇپ-چورۇلۇپ تازىم ئىچىدە دەرىنى بېرىدۇ. ئۇ كىشىمۇ شۇ تەرتىپ بويىچە دەرە ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈچ-تۆت دورە ئۇسسۇللۇق نەغمە باشلىنىدۇ. ئاخىرىدا ژىگىت بېشىنىڭ تەكلىۋى بىلەن «يولۋاس ئويۇنى»، «تۆگە ئويۇنى»، «ئىككى مۈشۈكنىڭ بەز تالىشىش ئويۇنى»، لەتىپە ۋە مەسەل ئېيتىش قاتارلىق ھەر خىل ئويۇنلار ئويۇشتۇرۇلىدۇ.

مەشرەپنىڭ بۇ ئىككى خىل شەكىلدە ئۆز-ئارا بېيىت ئېيتىشىش ئاساسلىق سەنئەت

ئادىتى ھىساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ قىز-ئوغۇللار بېيىت ئېيتقاندا بېيىت مەزمۇنى بىر-بىرىگە ماس كېلىشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماي بەلكى رىتىم، قاپىيىنىڭ بىردەكلىكى، رويىست شەكلىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يىگىت:

خېنىم، خېنىم جانان خېنىم،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ خېنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋا خېنىم،
ئاشىقمەن خۇما خېنىم،
كۆز تەگمىسۇن، جۇما خېنىم
ئېسۇلىڭ تۇما خېنىم.
جامالىڭنى ياپما خېنىم،
شامال بولۇپ قاچما خېنىم.
شامال بولۇپ قاچساڭ خېنىم،
مەيدەم بىلەن توساي خېنىم.
ئاق قار بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
مامۇق قىلىپ ياتاي خېنىم.
يامغۇر بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
قۇملۇق بولۇپ يۇتاي خېنىم.
ئاق مۇز بولۇپ قاتساڭ خېنىم،
يۈرىكىمنى ياقاي خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقساڭ خېنىم،
بېلىق بولۇپ ئويناي خېنىم.
چىراق بولۇپ يانساڭ خېنىم،
پەلەك بولۇپ كۆيەي خېنىم.
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
زەرگەر بولۇپ سوقاي خېنىم،
چېچەك بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
بۇلبۇل بولۇپ قوناي خېنىم،
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
قوزاڭ بولۇپ ئويناي خېنىم.
دەردىم تولا بىلگىن خېنىم،
خوش كەتتى چاي ئالغىن خېنىم.

قىز:

يىگىت ـ يىگىت جانان يىگىت،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ يىگىت.
خەلقى ئالەم كۈۋا يىگىت،
مەنمۇ كۈيەڭ خۇما يىگىت.

جانىغا جان داۋا يىگىت،
ئېسۋالسام تۇما يىگىت،
تاققا چىقسام دۈلدۈل يىگىت،
قىسۋالسام بىر گۈل يىگىت.
مەلۇم بولسۇن ھالىم يىگىت،
مانا چىنە تازىم يىگىت.

يەنە مەسلەن:
يىگىت:

ھەي خېنىم جىنىم خېنىم،
يولەنمىگىن تېرەككە.
كويدۇرسەڭمۇ ئۆلمەيمەن،
كىم ئۆلۈپتۇ كويەككە.

قىز: ئادەم دىگەن ھول نىمە،
ئوت كەتمەيدۇ يۈرەككە.
كويدۇرسەڭمۇ كويدۈرگىن،
قارىمايمەن بولەككە.

يۇقۇرقى بېيىتلار مەشرەپنىڭ چاي تۇتۇش پائالىيىتىدە ئېيتىلىدۇ، لېكىن يالغۇز مۇشۇ بېيىتنىلا ئېيتىش شەرت ئەمەس.

مەشرەپنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان يۇقۇرقى تۈرلىرىدىن باشقا يەنە، قۇمۇل ۋە تۇرپان رايونلىرىدا «كوك مەشرىپى» ۋە «دادۇر مەشرەپ» لىرىمۇ بار.

«كوك مەشرىپى» چوڭ مەشرەپنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، يەنى قىش كۈنلىرى بىر قاچىدا بۇغداي ئۈندۈرۈلۈپ مايسا بولغاندا، شۇ ئائىلە ئۈنگىغا چىرايلىق گۈل ـ چېچەكلەرنى سانجىپ، خۇددى ساھىپجامال قىزغا ئوخشۇتۇپ، ئەنە شۇ مايسىنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىلىدۇ، مەشرەپ ئاخىرلاشقاندا، «مۇز ئۈستىدە ئۈندۈردۇق بۇغداي» دىگەنگە ئوخشاش «كوك مەشرىپى» گە بېغىشلانغان بېيىتلارنى ئوقۇشۇپ، ئۇ مايسىنى كوگلى تارتقان بىر ئائىلىسگە تۇتىدۇ، ئۇ ئائىلىمۇ بېيىت ئارقىلىق تەشەككۇر ئېيتىپ بىر ئاخشام

مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ «كوك مەشرىپى» ئۇيغۇر خەلق مەشرەپ لىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەشرەپ تا مايسا قېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغىچە داۋاملىشىدۇ. «كوك مەشرىپى» دە ئېيتىلىدى. غان قوشاق «كوك بېيىتى» دېيىلىدۇ:

قىشلىقى ئۇندۇردىلەر بىر دانە بۇغدايىنى،
سۇغارغىلى ئەر بارمىكىن شۇ دانە بۇغدايىنى،
سۇغارغىلى ئەر بولىسىكىن شۇ دانە بۇغدايىنى
كېچە - كۈندۈز يات قىلۇرمىز ئۇستۇن خۇدانى.
چىللى زىمىستاندا ئۇنەر سەبزەبھارنىڭ ئەگىلى.
ياخشىلارنىڭ خىسلىتىدىن سەبزە ئۇندى قىشلىقى،
قىشلىقى ئۇنگەن چىچەكنىڭ تەرىپى نازۇك تۇرۇر،
سوغۇرۇپ گۈل چاچقىلى ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر،
تام چىچەك، تام سۇچىچەك، تامدىن ئىگىز بارمۇ چىچەك،
كورگىلى كوكلىك چىچەك، كوتەرگىلى ئېغىر چىچەك.
بۇ چىچەكنىڭ تەرىپىنى مۇم بىلەن نام ئەيلىدۇق،
بۇ چىچەكتىن ئوزلىرىگە بىزمۇ سوۋغا يوللىدۇق،
گۈل - چىچەكلەرگە ئوراپ كوكنى تۇتتۇم خوش ئالسىلا،
دۇنيانىڭ كارى نىمە، يىراقتىنا تاشلىسىلا،
ئىگىز - ئىگىز ئۇيلىرىنى يىشقىن بىلەن ئاقلىسىلا،
كوكنى قويۇپ ئۇيلىرىدە ئويدەككىنە ياتسىلا،
نەغمىچى لازىم بولۇر، ھاپىزلارنى راسلىسىلا،
ئۇسۇلچى لازىم بولۇر، جوگانلارنى راسلىسىلا،
غازنى ئوتتوز، قوينى توققوز، ھەممىنى تەڭ راسلىسىلا،
بۇئويۇننىڭ شەنىگە گازىر - پۇرچاق، مۇۋە - چىۋە راسلىسىلا.

«دادۇر مەشرىپى»دە ئاساسەن ياش - قۇرامى ئوخشاشراق بولغان بىر قانچە ياشانغان كىشىلەر بىر ئۇيگەجەم بولىشىدۇ، ئوي ئىگىسى مەشرەپ ھورمىتى ئۇچۇن بىرقاچا دادۇر پىۋشۇرۇپ داستىخانغا قويىدۇ. مەشرەپ ئەھلى بىر تەرەپتىن دادۇر يىگەچ قوشاق، بېيىت، ھىكايە، رىۋايەت، داستان - قىسسەلەر ئېيتىشىدۇ، ئوزئارا سوز ئويۇنى قىلىشىدۇ، تارىخى شەخسلەر ھەققىدە قىزىقارلىق لەتىپە، ھىكايىلەرنى توزىشىدۇ. ئۇنىڭدا گەرچە باشقا مەشرەپ تۇرلىرىدەك مۇزىكا ۋە ناخشا - ئۇسۇل بولمىسىمۇ، قىزىقارلىق، مەزمۇنلۇق داۋاملىشالايدۇ، «دادۇرمەشرىپى» كوپۇنچە قىش كۈنلىرى ئويۇشتۇرىلىدۇ.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ مەيلى قايسى تۈرى بولمىسۇن، ئۇخەلق سەنئىتىنى جارى قىلدۇرغان ۋە نامايىش قىلدۇرغان قويۇق مىللى سەنئەت ئادىتى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## § 3 - سىياسى، تارىخى قوشاقلار

سىياسى قوشاقلار روشەن ئىجتىمائى، سىياسى خاھىشقا ئىگە بولغان قوشاقلار بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائى ھاياتقا بولغان سىياسى ھىس - تۇيغۇسىنى ۋە كوزقارشىنى ئىپادىلەيدۇ.

سىياسى قوشاقلار سىياسى ۋە ئىجتىمائى مەزمۇنغا بايلىغى، روشەن خاھىشچانلىغى ۋە يۇكسەك جەڭگىۋارلىغى بىلەن ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىدا كورنەرلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

سىياسى قوشاقلار ئاساسەن سىنپىي جەمىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ۋەھشىلىگى، ئەكسىيەتچىلىگى، ئۇنىڭ خەلق بېشىغا كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ فېئوداللىزىم جەمىيىتىدىكى ھوكۈمران سىنىپلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسى كۆچلۈك پاش قىلىنغان، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋى ھەركىتى ۋە خەلق قەھرىمانلىرى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىلەنگەن. خەلقنىڭ سىياسى قوشاقلىرىنى، سىياسى لىرىكىلار ۋە تارىخى قوشاقلار دەپ ئىككى چوڭ مەزمۇنغا ئايرىش مۇمكىن.

ئوتمۇش دەۋرلەردە ئىجات قىلىنغان سىياسى لىرىكىلارنىڭ كوپۈنچىسى شىكايەتنامە بولۇپ، ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرا سېلىشتۇرۇلۇپ، ئىجتىمائى تەڭسىزلىكلەر ئېچىپ تاشلىنىدۇ ھەمدە خەلقنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئوستىدىن توككەن دەرت- شىكايىتى تەسۋىرلىنىدۇ.

فېئوداللىزىم جەمىيىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى شۇكى، فېئودال پومېشچىكلار دىخانلارنى يەردىن ئىبارەت بۇ «ئالتۇن قوزۇق» قا باغلاپ دەھشەتلىك ۋاستىلار بىلەن ئۇلارنىڭ قان - تەرىنى شوراشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۇچۇن سىياسى قوشاقلارنىڭ كوپچىلىگىدە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشتىكى تەڭسىزلىك، ئېغىر باج - سېلىق، جازانىخورلۇق، ئۇشرە - زاكات دەستىدىن يىل بويىي ئەمگەك قىلغان دىخانلارنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئارىنى قۇچاغلاپ قالغانلىغىدەك ئوبىكتىپ رىياللىق تەسۋىرلەنگەن.

مەسىلەن:

يەرنىڭ ئوبدىنى بايدا،
كەمبىغەلگە يەر قايدا.
باي - غوجام ياتار باغدا،
كەمبىغەل ياتارسايدا.

ئالۋاڭ كەلدى ئالامەت،
چىكنۇەردۇق نادامەت.
كىچىككىنە يەر ئۈچۈن،
بىزگە بولدى قىيامەت.

× × ×

بەگلىرىم بەگلىك قىلادۇ،
دوغىسى ئالۋاڭ بىلەن،
ئاخونۇم پەتۋا قىلادۇ،
راستى يوق يالغان بىلەن.

× × ×

ئەجەپ بىر زامان بولدى،
ئالەم چورگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئورىلەي دەيدۇ.

يامغۇرلار تولا يېغىپ،
ئۆيدىن ئۆتتى تامچىسى.
بىزنى تولا قاقشاتتى،
زالىملارنىڭ قامچىسى.

خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ سىياسى قوشاقلىرى ئارقىلىق يالغۇز زۇلۇم — زولمەت ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى يۈكسەك ئۇمۇتۋارلىق ئىچىدە ئىپادىلىدى.

مەسىلەن:

يامولنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەرتلەرگە نىم دەيلىك.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزلەيلىك.

سىياسى قوشاقلاردا يەنە فېودالىزىمنىڭ مۇقەددەس تايانچىسى بولغان دىنى ئىكسپلاتاتسىيەنىڭ ماھىيىتى ئىچىپ تاشلىنىپ، ئاچكوز، ئالدامچى روھانىلار پاش قىلىندۇ:

ھوشۇر باقى، مەخپىرقازى، نۇرى ساغلىق،
پۇخرالارنىڭ يۈرەك باغرىن قىلدى داغلىق.

قازى بولغان بەچچىغەرلەر شۇنداق بولسا
ئاخىرەتتە راھەت كورەر يېرى چاغلىق،

تىۋەندىكى قوشاقتا دىن بىلەن نىقاپلانغان ئاچكوز موللىلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ھەجۋى قىلىش يولى بىلەن پاش قىلىدۇ:

ئاللاھۇمىمە گاچ - گاچ
قارنىم تويىدى كوزۇم ئاچ.
يىراق قىلما خىزىردىن،
قۇرۇق قويما نەزىردىن.
قوسۇغۇمنى كەڭ قىلساڭ،
كۆيىقاپقا تەڭ قىلساڭ،
ئالىۋەرسەم بەرمىسەم،
قىيامەتكە بارمىسام.
بارىغا پەتە،
يوقىغا ئەتە،
ئامىن ئاللاھو ئەكبەر.

سىياسى قوشاقلار ئىچىدە زىندان كۈلپەتلىرىگە، ھاشا - سىلىق دەرتلىرىگە بېغىشلانغان قوشاقلارنىڭ جەڭگىۋارلىغى كۈچلۈك بولۇپ، بۇنداق قوشاقلاردا زولۇم دەستىدىن زارلىنىشلا ئەمەس، بەلكى ئىسيانكارلىق روھ، كۈرەش مارشى جاراڭلايدۇ. بۇنداق قوشاقلارنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتى زور بولۇپ، ئۇ خۇددى ماركس ئېيتقاندەك «كۈرەش سىگنالى» دۇر.

سىياسى قوشاقلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى تارىخى ئەھمىيەتلىك كونكرېت ۋەقەلەر ۋە تارىخى شەخسلەرگە بېغىشلانغان تارىخى قوشاقلاردۇر.

يولداش ماۋزېدۇڭ: «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېخانلار ئۈستىدە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئىقتىسادى ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە سىياسى زۇلمى دېخانلارنى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھوكۇمرانلىغىغا قارشى نۇرغۇن قېتىملاپ قوزغىلاڭ كوتۇرۇشكە مەجبۇر قىلدى... جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمىيىتىدە دېخانلارنىڭ سىنىپى كۈرەشلىرى ئەنە شۇنداق قوزغىلاڭ ۋە ئەنە شۇنداق ئۇرۇشلىرىلا تارىخى تەرەققىياتنىڭ ھەقىقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىدى» دىگەن ئىدى. ئەنە شۇنداق تارىخى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخى قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخنىڭ گۇۋاچىسى سۈپىتىدە، شۇخەلقىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە يېقىنقى زامان تارىخىغا باغلىنىشلىق بولغان كۆپلىگەن قوشاقلار بولۇپ، ئۇنىڭدا 19-ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن زور تارىخى ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر ئىپادىلەنگەن ھەمدە شۇ ۋەقە ۋە شەخسكە بولغان خەلقنىڭ باھاسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تارىخى قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاھاڭغا سېلىنغان بولۇپ، خەلق ناخشىلىرى قاتارىدا ھازىرغىچە ياشاپ كەلمەكتە. تۆۋەندە بىرقانچە مۇھىم تارىخى قوشاقلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى؛

**ئالۋاڭ قوشىقى** — 1765-يىلى كۆتۈرۈلگەن ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ ئىستىبدات مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلىڭى دەھشەتلىك بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ «سەككىز مىڭ ئۆيلۈك» ئادەم ئىلىغا مەجبۇرى كۆچۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇستەڭ چېپىش، سېپىل (قورغان) تىكلەش، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى مەمۇرى ئەمەلدارلىرىغا ئالۋاڭ ھېساۋىدا ئاشلىق تۆلەش قاتارلىق ھەر خىل ئېغىر سېلىقلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. ھەربى، مەمۇرى ئىمتىيازلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئالۋاڭ ئاشلىقى، باج-سېلىقلار يىلدىن يىلغا ئېغىرلاشتى. زورلۇق-زومبۇلۇق، زۇلۇم-كۈلپەتتىن بىزار بولغان خەلق ئۆز بېشىغا چۈشكەن دەرت-ئەلەملىك كۈنلەرنى ناخشا-قوشاقلارغا سىڭدۈرۈپ، شۇ تارىخى رىياللىقنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. شۇندىن بۇيان بۇ قوشاقلار «ئالۋاڭ ناخشىسى» نامى بىلەن جاراڭلاپ كەلمەكتە.

ئالۋاڭ ھوسۇلۇم تولا
قۇياي دېسەم ئىشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قويمىسام
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

ھاشا، ئىلىق-سىلىق دەپ
كۈندە ئالۋاڭ غوغىسى.
ئىشىكلەردىن كەتمەيدۇ
لالمائىتتەك دوغىسى.

مەنچىڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن سېلىنغان ئالۋاڭ-سېلىق دەستىدىن خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن زۇلۇمنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئېغىرلىقىنى تۆۋەندىكى قوشاقلار ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئاخشىمى ياتار چاغدا
سالغىنى كىگىز قېپى.
بۇجاندىن ئۆتۈپ كەتتى
زالىملارنىڭ قىلغىنى.

بىرەلمەي ئالۋاڭ ھوسۇل
دىخان بالىسىنى ساتتى.
ئەگەر يوزخو بەرسىمۇ
يەنە تويماي ئېغىز ئاچتى.

ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ئالۋاڭ ناخشىسى»نىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئەشۇنداق ئۈزۈلۈكسىز داۋام قىلغان ۋە كۈنسېرى يوقۇرى ئورلەپ ماڭغان ھوسۇل ئالۋىڭىنىڭ دەستىدىن ئېيتىلغان.

ۋاڭخولو① قوشاقلىرى — مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ چىگرا مۇداپىيە قوماندانلىق شتابى جايلاشقان كورە شەھرى ھەريىلى ئەتىياز كىرىشى بىلەن تەڭ داۋاملىق ئىلى دەرياسىنىڭ خەۋپىگە ئۇچراپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا زالىم ئەمەلدارلار شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ئۈستىگە كوپلەپ ھاشا - سېلىق سالدى. بۇ ئىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئالۋاڭ — «ۋاڭخولو ئالۋىڭى» دەپ ئاتالدى. «ۋاڭخولو ئالۋىڭى» ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى تازا ئالدىراش مەزگىلدە باشلىناتتى، ھەرقايسى يۇرت-مەھەللىنىڭ قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرى «ۋاڭخولو ئالۋىڭى» غا كېتىپ، دىخانچىلىق ئىشلىرى قېرى - چۆرىلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالدى.

«ۋاڭخولو ئالۋىڭى» بىر قېتىملىق، بىرەر پەسىللىك ياكى بىريىللىق ئالۋاڭ بولماي، بىرقانچە يىلغىچە ئۇدا داۋاملىشاتتى. «ۋاڭخولو»دا پەقەت ئادەم ھاشىسىلا ئەمەس، بەلكى ئېغىر دەرىجىدىكى ئىقتىسادى سېلىقمۇ بولدى. «ۋاڭخولو ئالۋىڭى»نىڭ ئەمگەك شارائىتى بەك قىيىن بولۇپ، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە گوڭتسۇلارنىڭ ھاشاچىلار-غا بولغان مۇئامىلىسىمۇ ئىنتايىن قەبىھ ئىدى. بۇ ئېغىر كۈلپەت ۋە خورلۇق ھاشاچىلار-نىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ- نەپرىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەپ بولدى. نەتىجىدە مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھاشاچىلار ئارىسىدا داۋاملىق جىددى توقۇنۇشلار يۈزبېرىپ تۇراتتى.

ئەقىلسىز ئەمەلدارلارنىڭ ئىلى دەرياسىدەك سۈيى ئەلۋەك دەريانى ئارقىغا ياندۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئۈچىغا چىققان ھاماقەتلىك ئىدى. شۇڭلاشقا «ۋاڭخولو قوشاقلىرى» دا زالىملارنىڭ بۇ ئاخماقلىقىنى كۈچلۈك مەسخىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا نەپرەت ئوقىدى.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا
چوڭ كورەنى سوقماقچى.

① «ۋاڭخولو» — خەنزۇچە سوزبولۇپ، سۇنى ئارقىغا ياندۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

ئەقىلسىز نادان بەگلەر
ھاشا بىلەن توسماقچى.

يازبولسا قىلار غەمكىن
ۋالىخولونىڭ ئالۋىڭى.
بو ھاشاغا باش بولغان
زالىملارنىڭ يامىنى.

ئىلى دەريا توسۇن ئات
ۋالىخولودا توسۇلماس.
ھاشاچىلار غەزىۋى
ئەندى زادى بېسىلماس.

بۇ مىسرالار چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئىلى دەريا تاشقىنى خەلق غەزىۋىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدۇر. دەريا تاشقىنى كورەنى سوقىنىدەك، خەلقنىڭ غەزىۋى ئاخىرى ئەۋجىگە چىقىپ، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كوچمە مەنا ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرگەن.

**«كوچ - كوچ» قوشاقلىرى**— سادىرپالىۋان قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئىلىدا بىر قانچە يىل ئىلى سولتانلىقى ھوكۇم سۇردى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئوتكەندىن كېيىن (1871 - يىلى) ئىلىنى چارروسىيە جاھانگىرلىكى بېسىۋالدى، شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقى نىڭ 10 يىل جىددى كۇرەش قىلىشى ئارقىلىق 1881- يىلى تۇزۇلگەن «ئىلى شەرتنامىسى» دىن كېيىن چارروسىيە ئەسكەرلىرى ئىلىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

لېكىن چارروسىيە جاھانگىرلىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي قورال كۈچى بىلەن بېسىم ئىشلىتىش ۋە ئالداش ئۇسۇلىنى قوللونۇپ، ئىلى پۇخرالىرىنى ھەدەپ روسىيەگە كوچورۇش ئىشىنى ئېلىپ باردى. 1881- يىلى كۇز پەسلىدىن تارتىپ 1884- يىلىغىچە بولغان ئۇچ يىل ئىچىدە چارروسىيەنىڭ قورال كۇچى ۋە تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىلى رايونىدىن زورلاپ ئېلىپ كەتكەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغول، سولون قاتارلىق ھەرمىللەت ئاھالىسى بىر قانچە ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

چارروسىيەنىڭ ئاھالىلارنى مەجبۇرى كوچۇرۇشى، ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق ۋە تالان - تاراج قىلىشى ئارقىسىدا ئىلى رايونى بىرمەزگىل چول، قاخشال، ئادىمى ئاز، باغ - ۋارانلىرى ۋەيران بولغان خارابىزارلىققا ئايلىنىپ قالدى. «كوچ - كوچ قوشاقلىرى» ئەنە شۇ ئەلەملىك كۇنلەرنىڭ تارىخى يالدامىسى.

«كوچ - كوچ» قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇيەردىكى، ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەر-

ئىلك كۈي ئالاھىدە جارائگلايدۇ.

«كوچ - كوچ» قوشاقلىرىدا چارپادىشاسىنىڭ تاجاۋوزچىلىغى بىۋاستە پاش قىلىندۇ:

ئاق پاشا لەشكەرلىرى،
ئالتۇن كولاپ تاش كەستى.
پۇخرالارنى كوچ - كوچ دەپ،
قىلىچ بىرلە باش كەستى.

«كوچ - كوچ» قوشاقلىرىنىڭ كوپ قىسمى تۇغۇلۇپ ئوسكەن ئانا يۇرت بىلەن خوشلىشىش ھەمدە ئانا يۇرتتىن ئايرىلىش ئەلىمىگە بېغىشلانغان؛

مىلىڭ جاپا بىلەن سالغان،
قالدى باغۇ - بوستانلار.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

ئېلىدىن چىقىپ كېلىپ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتلاردىن،
ئولمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

كوچ - كوچ دىسە قورقىمەدۇ،
كوچۇپ يۇرمىگەن ئەللەر.
ئوز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كورمىگەن يەرلەر.

«كوچ - كوچ» قوشاقلىرىنىڭ بىرقىسمى مەجبۇرى كوچۇرۇلگەن پوخرالارنىڭ يولدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇ كوچمەنلەر ئېيتقاندەك «دەرت ئۇستىگە دەرت» كۇيىدۇر.

خونخاي يولىدا تاللار،
شاخ - شاخىدا مارجانلار.
يوللاردا جاپا تارتىپ،
ئېقىپ كەتتى بۇجانلار.

يەركەتنىڭ يولى دەيدۇ،
كوۋرۇگىدە يوغان تاش.

بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان،
ئىكولاي دېگەن باغرى تاش.

ئۇقنى ئاتتى يۇرەككە،
يېتىپ تەگدى بىلەككە.
ئاق پاشانىڭ قىلغىنى،
ئۇرناپ كەتتى يۇرەككە.

ئالمۇتىغا كوچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قوملۇق.
راست گېپىنى قىلمايدۇ،
كوزى كوك بېشى يۇگلۇق.

چارروسىيە تەرىپىدىن زورلاپ ئېلىپ كېتىلگەن ئىلى ئاھالىسى ئۆي - جاي، يەر - مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ چارپادىشاسىنىڭ ئىستىبدات ھوكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇشتا قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىگە بولۇپ بېرىلگەن يەرنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، دېخانچىلىق بېجى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، نۇرغۇن كىشىلەر خانى - ۋەيران بولۇپ، چارروسىيە پومىشچىك، كاپىتالىستلىرىنىڭ يالالنما ئەمگەك كۈچىگە ئايلىنىپ قالدى، كوچمەنلەر ئۆز بېشىغا چۈشكەن بۇ يېگى دەرت - ئەلەم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ مۇنداق قوشاقلارنى ئېيتقان ئىدى:

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

قارساق كورۇنمەيدۇ،
بىزنىڭ ئۆينىڭ ياغىچى.
ئېتىمىزلاردىن يەر تەگمەي،
ماكان بولدى تاغ ئىچى.

ئۇسەككە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئاراياتتۇق.
ئۆز ماكاندىن ئايرىلىپ،
غەم ئەندىشىگە پاتتۇق.

ئۇمۇمەن، «كوچ - كوچ» قوشاقلىرى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان تارىخى ئەھمىيەتلىك قەسىدىدۇر.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە، ھەرقايسى رايونلاردا پەيدا بولغان قوشاقلاردا شۇجايلارنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، يوقسۇل ئەمگەكچىلەر بىلەن فېئودال - پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قۇمۇل خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان «شىڭشىڭشا قوشاقلىرى» نى ئەسلەپ ئۆتەيلى؛ بۇ قوشاقلار:

شىڭشىڭشا ئوزى كوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قومۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كوزنىڭ قاراسى.

شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا،
يولدا ئۇلدى ئاتلىرىم.
ئايغىمغا تاش پاتتى،
كوككە يەتتى ئاھلىرىم.

دەپ باشلىنىدۇ. گويا شۇنىڭ بىلەن پەردە ئېچىلىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ھوكۇمرانلىق قىلغان دەھشەتلىك يىللارنىڭ كارتىنىسى كوز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئالۋاڭ - سەيسىگە تۇتۇلغان يوقسۇل دىخانلارنىڭ چول - دەشتلەردە ئاچ - يىلىڭ ھالدا ھارۋۇ ھايداپ، كېجاۋ كوتۇرۇپ، تاياق يەپ تولغۇنۇپ نالە قىلىشلىرى، يۇرتنى سېغىنىشى، پاناسىز قالغان ئاتا - ئانا، خوتۇن بالىلىرى توغرىسىدىكى تەشۋىشلىرى، زالىملارغا بولغان غەزەپ نەپرىتى... كوز ئالدىمىزدا ئايان بولۇپ، بىزنىڭ قەلبىمىزدە فېئودالىزىمغا قارشى كۈچلۈك ئۇچقۇنلىك ئويغۇتىدۇ.

ئالۋاڭ - ياساق تولىيەلمىگەنلىكى، زولۇمغا قارشىلىق كورسەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋاڭلارنىڭ شەپقەتسىز ئەمرى بىلەن نوم، باغداش قاتارلىق جايلارغا پالىنىپ ئېغىر ئەمگەك ۋە غوربەتچىلىك دەستىدىن ۋەيران بولغان دەرتمەنلەر بولسا:

نوم دېمەڭلار، نوم دېمەڭلار،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قارغۇ تىكەن،
خەلقلىرى ئالۋاڭدىكەن.

زوركىنىڭ ① باشىغا چىقسام،
كورۇندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سېرىلدى سەرۋەڭ ② تاغلىرى

دەپ ئۇزلىرىنىڭ مۇڭ - زارىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ قوشاقلار قۇمۇل ۋالىسى شامەخسۇت دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى تارىخى جەھەتتىن چۈشۈنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

تارىخى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يۇقۇرقى قوشاقلاردىن باشقا يەنە، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تارىخى شەخسلەر توغرىسىدا كوپلىگەن قوشاقلار بار. بۇ قوشاقلار شۇ شەخسنىڭ بىيوگرافىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە خاراكتېرىنى بىكىتىشتە بەلگىلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولىدۇ.

**ياقوببەگ توغرىسىدىكى قوشاقلار**— ئىلىدىكى دېخانلار قوزغىلىڭى بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبى شىنجاڭدا مەنچىڭ ھاكىمىيىتى ۋە يەرلىك فېودال، بايلارغا قارشى دېخانلار قوزغىلىڭى جىددى قاناتىيىيىۋاتقان بىر پەيتتە شىنجاڭ تارىخىدا «ياقۇپبەگ مەسىلىسى» پەيدا بولدى. مۇھەممەت ياقۇببەگ ئەسلىدە قوقان خانلىقىغا قاراشلىق پىشكەنت ③ دىگەن يەردە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ ئەينى ۋاقىتتىكى تاشكەنتنىڭ ھاكىمى قەينى ئاغىسى نار مۇھەممەت قوشبېگىنىڭ ياردىمى بىلەن دەشتى قىپچاقتىكى ئاق مەسجىد دىگەن يەرگە ھاكىم بولغان. شۇنداق قىلىپ پۇرسەت پەرەس ياقۇببەگ ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن قوقان ئەمرى خۇدا يارخاننىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، خاننىڭ ئەتىۋالىق ئەمەلدارلىرىدىن بولىۋالىدۇ. ئۇزۇن ئوتمەي خۇدايارخان بىلەن ياقۇببەگ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خۇدايارخان ئۇنى جازالاپ كوزدىن يوقاتماقچى بولىدۇ، لېكىن ياقوببەگ بوخاراغا قېچىپ قۇتىلىدۇ. شۇمەزگىللەردە خۇدايارخان ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەللىخان (مەدەلخانمۇ دېيىلىدۇ) خانلىق تەختىگە چىقىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياقۇببەگ قايتىدىن خوجەندنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىدۇ. لېكىن ياقۇببەگنىڭ يامان نىيەتتە يۈرگەنلىگىنى سەزگەن مەللىخان ئۇنى دەرھال زىندانغا مەھكۇم قىلىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەردىكى فېوداللىق بولۇنمە ھاكىمىيەتنىڭ باشلىقى سىدىق بەگ قىپچاق ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ئېغىر زىددىيەت ئىچىدە قالغاچقا، مىلادى 1864- يىلىنىڭ بېشىدا قوقان خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەرتىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان جەنۇبى

---

①② — تاغ ئىسىملىرى

③ ھازىرقى پرونزى شەھرى

شىنجاڭدا تۇغۇلغان جەدەل- ماجرالاردا، «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلاش»قا ئادەتلىنىپ قالغان قوقان خانلىقى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، جاھانگىر غوجىنىڭ① ئوغلى بۇزرۇك خان خوجا باشچىلىقىدا «ياردەمچى قوشۇن» ئەۋەرتمەكچى بولىدۇ. بۇزرۇك خوجىنىڭ سىپاھگەرچىلىك ۋە ھۆكۈمەتدارلىقتىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، «ھەربىي ئىشلار ماھىرى» دەپ ئاتالغان ياقۇببەگنى زىنداندىن بوشۇتۇپ، ئۇنى قوشبېگى قىلىپ قەشقەرگە يولغا سالىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1864 - يىلى ياقۇببەگ قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ياقۇببەگ بىر مەزگىل جىددىي ھەركەت قىلىپ مۇنتىزىم قوشۇن قۇرغاندىن كېيىن قەشقەردە مۇستەقىل ھاكىمىيەت تىكلەش يولىدا جىددىي ھەركەت باشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى ئەينى مەزگىللەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش يولىدا باشلىغان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى بىلەن بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ئارقا - ئارقىدىن يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار قاتارلىق شەھەرلەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئۇ جايلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، مىلادى 1867- يىلى 6 - ئاينىڭ 22- كۈنى ياقۇببەگ «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى»② نىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكالاپ، ئۆزى خان ئوردىسىدىن قارار تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ياقۇببەگ 14 يىل يەتتە شەھەرنىڭ «مۇستەقىل پادىشاسى» بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئاخىرى، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن قاتمۇ - قات قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، چىقىش يولى تاپالمىغان ياقۇببەگ سۇيىقەستچى ئەمەلدارى نىيازبەگنىڭ زەھەرلىشى بىلەن مىلادى 1878- يىلى 4- ئاينىڭ 11 - كۈنى كورلىدا ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇببەگنىڭ «7 شەھەر ھاكىمىيىتى» يىمىرىلىشكە باشلىدى. 1878 - يىلى 10- ئايدا زوزۇڭتاڭ تەرىپىدىن ياقۇببەگنىڭ «7 شەھەر ھاكىمىيىتى» ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇلدى.

ياقۇببەگ ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرى فېئودال ئىستىبداتلىق ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋە مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، تارىخنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى قانچە تېز بولسا، سەھنىدىن چۈشۈشىمۇ شۇنچە تېز بولدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياقۇببەگ ھەققىدىكى قاراش بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تارىختىكى ئورنى ھەققىدە ئۈزۈل - كېسىل خۇلاسە چىقىرىش ھازىرچە قىيىن. لېكىن شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ شېئىرى ئىنكاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان خەلقنىڭ

---

① جاھانگىر خوجا - 1827- يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېيجىڭدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

② «7 شەھەرى — قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار، ئۇچتۇرپان، كورلىنى كۆرسىتىدۇ.

تىۋەندىكى قوشاقلىرى بىزگە بەلگىلىك بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ بۇ قوشاقلارنىڭ بىرقىسمى ياقۇپبەگ (بەدولەت) نىڭ ئالدامچىلىق بىلەن خەلقنىڭ قان- تەرى بەدىلىگە ھاكىمىيەت قۇرغانلىقىنى، ئۇزىنىڭ شەخسى بايلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە، دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بوزغۇنچىلىق سالغانلىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ؛

بەدولەت مىچىت سالدى،
قىبلىسىنى توغرىلاپ.
غەزنىسىنى تولدۇدى،
پۇخرالاردىن ئوغۇرلاپ.

ياقۇپبەگ جاكاسالدى،
مايىلاردىن باج ئالدى،
ياقۇپبەگنىڭ ۋاقتىدا،
ئالدامچىلىق ئەۋج ئالدى.

كەچتىم مەن زامانەڭدىن،
ياخشى كىم، يامانەڭدىن،
ئاق سەللە، يېشىل سەللە ①
بىزارمەن زامانەڭدىن.

بە دولەتمۇ ئۇلەپتۇ،
ئۇلگەن بولسا بولاپتۇ.
ئۇنىڭ ياتقان گورىدە،
ئىت - بورىلەر ھۇۋلاپتۇ.

ياقۇپبەگنىڭ سەر بازى
تەيخۇنى ② ئاتالمايدۇ.
خاننىڭ لەشكىرى كەلسە،
قىچىپ قوتۇلالمايدۇ.

---

① ئەشۇ دەۋرلەردە ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى بېشىغا ئاق ۋە يېشىل سەللە ئوراپ ۋالغاچقا، بۇ مىسرا ياقۇپبەگكە قارىتىلغان.

② شۇ دەۋرنىڭ ئېغىر تىپتىكى قۇراللىرىدىن بىرسىنىڭ ئىسمى.

ياقۇپبەگ توغرىسىدىكى قوشاقلار ھەققىدە سۆزلىگەندە، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۇ ۋاقىتتا پەيدا بولغان قوشاقلار ئىچىدە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ماختايدىغان ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان قوشاقلارمۇ بار، بۇ قوشاقلار ياقۇپبەگ تەرەپدارلىرىنىڭ (ئاساسەن ھوكۇمران گورۇھىنىڭ) ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى بىزەپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئويدۇرۇپ چىقارغان قوشاقلىرى بولۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ قوشاقلىرىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مەسىلەن:

ياقۇپبېگىم جەڭ قىلغان،
دۈشمەنلەرنى تەڭ قىلغان.
پۇقرالارنىڭ ئۈستىنى،
ئالتۇن - كۈمۈچ رەڭ قىلغان.

## تۆمۈر خەلپە توغرىسىدىكى قوشاقلار — شىڭخەي ئىنقىلاۋىنىڭ

ئەسىردە 1911 - يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىق قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. تۆمۈر قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسىدىن بولۇپ، نامرات دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇتنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى قوراي يېزىسىدىكى دېھقانلارنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى تېز ئارىدا زورىيىپ قۇمۇل، پىچان، تۇرپان ئەتراپىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان ئىدى. شا مەخسۇت مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە تايىنىپ تۆمۈر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرۇشقا كۈچەپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچى دېھقانلار تەرىپىدىن تار - مار كەلتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا قىستاپ كېلىدۇ. ئاخىرى قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشقا ئامالسىز قالغان شا مەخسۇت گورۇھى مىلىتارىست ياڭزېڭشىنىڭ باشچىلىقىدا ھىيلە - مىكىرلىك ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ، تۆمۈر بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ ۋەكىل ئەۋەتىدۇ، ھەمدە تەنپەندە تۆمۈر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىر نەچچە تۈرلۈك شەرتلىرىگە ماقۇل بولىدۇ. 1913 - يىلى 5 - ئايدا تۆمۈر كېلىشىم بويىچە ئۈرۈمچىگە ماڭىدۇ.

تۆمۈر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئۈرۈمچىگە ماڭغاندىن كېيىن ياڭزېڭشىنىڭ ئەمەلدارى لى شىفۇ تۆمۈرنىڭ ھىمايىچىلىرىدىن ھەدەپ تەتۈر ھېساپ ئېلىشقا باشلايدۇ. سوھبەت كېلىشىملىرىنى يىرتىپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۆمۈرنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ياڭزېڭشىنىڭ خۇيزۇ ئەسكەرلەر باشلىقى مافۇشىڭ (ماتىتەي) ئارقىلىق تۆمۈرنى يوشۇرۇن قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ.

1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈرنى شۇ مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى مويدىننىمۇ تىرىك تۇتۇپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ.

ياڭزىڭشىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى تۆمۈرنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىغا ئەسكەر ئېۋەتىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بۇ شەرمەندە ھەركىتى خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزىۋىنى قوزغايدۇ. گەرچە تۆمۈر باشچىلىقىدىكى بۇ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان ئېلىپ بارغان مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش تارىخىنىڭ شانلىق بىر بېتى سۈپىتىدە خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ.

تۆۋەندىكى قوشاقلار تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قىسمەن خاتىرىسى بولۇپ، ئەشۇ تارىخىي رېئاللىقنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر.

تاغچى پالگانلار ئاتلاندى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چەن دارىننى ھۇۋلاتتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

ئۆچكۈر بۇغداي ئۇن تارتتۇق،
ھەممە خەققە ئاش بولدى.
تۆمۈر خەلپە دېگەن باتۇر
ئون ئىككى يۇرتقا باش بولدى.

ئاقچوق سېپى ئۈپۈركەن،
چەندارىن دېگەن چوقۇركەن.
تاغچى پالگانلار چۈشسە،
چەندارىنمۇ قوقۇركەن.

چىرىكلارنىڭ ئۆلۈكى،
چىڭ خالىمياۋغا ① پاتمىدى.
چەندارىننىڭ ئەسكىرى،
يەرلەر تېپىپ ياتمىدى.

ئۆرۈمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.

---

① قۇمۇلدىكى چىڭ خالىڭ بۇتخانىسى.

تومۇرنى ئېلىپ چىقسا،
هەر كۈنىدە سوراق بار.

ئۈرۈمچىنىڭ چىرىگى،
ئاتلىرىنى يالدايدۇ.
تومۇرنىمۇ ئۆلتۈرۈپ،
نەيزىسىنى قاندايدۇ.

تومۇرنى ئېلىپ چىقىپ،
ئاتمىش يەردىن چاپتۇردى.
چىلىڭۋاڭ غوجام بىر پاشا،
جۇگجاڭنىمۇ تاپتۇردى.

قىيىپ ئىگەر چاپتۇردى،
كىمخاپ بىلەن ياپتۇردى.
يۈزى قارا شا مەخسوت،
شۇنچە خەقنى ئاتتۇردى.

كوشۇتنىڭ داۋانىدا،
ئات كوكسىدە جوغۇلا.
تومۇرنى تۇتۇپ بەرگەن،
مەمەت قۇلىدەك دوغىلا.

بىز ئۆلسەك ئۆلۈپ كەتتۇق،
ئەل يۇرتلار ئامان قالسۇن.
بىزنى دىگەن يارەنلەر،
ئۆلمەستىن هايات قالسۇن.

ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە،
تامام بولمىدۇ رازى.
ئۆلگەنلەر شىهىت كەتسە،
قالغانلار تامام غازى

**ماتىتەي ھەققىدىكى قوشاقلار** — ماتىتەي (ئەسلى ئىسمى ماپۇشىڭ) 1911 - يىلدىن 1924 - يىلغىچە قەشقەردە هوكۇم سۈرگەن ئەڭ ئەشەددى هەربى جۇنغا، ئۇ قەشقەرگە تىتەي بولۇپ بارغاندىن كىيىنلا يەرلىك فيودال بايلار ۋە روهانى

لار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - سېلىقنى ھەددى - ھېسابسىز كۆپەيتكەن، قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچىلارنى تېرورلۇق بىلەن باستۇرغان. خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان. ھەر خىل قۇرۇلۇشلارنى سېلىپ، ھاشانى ئاشۇرغان. كوز بويامچىلىق بىلەن جاموم ياساپ خەلققە زورلاپ ساتقان. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزى كەيپى - ساپا تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئايالالارنى خورلاپ، خەلقنى ئاياق - ئاستى قىلـغان. نەتىجىدە ماتتەينىڭ چېكىدىن ئاشقان زالىملىقى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان. ئاخىرى ئۇ، ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمى بولۇپ قەشقەردىن يۆتكىلىپ كەتكەن ماشاۋۇ تەرىپىدىن ياڭزىڭشىڭنىڭ بۇيرىقى بىلەن مەخپى ئۆلتۈرۈلۈپ، قەشقەرنىڭ دەرۋازىـسىغا ئېسىلانغان. ماتتەينى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ نىمە غەرەزدە بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ يوقۇلىشىدا، خەلقنىڭ ماتتەيگە بولغان قارشىلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى چوڭ رول ئوينىغان.

ماتتەي توغرىسىدىكى قوشاقلار ئۇنىڭ 14 يىل قەشقەرنى سوراپ، خەلققە سالغان دەھشەتلىك زۇلمىنى ۋە لەنەتلىك ئۆلۈمىنى بايان قىلىدۇ.

ماتتەي 60 ياشتا،
كورۇڭ سالدى توققۇز تاشقا.
ماتتەينىڭ ئالۋىڭى،
بالا بولدى بۇ باشقا.

ئوق سىلىپمۇ ئاتقان تاز،
ئوق سالمايمۇ ئاتقان تاز.
قارالاينى موم قىلىپ،
بۇخرالارغا ساتقان تاز.

سوخو يولى قومۇشلۇق،
ئوغاق سېلىپ ئورغان يوق.
14 يىل شە سوراپ،
ماتتەيدەك بولغان يوق.

ئوتمۇشتە يارىتىلغان تارىخىي قوشاقلار ئىچىدە يەنە فېئودالىزىمغا قارشى ئىسيانـكارلىق روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بەلگىلىك شەخسلەر ھەققىدە يارىتىلغان قوشاقلارمۇ نۇرغۇن. بۇ قوشاقلاردا تەسۋىرلەنگەن شەخسلەر شۇ دەۋرلەردە خەلق ئىچىدە بىر قەدەر تەسىرى چوڭ بولغان خەلق قەھرىمانلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوشاقلار، ئۆزىگە خاس

ئاھالە بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە ھازىرغىچە جارالاپ كەلمەكتە. مەسىلەن، تارىخىي بىيىلوگ-راپىيىسى ھازىرچە ئېنىق بولمىغان «مايىمخان» ھەققىدىكى قەسىدە ئەشۇنداق خۇسۇس-يەتلەرگە ئىگە:

زىندان ئىچى ئىگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گورۇستان.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىت ئۆلگەن مايىمخان.

ئاتا بولغانىڭ قىنى،
ئانا بولغانىڭ قىنى.
ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ چاپقاندا،
تىلەپ ئالغانىڭ قىنى.

ئالدىمىزدا توت مانجو،
قىلىچىنى ئوينايتتى.
ھىكىم بەگ بولاپ بەرمىسە،
ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى.

تۆرپاننىڭ يولى قۇملۇق،
ئۆتۈپ بارغىلى بولماس.
ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ،
قاراپ تۇرغىلى بولماس.

ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ،
دارىنى ئامبال تويامدۇ.
مايىمخاننى ئۆلتۈردى،
خونى ئۇنىڭ قويامدۇ.

كونا شەھەردە ئاق تىرەك،
يېڭى شەھەردە كوك تىرەك.
مايىمخاننى ئۆلتۈردى
ئاڭا ئوخشاش ئەركىرەك.

گۇلباغ سۇپەت قەشقەردەك،
يېڭى سوقۇلغان شەھەر بارمۇ؟
مايىمخان شېھىت بولدى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟!

بۇ قوشاقتا تەسۋىرلەنگەن مايىمخاننى بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىشىچە، قۇمول دېخانلار قوزغىلىڭى دەۋرىدە پىچاندا ئۆتكەن خەلقنىڭ باتۇر پەرزەنتى دېيىلىدۇ، لېكىن بۇ ھەقتە قولىمىزدا ھازىرغىچە ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق.

**گۈلەمخان قوشاقلىرى** — بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «گۈلەمخان قوشاقلىرى» بۇنىڭدىن يۈز يىلچە ئىلگىرى (1820 - يىلدىن 1825 - يىلغىچە) غۇلجىغا قاراشلىق ئۈيمان بۇلاق يېزىسىدا ئۆتكەن گۈزەل قىز گۈلەمخاننىڭ فېئوداللىق نىكا تۈزۈمى دەستىدىن يولۇققان ئېچىنىشلىق تەقدىرى توغرىسىدىكى ناخشىدۇر. بۇ قوشاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: گۈلەمخان ئۈيمان بۇلاقتا ئولتۇرۇشلۇق بىر كەمبەغەل دېخاننىڭ قىزى بولۇپ، ئۇزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە چېچەنلىكى بىلەن شۇ ئەتراپتا شۆھرەت تاپقان. گۈلەمخان تېخى 15 ياشقا كىرمىگەن چېغىدىلا ئۈيمان بۇلاقتىكى چولاق شاكيۇ ئۇزىنىڭ قېرىلىغى ۋە بىر قانچە خوتۇنى بارلىغىغا قارىماي گۈلەمخاننىڭ پېيىغا چۈشۈپ، زورلۇق بىلەن ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ.

«گۈلەمخان قوشاقلىرى» كىشىلەر تەرىپىدىن گۈلەمخاننىڭ ئەشۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇ فېئوداللىق نىكا تۈزۈمىگە غەزەپ - نەپرەت، زالىملارغا قارشى قىساس كۈيىدۇر. «گۈلەمخان ناخشىسى»دا ئالدى بىلەن گۈلەمخاننىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى بايان قىلىنىدۇ:

گۈلەمخاننىڭ قوش پوپىكى يەرگە تېگەمدۇ،
ئونبەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئەرگە تېگەمدۇ.
كىمنىڭ كىمنى سۆيۈشىنى ھەركىم بىلەمدۇ،
ئۆزى سۆيمەي مەيلى بولماي ئەرگە تېگەمدۇ،

گۈلەمخاننىڭ تۇرغان يېرى ئۈيمان بۇلاقتۇر،
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان شاكيۇ چولاقتۇر.
قويلىرىنى ھەيدىۋەتتى ئۈيمان بۇلاققا،
گۈلەمخاننى تۇتۇپ بەردى شياكيۇ چولاققا.

گۈلەمخاننىڭ قوش پوپىكى يەرگە سورەلدى.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۆلار قانغا ئورۇلدى،

چىقىپ باقسام گۆلەمخان تويۇڭ كېلەدۇ،
ساڭا مىنكىن، ماڭا مىكىن تەقدىر بىلەدۇ.

«گۆلەمخان قوشاقلىرى»دا ۋىجدانسىز قانخور زالىملارغا بولغان خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ؛

ئالتە-يەتتە كەپتەرلىرىڭ قوندى تېرەككە،
تۆگا توندا ئالتۇن تۆگمە پاتتى يۈرەككە.

قاراكۆزگۆل زالىم شاگيۇ ئالدىرما تېخى،
بويۇنۇڭدا بار گۆلەمخاننىڭ قىزىل تىرنىقى.

«گۆلەمخان»نىڭ تەقدىرى — فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدىكى خورلانغان ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرىدۇر. گۆلەمخاننىڭ ياشلىق باھارىغا زامىن بولغان كۆچ يالغۇز بىرلا چولاق شاگيۇ بولماستىن، شاگيۇ ۋەكىللىك قىلغان بىر پۈتۈن فېئوداللىق تۈزۈمدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن «گۆلەمخان قوشاقلىرى»دا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەشۇ فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ، ئەركىنلىك، ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ؛

راھەت كۆرۈش زالىملارنىڭ ھەققى دېمەڭلار
ئەلەم تارتىش كەمبەغەلگە باقى دېمەڭلار.

ئامان بولساق يوقىتىمىز شاگيۇ قېرىنى،
سۆيەدىغان زامان كېلەر ھەركىم يارىنى.

مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش تېمىسىنى ئاساس قىلغان بەلگىلىك تارىخىي ۋەقە شەخس ئاساسىغا قۇرۇلغان تارىخىي قوشاقلار قاتارىدا يەنە «ئانارخان»، «پوچۇنخان» «چىن مودەن»، كېيىنكى چاغلاردا مەيدانغا چىققان «قەمبەرنىسا»، «ئامىنەم»، «رىزۋانگۈل» توغرىسىدىكى قوشاقلارنىمۇ ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن، بۇ قوشاقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇزىكىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-مۇزىكا سەنئەت بايلىقىدا ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق، پەزىلەت توغرىسىدىكى قوشاقلارنىمۇ ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنى ۋە كۈچلۈك خاھىشچانلىقىغا قاراپ، سىياسىي قوشاقلار تەركىبىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ئەمگەكچىلەرگە خاس بولغان ئالىيجاناپ ئەخلاقى — پەزىلەت تەرغىب قىلىنىپ، ئۇنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ زىننىتى

مۇپىتىدە مەدھىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپلارنىڭ چىرىك ئەخلاقى تەنقىت قىلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇ خىل قوشاقلار ئارقىلىق كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ئىجتىمائى، پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە بۇ پىكىرلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە قانداق ياشاش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى مۇشۇ مەزمۇندىكى قوشاقلاردىن بىر قانچە ئۈلگىلەر بېرىلگەن:

قارغا قالى بىلىسە مۇنىڭ ئول بوزى سوقار،
ئاۋچى ياشىپ تۇزاق تابا مەڭگە ياقار. ①

(مەنىسى — قارغا ئاچلىق - تەشنالىق دەردىنى سەزسە، مۇزنى چوقۇيدۇ، يوشۇرۇپ ياتقان ئوۋچىنى كورمەي، ئۇنىڭ تۇزىقىدىكى دانغا يېقىنلىشىدۇ)

ئەمگەكسىزىن تۇرغۇ يوق مۇنداتامو،
ئەزگۈلۈكۈگ كورمەزىپ ئاژون چىقار ②

(مەنىسى — بۇ جاھاندا ياشاپ بولماس چەكمەي جاپا،
ھالاۋەتنى كورمەي تۇرۇپ دۇنيا تۈگەر)
ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان مۇنداق قوشاقلار بار:

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز،
مەگەرچە ئاسمان بولساڭ.
ئوزەڭنى بارچىدىن كام تۇت،
سۇلايمان پادىشا بولساڭ.

بۇ قوشاقتا كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشتەك ئالىي جاناپ ئىجتىمائى مەزمۇن تەرغىپ قىلىنغان.

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

بۇ قوشاق ئوتمۇشنى ئۇنۇتماسلىق لازىملىقىنى، پەقەت ئوتمۇشنى ئۇنۇتمىغاندىلا، بۈگۈننىڭ قەدرى - قىممىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، قىسقىسى ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ

① ② — «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - جىلد 555-548 بەتلەر.

بىردىن ـ بىر ئۇلچىمى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مەزمۇن كۆيلەنگەن؛

سىز خەنىم يامانلىماڭ،
ياخشى ـ يامانىنى كىم بىلۇر،
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
سايىنى تېرىسا گۈل ئۈنۈر.
× ×
يۇرگۈنۈڭ يۇرگەنچە بولسا،
يۇرگۈنۈڭدىن غەم يىمە.
دوستلۇغۇڭ كوڭلۇڭدە بولسا،
دۇشمىنىڭدىن غەم يىمە.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە پەندە ـ نەسىھەت خاراكتېرلىق مۇشۇ خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار ناھايىتى كوپ ئۇچرايدۇ.

## § 4 ـ تۇرمۇش قوشاقلىرى

خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مول مەزمۇنلۇق رىيال تۇرمۇشى ئىنكاس قىلىنغان قوشاقلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇش قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى ئەلۋەتتە رىيال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. خەلق تۇرمۇشى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ئەدەبىيات بولمىغىنىدەك، رىيال تۇرمۇشنى مەنبە قىلمىغان قوشاقلارمۇ بولمايدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەمگەك قوشاقلىرى، سىياسىي قوشاقلار، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئورپ ـ ئادەت قوشاقلىرى، بالىلار قوشاقلىرى، قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇش قوشاقلىرى قاتارىغا كىرىدىمۇ، لېكىن تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى، ئۇسۇلى، ئوبيېكتى، رولى جەھەتلەردىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان تۇرمۇش قوشاقلىرى تار مەنىدە پەقەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىدىكى ئىشلارنى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى ئىنكاس قىلغان قوشاقلاردىن ئىبارەت. تۇرمۇش قوشاقلىرى رىيال تۇرمۇش بىلەن بىۋاستە باغلانغاچقا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ۋە سىياسىيلىكى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ جەھەتلەردىن ئۇ سىياسىي قوشاقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئوتمۇش دەۋلەردە يارىتىلغان تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ كوپچىلىكىدە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان يوقسۇللارنىڭ دەرت ـ ئەلىمى، غېرىپ ـ مۇساپىرلارنىڭ دات-پەرياتلىرى يېتىملارنىڭ كوز ياشلىرى، ئائىلە قىيىنچىلىقىدىن كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن

ھەر خىل بەختسىزلىكلەر .... تەسۋىرلىنىدۇ.

مەسىلەن؛ «يېتىملار قوشىقى» نى ئالايلى؛

ئانا دېسەم،
ئاقتى يېشىم.
دادا دېسەم،
قايدى بېشىم.
مەن بىر يېتىم،
دەردىم تولا.
ئاڭلا جاھان،
ئەرزىم تولا.
كۈن - تۈن ئىشلەپ،
ئالسام خامان.
چەكتىم ھەسرەت،
قالماي سامان،
بايلار يامان،
خۇددى چايان.
ئوڭدا يېتىپ،
تاپتى ھايات.

رەڭگىم سامان،
دىلىم سۇنۇق.
بۇ دۇنيادىن،
كورمەي خورلۇق.
ئانا دېگەن،
گۈلباغ ئىكەن.
دادا دېگەن،
بىر تاغ ئىكەن.
چالسام راۋاپ،
باغرىم كاۋاپ.
نەگە بارسام،
بولدۇم خاراپ،
مەن بىر يېتىم.
قولۇم قىسقا.
يېتىمغا يول،
يوق نىمىشقا؟

مانا بۇ قوشاقتا، پومېشچىكلارنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ، بايلارغا باغلىنىپ غورىبەتچىلىكتە ھايات كەچۈرۈۋاتقان يېتىم بالىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى جانلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇتمۇش كونا جەمئىيەتتە ھەقىقەتەن يېتىم بالىلار باش پاناسىز قالغاچقا، ھامان ھايات يولىدىن مەھرۇم ئىدى.

خۇددى

ئاتالىقلار - ئانالىقلار،
دەستە - دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار،
كويۇپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

دېگەندەك ئەھۋالدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يېتىمچىلىكنىڭ دەرت ئازاۋى ئۇتمۇشتىكى تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولدى.

يېتىمچىلار ۋە كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى تۇرمۇشتا ئامالسىزلىقتىن سەرگەردان بولۇپ، باشقا يۇرتلارغا بېرىپ مەدىكارچىلىق قىلىشقا ۋە خاڭلاردا ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

ليكىن شۇنچە ئېغىر ئەمگەك قىلسىمۇ، ئۇزىنىڭ يالغۇز جېنىنى باقالمايتتى، ھەتتا ئىشلىگەن-سېرى قەرزگە بوغۇلۇپ، ئەركىنلىكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولاتتى. «مەدىكارلار قوشىقى»دا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى؛

ئىلى يولى خالق يولى،
رومالىدا ئاي كۆلى.
ئىلىدا تاپقان پۇللار،
قىمارۋازنىڭ چاي پۇلى.

كەمبىغەل، يېتىمچىلار،
تەگدىن تولىسى خاڭدا.
يۇرتىغا كىتەي دىسە،
بىردىن چاپىنى داڭدا.

بۇ ئۇتمۇشتىكى خالق ئىشچىلىرى تۇرمۇشىنىڭ ئەينەن كورىنىشى ئىدى. زالىم خالق ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقچىلىرى ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئىش-ھەققىنى كېمەيتىش، تاماقنىڭ باھاسىنى ئوستۇرۇش، ئوسۇمگە قەرز تارقىتىش قاتارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىشتىن تاشقىرى، ئىشچىلار ئىچىدىكى نادانلىق ۋە ئەكسىيەتچى ئىجتىمائى تۈزۈم پەيدا قىلغان بەزى ناچار ئىللەتلەردىنمۇ پايدىلىناتتى. ئۇنىڭ كەۋدىلىك بىر شەكلى خالق ئىگىلىرى تاۋكا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشچىلار ئىچىدە قىمار تەشكىللەپ، ئىشچىلارنى قەرزگە بوغاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتى. «مەدىكارلار قوشىقى» ئەنە شۇ ئازاپلىق كۈنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق خاتىرىسىدۇر. غېرىپ-مۇساپىرلىق مەزمۇن قىلىنغان تۇرمۇش قوشاقلىرىدا يەنە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان سەرگەردانلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەپسىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئۇتمۇشنىڭ سەپەر خاتىرىسى دىيىش مۇمكىن؛

قەشقەردىن چىقتى دەرتمەن ئوغۇللار،
دەرتكە پايلىماي غېرىپ بولغانلار.
. . . . . . . . . . . . . .
ئۇ يەردىن ئۇتسەڭ كىلسەن داشقا،
چوماق بىلەن ئۇردۇ باشقا.
ئۇ يەردىن ئۇتسەڭ توگگان مازار،
پۇلۇڭ بولسا ئالدىڭدا بازار،

پۇلۇڭ بولمسا چكسەن ئازار.

. . . . . . . . . . . . .

ئۇ يەردن ئۇتسەڭ قارا قلچڭ،
خەژلەي دسەڭ پۇل چڭ.
ئۇ يەردن ئۇتسەڭ چۇشۇرگە،
پۇل يوقلغدن بولسەن سوپۇرگە.
ئۇ يەردن ئۇتسەڭ تالا شۇ،
بېشڭغا كەلگەن بالا شۇ.
ئۇ يەردن ئۇتسەڭ ئاسۇق،
يۇرت بېشننڭ جممسى پاسۇق.
مانا كەلدۇق جامغا
ساقال تاغاق بلەن ناسۋال قاپاقنى،
تكشتۇق بر توغرام نانغا.

. . . . . . . . . . . . .

ئۇ يەردن ئوتتۇق موز داۋان،
جاپاسى ئۇزنڭ يۇز داۋان.
دوزاققا ئاپردۇ مۇشۇ يول،
ئاغنلەر جنڭغا ھزى بول.

. . . . . . . . . . . . .

ئۇ يەردن ئوتتۇق تامغا تاش،
ئلغوغا يېقن كەلدۇق جان ئاداش.
مانا كەلدۇق ئلغو دگەن شەگە،
ئالتە شەگە داڭ كەتكەن يەرگە.
ئلغومۇ پەرشان يۇرت ئكەن،
نەگە بارساڭ قازاننڭ قۇلغى تورت ئكەن.
برمز دودشاگدا، برمز خاگدا،
كتەي دسەڭ چاپننڭ داگدا.

. . . × . . . × . . × . . .

ئش بولسا چاكار بز،
بولمسا باكاربز،
كوڭلمزگە ئازار بەرمەڭ.
مۇساپرغا قاتار بز.
يېتشمز دەڭ،

چېكىشمىز بەلكى،
ئاتا - ئانىمىز سوراپ قالسا،
تارتقان جەۋرىمىزنىڭ جىمىسىنى دەڭ.

. . . . . . . . . . . . .

غېرىپ - مۇساپىرلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئىجتىمائىي، سىنىپىي زۇلۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇلار مۇساپىرچىلىقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى بېشىدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن ھەممىلا جايدا „قازاننىڭ قۇلىقى تۆرت“ ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ ياقا يۇرتلاردىكى مۇساپىرچىلىق ئۇلارنىڭ يۈرەك باغرىنى تېخىمۇ ئېزىدۇ. نەتىجىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇڭ - زارىنى مۇنداق قوشاقلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ؛

كەچ بولسا تاڭاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم
لاچىن سوققان توشقاندەك.
لاچىن سوققان توشقاننىڭ
جاڭگالدا ئۇۋىسى بار.
مەن غېرىپ - مۇساپىرنىڭ
بۇ يۇرتتا نىمەسى بار.
ئۇششاق باللا ئوينايدۇ
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىر باللا يىغلايدۇ
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

غېرىپ - مۇساپىرلىق ھەققىدىكى تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇققانلاردىن ئايرىلىش پىراقى توغرىسىدىكى قوشاقلار تەشكىل قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئاتا - ئانىغا بولغان ھۆرمەت - ئەقىدە، سېغىنىش مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلار ناھايىتى كۆپ. بۇ، فېئوداللىزم جەمئىيىتىدىكى ئائىلە مۇناسىۋىتى ئۈچۈن خاراكتېرلىك تېما ھېساپلىنىدۇ، ئائىلە مۇناسىۋىتى پەقەت ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ۋە ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى بىرلىك مۇناسىۋىتىدۇر. بۇنداق بىرلىكنىڭ تارقاق فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا رولى چوڭ بولۇپ، ئاتا-ئانا ئەشۇ بىرلىكنى تەشكىللىگۈچى مۇھىم تايانچ بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تايانچىدىن ئايرىلىشى چوڭ قايغۇ ۋە ئەمتىرەشكە سەۋەپ بولاتتى. بۇنى تۆۋەندىكى قوشاقلاردىن

كورىۋېلىش مۇمكىن:

ياشلىرىم تارام - تارام
دولىتىم ئاتا - ئانام
ياردىگەن كوڭۈل خوشى
تېپىلماس ئاتا - ئانام

ئاتام بولسا كورسەممەن،
ئانام بولسا كورسەم مەن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ
ئاياغىدا ئولسەم مەن.

قارىغاي ئوسىدۇ تاغدا
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز يېتىم بولۇپ قالدۇق
ئاتا - ئانىلار قايدا.

ئومۇمەن تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ ۋە خىلمۇ - خىل بولىدۇ. كىشىلىك تۇر-مۇشتا دۇچ كېلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى خەلق قوشاقلىرىغا خاس ئالاھىدىلىك بىلەن ئەكس ئېتىلىدۇ. يەنە بەزى تۇرمۇش قوشاقلىرى تۇرمۇشتىكى ناچار ئىللەتلەرنى يۇ-مۇرىستىك ۋاستىلار ياردىمىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئىبرەتلىك مەزمۇن بېغىشلايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيەگە ئىگە قىلىدۇ.

## § 5 - لىرىك قوشاقلار ( مۇھەببەت قوشاقلىرى)

خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىگەن، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى باي ۋە چوڭقۇر روھى كەچۈرمىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن، يەككە ھالدا ۋە كوللېكتىپ بولۇپ، مەلۇم كۈي بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان قوشاقلار لىرىك قوشاق دېيىلىدۇ. تېماتىك جەھەتتىن رەڭمۇ - رەڭ بولغان لىرىك قوشاقلاردا ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكتىكى مۇئەييەن ھا-دىسىلەر ئىنسان قەلبىدە تۇغدۇرغان ھىس - تۇيغۇ سۆيپەتىدە نامايەن بولىدۇ.

لىرىك قوشاقلارنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى ئىشقى - مۇھەببەت تېمىسىدىكى قوشاقلار تەشكىل قىلىدۇ. ئىشقى- مۇھەببەت قوشاقلىرى مەزمۇندارلىقى، مۇڭلۇقلىقى ۋە دىلغا يېقىملىقى بىلەن ئالاھىدە ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا ھەقىقى سويگۈنى ئۇلۇغلاش، مە-نىۋى ۋە ئەخلاقى ساپلىق، ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ قىممىتى تەبىئى ۋە سەممىي تەسۋىرلەنگەن.

مەلۇمكى ئىشقى-مۇھەببەت تېمىسى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھەرگىزمۇ زورلاپ تېڭىلغان نەرسە ئەمەس. ئۇ رېئال ھاياتنىڭ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىۋى، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيىتى، شۇنىڭ ئۈچۈن رېئال تۇرمۇشنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بەدىئىي ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ بۇ مۇھىم ساھەسىدىن ھەرگىزمۇ چەتنەپ كېتەلمەيدۇ.

مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسى كىشىلىك تۇرمۇش تەرەققىيات جەريانىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق ھادىسە. لېكىن مۇھەببەت ۋە ئائىلىگە نىسبەتەن ھەر بىر تارىخىي دەۋرنىڭ، ھەر بىر سىنىپنىڭ كۆز قارىشى، مۇناسىۋىتى، مەزانى ئوخشاش بولمايدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەر بىر سىنىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئورنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيە-ئەخلاقىنى ۋە مۇھەببەت كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈردۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە مەسىلىسى ھەققىدىكى قوشاقلىرىغا خاس خۇسۇسىيەت شۇكى، ئۇلاردا ئەمگەكچى خەلققە خاس سەممىيلىك، پاكلىق، ۋاپادارلىق، كەمتەرلىك، ئەركىنلىك روشەن ئەكس ئېتىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە ھەققىدىكى ئىلغار كۆز قاراشلىرى، ئالىجاناپ ئەخلاق-پەزىلىتى ئىپادىلىنىدۇ، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ساختا مۇھەببەت ۋە ئائىلە قاراشلىرى، چىرىك ئىدىيە-ئەخلاقى تەنقىتلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەر ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

بىرىنچى: ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا بىر ئەرگە بىر ئايال بولۇش، ھەمدە ئۇلار بىر-بىرىگە سەممىي، ۋاپادار بولۇش توغرىسىدىكى ئىلغار كۆز قاراش ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ يار ئۈستىگە يار تۇتۇش، «بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى يوللۇق» دېگەن پەسكەش مۇھەببەت، ئائىلە كۆز قارىشى ۋە فېئوداللىق نىكا تۈزۈمى تەنقىتلىنىدۇ.

مەسىلەن:

قاراقاشىم بار مېنىڭ،
كويدۇرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئادىشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ
ئالما ئۈزۈپ يەرمۇ كىشى.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ
باشقىنى يار دەرمۇ كىشى.

ناخشا ئېيتمەن باشتىن
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن
شۇ بەش كۈنلۈك ئۆمرۈمنى
ئۆتكۈزەي سېنىڭ بىلەن

مانا بۇ لىرىك قوشاقلاردا ئۆمۈر بويى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرلا يار بىلەن ئۆتۈش، باشقىسىغا كۆز - قىرىنى سالماسلىقتەك ئالىجاناپ پەزىلەت ۋە كۆز قاراش ئالغا سۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە «كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش» تەك فېئودال - بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەيشى - ئىشرەت سۈرۈش ئىدىيىسىگە قىلىنغان ئۆتكۈر تەنقىت ھېساپلىنىدۇ.

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ
قاتى - قاتى بولمىسا.
ياردىگەنگە يار بولامدۇ
ئېتىقادى بولمىسا.

مانا بۇ قوشاقتا ساداقەت، ۋاپادارلىق مۇھەببەتنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى قىلىنغان، بۇنىڭدا «توقلۇقتىن تۇغۇلغان شوقلۇق» نىڭ، پەسكەش ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ پۇرىقىمۇ يوق.

ئىككىنچى: بەزى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ساپ، ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ بىردەملىك ھېسسىيات ئاساسىغا ئەمەس، ئەتراپلىق كۆزۈتۈش ۋە چوڭقۇر سىناق ئاساسىغا قۇرۇلۇشىنىڭ لازىملىقى توغرىسىدىكى ئىلغار كۆز قاراش ئالغا سۈرۈلگەن، بىردەملىك ھېسسىيات ئاساسىغا قۇرۇلغان مۇھەببەتنىڭ سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك تېزلا بەربات بولۇپ، ھەقىقى قەدرى - قىممەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. غايە، ئېتىقات، سەممىيەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغان مۇھەببەتتىن كېلىپ چىققان پۇشايمان، ئاغرىنىش ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، بۇ جەھەتتىكى بىر قاتار ئىبرەت - ساۋاقلار بەدىئى يوسۇندا يەكۈنلەنگەن:

مەسىلەن:

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا،
شەبنەم چۈشتى نىمىشقا.
قەدىر بىلمەس نادانغا،
كوڭلۈم چۈشتى نىمىشقا.

بىۋاپا بۇگۈن بارۇر،
تاڭلا ئۈنۈتقاي يارىنى.

ئادىمى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
بىرلا سۆيگەن يارىنى.

دېيىشكىنىز قوي تېرىسى،
مەيدىڭىزگە ياقسىز.
دېتىڭىزنىڭ يوقلىقىدىن
ھەممە خەققە باقسىز.

ئەلكىدە قوغۇن تېرىپ،
قاپاق باراڭلىق قىلدىلا.
يار ئۇستىگە يار تۇتۇپ،
ئەجەپ ساراڭلىق قىلدىلا.

ئاق ساراي بولغان بىلەن،
زەدىۋالى يوق ئىكەن.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

ئۈچىنچى: كونا مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمىدا مۇھەببەت ئوبيېكتى تاللاشتا، نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكىگىلا بېرىلىپ كەتمەي، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىگە ئېتىۋار بېرىشىنىڭ مۇھىملىقى ئىپادىلەنگەن، ئىچكى گۈزەللىك بىلەن تاشقى گۈزەللىكنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىملىقى تەكىتلەنگەن ۋە بۇ جەھەتتىكى ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلار خۇلاسىلانغان؛

ئاستىمدا ئات بولمىسا
باغراش دېگەن قانچە يىراق.
ئەقلى - ھوشى بولمىسا
ئايدەك جۇگان ئىتقا يالاق،

دۈزلىقىمۇ - دۈزلىقى.
شۇ خېنىمنىڭ دۈزلىقى.
چىرايىنى پەش قىلىپتۇ
قىلىقىنىڭ مۈزلىقى.

ئۆز چىرايى بولمىسۇن،
خۇشچىراي بولسۇن كىشى.
قىلىغىدىن ياشىرىپ،
جان پىدا بولسۇن كىشى.

تۆرتىنچى: يەنە بەزى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا پۇل ۋە مال - مۈلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەتنىڭ ھەقىقى مۇھەببەت ھىسابلانمايدىغانلىقى، ئۇنداق مۇھەببەت ئا- خىرقى ھىساپتا ھامان ئېغىر ئاقىۋەتكە ھامىلدار ئىكەنلىكى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىل- گەن:

مەسىلەن:

مەن يېتىمغا كىم قويۇپتۇ،
سودىگەر يار تۇتقىلى.
سودىگەر سودىغا كەتسە،
ئولتۇرۇپ قان يۇتقىلى.

يېنىمدا پۇل ئۈزۈلگەندە،
ياراتنىڭ ئايىمى كەلدى.
يار قاچتى بۇ باشىمغا.
جۇدالىق ۋايىمى كەلدى.

ئات باغلىدىم بىدىگە،
بىدىدىن ھەم نېرىگە.
ئاتام مىنى سېتىپتۇ،
ئوزىدىنمۇ قېرىگە.

نامانگەننىڭ كوچىسى،
تاردەپ يىغلايمەن.
ئوز بېشىمغا مۇناسىپ،
ياردەپ يىغلايمەن.

بەشىنچى: ئۇرغۇنلىغان مۇھەببەت قوشاقلىرىدا چىن مۇھەببەت يولىدا سادىق بولۇش ئىدىيىسى ئالغا سۇرۇلگەن، مۇھەببەتداشلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان سەمىمى ئەقىدىسى ۋە كويۇمچانلىقى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن.

مەسىلەن:

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
تۇرپان يولىغا قاراپ.
كوزۇمنىڭ گوۋھىرى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

بېغىڭدىكى ئالمىڭنى،
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
سىنىڭدەك گۈزەل ياردىن،
ئولسەم ئۇمۇت ئۈزمەيمەن.

كورۇكنىڭ تىگى تاختا،
سۇلار ئاقىدۇ لاختا.
سەندىن باشقىنى دىسەم،
قان قۇساي ئولەر ۋاقتا.

ئالتىنچى: كونا مۇھەببەت قوشاقلىرى ئىچىدە جۇدالىق دەردى، جۇدالىقتىكى سېغىنىش ۋە جۇدالىق ئازاۋىغا بەرداشلىق بىرىپ، ئوز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇشتەك يۈكسەك ئىرادىنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلارمۇ خېلى كوپ. مەلۇمكى، جۇدالىقمۇ مۇھەببەتنى سىنايدىغان بىرخىل سىناق. ھەقىقى چىن مۇھەببەت ئىگىلىرىلا ئۇنىڭ ئازاۋىغا بەرداشلىق بىرىپ، ئوز سويۇملۇكىگە بولغان ئەقىدىسىنى مەڭگۇ ساقلىيالايدۇ. نۇرغۇن قوشاقلاردىكى جۇدالىق ئازاۋىدىن زارلىنىش ۋە سېغىنىش ھىسسىياتلىرى بىر - بىرىگە بولغان ئەقىدىسىنى، ئوز ئارا كويۇمچانلىقىنى ئىپادىلەش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە ھەر جەھەتتىن توسالغۇ تۇغدۇرۇپ ھىجرانلىق پەيدا قىلغان ئادالەتسىز كونا ئىجتىمائى تۈزۈم ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتتۇر.

مەسىلەن:

ئالمىنى ئايرىدىلا،
شاپتۇلىنى قايرىدىلا.
ئەپلىشىپ قالغان كوڭۇلنى،
زۇلۇم بىلەن ئايرىدىلا.

قارا - قارا قاغىلارنىڭ قانىتى بولسام.
ئىگىز - ئىگىز چىنارلارنىڭ شېخىغا قونسام،
جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ شاگىرتى بولسام،
ئاشىقلارغا قەست قىلغاننىڭ جېنىنى ئالسام.

كونا جەمىيەتتىكى نىكا قانۇنى فېوداللىق تۈزۈمنىڭ ئائىلە مەسىلىسىدىكى ئىندىكاسى بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى خارلاشنىڭ، ئاياللار ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشنىڭ دەستۇرى بولغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بىر - بىرىنى ياخشى كورۇشكەن يىگىت - قىزلار ئۇزلىرىنىڭ مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، دائىم مۇھەببەت پاجىئەسىگە يولۇقاتتى، بۇنداق ئوبىكتىپ رىياللىق تەسۋىرلەنگەن كونا مۇھەببەت قوشاقلىرىدا بىر تەرەپتىن، ئۇزلىرىنىڭ ئەشۇ چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى نارازىلىقىنى بايان قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى ئىجتىمائىي ئازاتلىق بىلەن باغلاپ، بەختلىك كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىدى؛

مەسىلەن:

ئاسماننى بۇلۇت باستى،
كورۇنمەيدۇ يۇلتۇز ئاي.
قىزىلگۇلدەك يارىمدىن،
ئايرىۋەتتى قازى، باي.

ھاۋادا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر يېغىپ ئوتكەن يوق.
ئىككى ئاشنا بىر بولۇپ،
مىرادىغا يەتكەن يوق.

چولپان چىقىپ ئاي نىمىشقا پاتمايدۇ،
ھوكەر چىقىپ تاڭ نىمىشقا ئاتمايدۇ.
قىزىلگۇلۇم بەختىم شۇنداق قارىكەن،
بىلسەڭ يېشىم ھەرگىز بىكار ئاقمايدۇ.

كوك ئاسماندا ئاي ياتۇر،
مىرزا گۇلۇم تاڭ ئاتۇر.
تاڭ ئاتقاندا ئامرىغىم،
بىزنى جەم قىلىپ قاتۇر.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ
مەيلىم ئوزەمنىڭ.
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن
يارىم ئوزەمنىڭ.

گۇلنى قاتار ئۇينايلى،
ھېچكىم چەتتە قالمىسۇن.
كىمنىڭ مەيلى كىمدىدۇر،
قويۇپ بىرىڭ ئۇينىسۇن.

بۇ مەزمۇندىكى قوشاقلاردا يۇقۇرقىدەك، بىر تەرەپتىن سۆيگەن يارىدىن ئايرىلىشقا سەۋەپچى بولغان مەۋجۇت ئىجتىمائى تۈزۈمگە نەپرەت بىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق روھى نامايەن قىلىنسا، تۆۋەندىكى قوشاقلاردا، يارنىڭ ۋاپاسىزلىغىدىن نەپرەتلىنىدۇ، ئالدىنىپ قالغانلىغىغا ئۆكۈنىدۇ:

چىراقنى چىراق دەڭلا،
كويگەننى پىراق دەڭلا،
ۋاپا قىلمىغان يارنى.
كوڭۈلدىن يىراق دەڭلار.

ھويلىڭىزدا بوكسىدە،
ئاتقا سالىمەن بىدە.
بىۋاپا يار دەردىدە،
يۈرىگىم بولدى زىدە.

مەن ئۆزۈم ئۇستا بولۇپ،
سالدىم ياغاچقا رەندىنى.
كىمگە ئېيتىپ تۆكەي،
بىۋاپانىڭ دەردىنى.

مۇھەببەت بابىدىكى بۇخىل پۇشايمان، ئاغرىنىش كۈيلىرىدىمۇ خىلى مۇھىم ئىبرەتلىك ساۋاقلار، ئالىجاناپ ئىدىيىلەر ئىزھار قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئويىكتىپ ھادىسىدىن ئىبارەت. لېكىن ئەمگەكچى خەلق ھەقىقى مۇھەببەتنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى

تىل بىلەن تۆككەن تۆكۈشنى،
قول بىلەن بولماس يىشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كوڭۈلنى
گاڭ بىلەن بولماس كىسىپ.

دەپ بىلگەچكە، بۇ ئەقىدىسىگە باشتىن - ئاخىرئەمەل قىلدى ۋە بۇ روھنى ئۆز قوشاقلىرىدا ئىپادىلىدى ۋە مەدھىلىدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇجۇل (يىگەن) گۈلىدەك بىردەمدىلا تۈزۈپ كېتىدىغان مۇھەببەتتىن نەپرەتلەندى ۋە ئۇنى تەنقىت قىلدى.

شۇنىسى ئېنىقكى مۇھەببەت، ئائىلە سىنىپى جەمىيەتتە كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. بىزيۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى سەمىمى ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق، پاكلىق، ئادىللىق قاتارلىق ئىنسانى ھىس - تۇيغۇلار بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا، ئەكسىچە ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپلارنىڭ مۇھەببەت كوزقارىشى ئىپادىلەنگەن قوشاقلاردا، مۇھەببەتنى تاۋار ئورنىدا پۇلغا ئالماشتۇرۇش، ئەيشى - ئىشرەت، كەيىپ - ساپا ئۈچۈن دەسمى قىلىشتەك پاسسىپ مەزمۇنلار ئالغا سۈرۈلگەن:

ھاۋادا لاچىن ئوينايدۇ  
قىمارنى داچەن ئوينايدۇ.  
چەندازاڭ ئېغىر بولسا  
يىنىڭدا چوكان ئوينايدۇ،  
تاقلاپ چۈشتۈم باغچاڭغا  
ناسىۋال ئالدىم چاخچامغا.  
خۇلقى لىۋەن سەتەڭنى  
ئالداپ ئالدىم ئاخچامغا،

ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپلارنىڭ مۇھەببەت كۈيى بولغان بۇ قوشاقلار ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسنى، شەھۋانە كوزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كونا مۇھەببەت قوشاقلىرى مۇھەببەت ئەركىنلىگىنى قىلچە ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كورمەيدىغان مۇستەبىت فېئودالىزىم دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ناخشىلىرىدا ئەركىنلىكنى كۈيلەپ، زۇلمەتلىك فېئودالىزىم تۈزۈمىگە بولغان نارازىلىقىنى بايان قىلىدۇ، مۇھەببەت قوشاقلىرىغا تارىخى نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىسيانكارلىق روھىغا ئىگە بىرخىل كۈرەش ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى كورگىلى بولىدۇ.

## § 6 - تەرمىلەر

تەرمە— خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇستەقىل ژانىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يارىتىلىشىدا خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ — مەدداھلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ.

كوپچىلىك ھاللاردا ئۇلار داستانچىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئىجادى ھىساپلىنىدۇ. پەندە - نەسىھەت، ئەدەپ - ئەخلاق، ساز ۋە سوز ھەققىدە يارىتىلغان، ئىجتىمائى ھايات -

تىكى تۇرلۇك ھادىسىلەر، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تەرىپى ياكى تەنقىدىگە بېغىشلانغان خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن كۆيلىنىدىغان 12-10 مىرا (سەتىر) دىن ھەتتا 150-200 بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مىسرالارغىچە بولغان لىرىك، لىرو ـ ئېپىك شېئىرلارغا تەرمە دېيىلىدۇ. تەرمە سوزىنىڭ مەنىسى «تېرىپ»، «تاللاپ تۈزۈش» دىمەكتۇر. يەنى ئەسلى مۇستەقىللىقا ئىگە بولغان شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۇرگىنالىقا ئىگە، كومپازىتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان خەلق شېئىرلىرىدۇر.

تەرمىلەر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاساسى، تەرمىلەر تەرەققى قىلىپ بېيىتىلىپ، ئاخىرى خەلق داستانلىرىغا ئايلىنىدۇ. لېكىن خەلق ئارىسىدىكى كۆپلىگەن تەرمە شېئىرلار ھەجۋى خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرگە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭدا خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدىكىدەك تىلسىز ۋە جانسىز نەرسىلەرنى سوزلۈتۈپ، كىشىلەرگە شېئىرى زوق بېغىشلايدۇ. بۇنداق تەرمىلەر مەدداھلار تەرىپىدىن ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن دىرامما شەكلىدە ئىجرا ئېتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «توگە بىلەن ئاتنىڭ ئەيتىشىشى» ناملىق تەرمىنى كورۇپ ئوتەيلى:

بىر كۈنى ھەزرىتى سۇلايمانى،
ئەمرىدە يىغىلدى جۇملە ھايۋانى.
جۇملە ھايۋان بىرياۋانغا چىقىپ،
ھومۇيۇشتى بىر ـ بىرىگە بېقىپ؛
ئات بىلەن توگە ماجىرا تۈزدى
توگىنىڭ قۇيرىغىنى ئات ئۈزدى.
تىرىكىپ قوپتى توگە ئورنىدىن،
تۇتۇۋالدى ئاتنىڭ بويىنىدىن،
توگە ئەيدى: چوك تۇرسام سەندىن،
يوقۇرى ئولتۇرمىغىڭ نى ھەد مەندىن،
ئىگىرىك يۇدۇپ يۇرسەن ئىگەچىمدىك؟
چاتىرىقىڭ قاراتۇرىدۇ كومۇرچىمدىك؟
سورىتىڭدۇركى يەگلىغ ئىشەك
يەمەس خالايىق كوشوگىدا شەك،
سېنى مىنىدۇ قويچى، ئەلگەكچى،
ماگمىساك ئۇرىدۇ ساغراڭغا ئۇن قامچى،
كاۋلىنىڭدىن ئاسان قىرىپ قالسەن
چوشكىچە مىنسە ھېرىپ قالسەن،

مېنى سورساڭ، بولۇرمەن جاھان شاھى
خوشخۇيلوق، چىرايلىقنىڭ ماھى،
نۇر ئۇلەشتۇرگەندە مەن تولا ئالغان،
باشقىغا تەگمەي ھالڭ بىقىپ قالغان،
قىز - چوكانلار ماڭا نازارە قىلۇر،
يىغلاپ يۈرىكىنى سەدپارە قىلۇر.
مەست بولسام بەللىرىمنى مۆكچەيتىپ،
غەزەل ئوقۇيمەن كوزلىرىمنى چەكچەيتىپ،
ئەجەپ چىرايلىقتۇر مىڭىش - تۇرۇشۇم
خويمۇ يىقىملىق يېتىپ - قوپۇشۇم،
ئاتدىدى: ئەي توگە دېگەن كۆس ماڭلاي،
ئەيتقىل سوزۇڭ يانابولسا مەن ئاڭلاي،
تەگرى دۈشمەندۇر لاپ ئۇرغاق،
سېنىڭ يېيىشىڭ قامغاق بىلەن يانتاق،
سەندە بوي بولغان بىلەن ئېقىل - ھوش يوق،
قوسىغىڭدا باردۇر ئون زەمبىل پوق،
چومكەپتۇ خۇدا سىنى تۇككە
زارلىنۇرسەن ئۇستۇڭدىكى يۈككە،
خۇدا سېنى چىرايلىق ياراتقان ئەمەس،
ۋەزىر - پادىشالارغا تاراتقان ئەمەس،
سېنى يىتىلەيدۇ چۈروق بىغىدا،
ۋاقىرايسەن - جاقىرايسەن ئورار چېغىدا.
كاۋلىغىڭدىن سيەرسەن ئارقاڭغا،
مىراس قالدى بۇ بالا - ۋاقاڭغا.
چارۋىدارلار سىنى ئوتانغا سالار
ماڭمىساڭ پالتۇ بىلەن يوتاڭغا سالار،
يۈرۈشۈڭ ساي ۋە قاتتىق شو①
ئىچىشىڭ سېنىڭ ئاچچىق سۇ.
سېنى ياتقۇزىدۇ كىشلەر تىزلاپ،
قوپار ۋاقتىدا توۋلايسەن ئازناپ.
كالپۇكۇڭ چىقىدۇ ئۈچ چارەك

---

① شو — شورلۇق يەر مەنىسىدە،

قۇيرىقىڭ سوكال بىرسۇيام چارەك.
تولا گەپ قىلما ئەي سوكال قويرۇق
ئىككى پۇتۇڭغا كېيىۋاپسەن كەپش - چورۇق.
ئۇسسىغاندا قېتىپ قالۇر مايىڭ
ھەركۈنى باردۇر يەيدىغان تايىقىڭ،
مەن بولۇرمەن ھەزرىتى ئىلىگە دۇلدۇل
ئاۋازىمنى ئاڭلىساڭ ـ بۇلبۇل.
ھورمەت قىلار مىنى تالادا.
سېنى كىمنۇ ئالار بازاردا.
نەسلىڭگە بېقىپ ماڭا سوز تاشلا،
كىپىم تۇگىدى بېشىڭنى قاشلا.

بۇ تەرمە مەلۇم مەنىدە خەلق مەسەللىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇ خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلار تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ جامائەت سورۇنلىرىدا ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

توۋەندىكى ھەركەتلىك سۆز ئويۇنىدا بولسا ئاچكوز سوپى موللىلار ھەجۋى قىلىنىدۇ؟

سوپىلار بىرلىشىپ مەلۇم بىركىشىنىڭ ئويىدە زىكرى باشلايدۇ.

— ئەي سوپىلار، ئوي ئىگىسى نىمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ئوشكە ئولتۇرۇپ ئوماچ چېلىۋاتىدۇ.

— ئوشكىنىڭ گوشى غىچقىنە يەل،

—يەل تۇرۇپ قالسا ئاغرىمامدۇ بەل ...

(ھەممىگە يالغاندىن يەل تۇرۇپ قېلىپ زىكرى ئورنىغا ئاھ ـ ئاھ دەپ ئىنىجىقلىشىدۇ)

—ئەي سوپىلار ئوي ئىگىسى ئەمدىلىكتە نىمە قىلىۋاتىدۇ؟

—قارائىرىك ئولتۇرۇپ پولوقىلىۋاتىدۇ.

—سەمىزمىكىن ياكى ئورۇقمۇ؟

— بوداق ئىكەن ئولتۇرگەن قويى،

غىچقىنە ماي باش ـ ئاياق بويى،

(زىكرى سېلىش تازائەۋجىگە كوتىرىلىدۇ، ھەممىسى سەكرىشىپ تېرىسىگە سىغما- غان ھالدا)

— غىچقىنە ياغ، ھوپ بەللى،

ھو، ھوئاللا، مەمتاسىللا، مىجىگەن تىللا، غىچقىنە ماي... ھوپ بەللى ،قارائىرىك، مەم- تاسىل، مىجىمگەن تىل، تىزئەكىر، ھوپ بەللى، ھوپ بەللى، ھوپ......

(2) نەپسانىيەتچى قارىلارنى سوكۇش

(پولودىن كېيىن دۇئا باشلىنىدۇ)

سەبزە ساماۋاتىل، پۇتىبەقا،
قازانۇ، چومۇچۇ، تۇۋاقا،
ئوزۇمۇ، چىگدىيۇ، ياڭاقا،
قوناق نانۇ، قايناق سۈيۈ بۇياۋ
ۋەقاتلىما نانۇ، ناۋات چايۇ، قايماقا،
مەن ئۇنىڭغا ئامراقا.
قازىنىڭدىكى پۇشكىلىڭ بىلەن پولۇيىڭنى تىزراق ئەبباقا،
مېنىڭدىن سورىساڭ مەن ئىنىڭغا بەكمۇ ئامراقا،
تەقەززا مەن تىزراق ئەيتىسكىل:
— بۇ تائامنى يەپ باقا،
سوبھانەراببىكە خوش مۇبارەك تاماقا.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا خەلق ئارىسىدا ئەدىبى چاقچاق پورمىسىدا تۈزۈلگەن كوپلىگەن تەرمە شېئىرلار ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە تۈزۈلىشىدىن قەتئى نەزەر ھەممىسىدە دىگىدەك بەلگىلىك ئىدىيىۋى غايىلار ئالغا سۈرۈلىدۇ، تۇرمۇشتىكى ئىبرەتلىك مەزمۇنلار ئىپادىلىنىدۇ.

خەلق ئارىسىدا يارىتىلغان بەزى سىيوژىتلىق قوشاقلارمۇ مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن خەلقنىڭ تەرمە شېئىرلىرى تەركىۋىگە كىرىدۇ، مەسىلەن: «ئوسمان شابىكىم» ، «قىمار» ، «ھارۋىكەش» قاتارلىق تەرمىلەرنى ئالساق، ئۇنىڭدا قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق كونا جەمىيەتتىكى سىنىپى مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن سىنىپى زىددىيەتلەرنى پاش قىلىدۇ، خەلق ئىچىدىكى ناچار ئىستىللار ھەجۋى قىلىنىپ تەنقىتلىنىدۇ.

بىز «ھارۋىكەش» ناملىق سىيوژىتلىق ھەجۋى قوشاقنى كۆرۈپ باقايلى:

قامچا سىلكىپ دىرۋاڭشىپ،
يولغا چىققان ھارۋىكەش،
ئاتنى ياخشى باقماستىن،
شوتىغا قوشقان ھارۋىكەش.

چاق چېكەتسە ئولتاڭدىن،
ئات چېكەتسە پوشتاڭدىن،
ساڭا بالا ياغمامدۇ؟
بۇ تۇرقۇڭدا ھارۋىكەش.

ئاتقا رەھىمىڭ كەلمەمدۇ،
بۇنچە يۈكنى باسقىلى.
كەدىنىنى قاڭغايتىپ،
جۇجىسىدىن ئاسقىلى.
يەنە يولغا چىقىپسەن،
تۈن كىچىدە ھارۋىكەش.
قانداق ماڭار ئاتلىرىڭ،
تاركوچىدا ھارۋىكەش.

— نىمە چارەم بار مېنىڭ،
قايىل بولماي زامانغا.
يۈسۈپ خوجا ماللىرى،
بىر تويىمىسا سامانغا.
ئېتى ئورۇق بىرلا ڭگا،
كەپشە بۇرۇن ھەممىسى،
سىڭا سوڭگەچ يېغىردىن،
تېشىلىپ كەتكەن تېرىسى.

ماڭا كۆندە ۋەزىپە،
ھارۋىسىنى ھەيدىمەك.
ئېتى شۇنداق تۇرسىمۇ،
يۈكنى ئېغىر يۈكلىمەك.

— كەنتلەرنى ئارىلاپ،
چىقىپ كەلگىن ئۇشرىگە.
دەيدۇ خوجا ئاش يىغىپ،
ئارتقىن ئاتنىڭ ئۈستىگە.

تارتالمىسا قامچىلاپ،
ئۇرۇپ قويغىن سوڭگەچكە.
ماڭماي ئاتنىڭ ھەيدىمەس،
كېيىنكىنى يىگەچكە.

قۇلىغىنى كەس يولدا،
يوگرەپ - چېپىپ ماڭمىسا.
ئۇشرە - زاكات بېسىلغان،
ھارۋىلارنى تارتمىسا.

ئۆلسە يولدا ئىت يىسۇن،
تېرىسىنى قاغىلار.
قوۋغىسىنى ۋاسىدەك،
قىش چىققىچە غاجىلا،

يۈسۈپ بەگنىڭ ھوكمى شۇ،
ئاتقا رەھمى كەلمەيدۇ.
ئەھۋال ئېيتىپ يىلىنسام،
ئىچ ئاغرىتىپ باقمايدۇ.

دەيدۇ ئاتنىڭ نەسلى يات
نەسلى ياتنىڭ پەيلى يات.
ھارۋۇكەشمۇ بولغانغا،
دەيمەن ھەركۈن پەندىيات!

نىمە چارەم بارمىنىڭ،
ئاتنى شوتىغا قوشماسقا،

ھەيدەپ يۈرۈپ ئارامسىز
ئۇشرە - زاكات يىغماسقا،

نەچچە قالدىم تالادا،
بوران چىققان چاغلاردا.
يول ئىزىقىپ تۇماندا،
ئېغىر خەتەر ھاللاردا.

موللاق ئاتتىم نەچچە رەت،
يەنە كەلدى قوشلاپ دەرت،
ھارۋىكەشلىك قىلمايمەن،
دىسەم بىگىم قىلدى رەت،

شوتىغا قوشقان ئاتلاردەك،
چارىسىز مەن ئامال يوق،
قوتۇلۇشقا ئۇرۇنسام
ئۆلتۈرىدۇ ھايال يوق.

زارلىماڭلار مىنىڭدىن،
مەن جاپاكەش ھارۋىكەش.
ئومرۈم ئۆتكەن شۇئىشتا،
مەن بالاكەش ھارۋىكەش.

زامان ئۇسال، بەگ قاشاڭ،
قاشاڭ بەگدەك ئېتىمۇ.
يىسە - يىسە سەمرىمەس،
بەگنىڭ تولماس كېتىمۇ.

ئەر قانىتى ئات دىگەن.
كونىلاردا ماقال شۇ،
بەگ قانىتى مۇشۇ ئات.
ئوسالىققا مىسال شۇ.

ئېتىمگە لايىق ئىگىسى.
ئىگىسىگە باپ ئېتى،
ئات بىلەن تەڭ بەگ ئۆلسە،
يەيدۇ قوشلاپ بوز ئىتى.

بۇ تەرمە بايلارغا ياللانغان يالالانما هارۋۇكەشلەرنىڭ پاجىئەلىك تەغدىرىنى، ئۇلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەگە قارشى نارازىلىغىنى باينىڭ ئېتىنى ھەجۋى قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن قاشقاق ئاتنى هوكۇمران سىنىپلارنىڭ بەربات بولۇش تەقدىرىنىڭ سىمۋولى دېيىش مۇمكىن.

يەنە شۇنداقلا مەشرەپ ۋە سەيلىلەردە مەدداھلار تەرىپىدىن ئېيتىلىدىغان خەلق داستانلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان مۇزىكىلىق پارچىلارمۇ تەرمە شېئىرلار قاتارىغا كىرىدۇ. كوپۇنچە خەلق داستانچىلىرى داستان ۋە قىسسەلەرنى كۈيلەشتىن بۇرۇن، جامائەتنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش مەقسىدىدە ئەنە شۇنداق قىزىقارلىق تەرمىلەرنى تۈزۈپ، مۇقەددىمە سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ.

دېمەك، يۇقۇرقىلاردىن كورۇشكە بولىدىكى، تەرمىلەر كۈندۈلۈك ۋەقەلىك ۋە ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرى بىلەن مۇستەھكەم باغلانغان هالدا بارلىققا كەلگەن خەلق شېئىرلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال نۇسخىسى (خەلق سەنئەتكارلىرى - مەدداھلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان) بولۇپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئوتۇپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

## § 7 - خەلق قوشاقلىرىنىڭ تۈرلىرى

خەلق قوشاقلىرى دىگەن بۇ ئۇقۇم كەڭ مەنىدە ئومۇمەن خەلقنىڭ نەزمىلىك (شېئىرى) ئىجادىيىتىگە قارىتىلغان. بۇ ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ قوشاقلىرى ئۇچۇن ئورتاق جاۋاپ. لېكىن ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مىللى ئەدەبىياتى ۋە سەنئەت ئىپادىلەش شەكلى بولغاچقا، خەلقلەرنىڭ قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. مىسال ئۇچۇن ئۆزىمىزگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تۈرلىرىنى كورۇپ ئوتەيلى؛

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى تار مەنىدە چۈشەنگەندە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن قوشاق، ناخشا (غەزەل)، بېيىت دەپ ئۈچ تۈرگە بولۇش مۇمكىن.

1 . قوشاقلار — ئومۇمەن ئوز ئالدىغا بەلگىلىك مۇستەقىل پىكىرنى شېئىرى شەكىلدە ئىپادىلەيدىغان، بىر خىل مۇقىم ئاھاڭنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، مىسرالار چەكلىمىسى ۋە ۋەزىن چەكلىمىسى بىر قەدەر ئەركىن بولغان خەلقنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتىنى قوشاقلار تەركىۋىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن. قوشاقلاردا ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ كوپچىلىگى خۇددى روبائىياتتەك ھەر بىر كوبلىت مۇستەقىل ئوي - پىكىرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېس - تۇيغۇنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كوپچىلىك ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تۈزۈلىش جەھەتتىن 1 - ۋە 2 - مىسراسىدا تەبىئەت دۇنياسى ياكى بىرەر پىسخىكىلىق ھالەت ئوبرازلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن 3 - 4 - مىسراسىدا مەنتىقى جەھەتتىن يۇقۇرىقى مىسرالارغا باغلىنىشلىق بولغان ئاساسى پىكىر ۋە غايە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

كېيدىم كېپىنەك تونىنى،
گۈلخاندا ياتارمەن دەپ.
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.

قالىغاچ قارا بولار،
قانىتى ئالا بولار.
يارىڭ بىۋاپا بولسا،
بېشىڭغا بالا بولار.

× ×

قىيان كەلدى شاقىراپ،
كوچىلارنى ياقلاپ.
جاننى ئالدى بەگ ـ بوجاڭ،
سېلىق بەر دەپ ۋاقىراپ.

× × ×

سۇ كېلىدۇ تاش ئۈستىدە،
ئۇركەشلەيدۇ تاش ئۈستىدە.
مەن يارىمنى ئويلاپ ـ ئويلاپ،
يىغلىۋەتتىم تاش ئۈستىدە.

يۇقۇرقى قوشاقلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان پىكىر كونكرېت هالەتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ لىرىكچانلىغى ناهايىتى كۈچلۈك بولۇپ، يۈكسەك لىرىكىزىم بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى بىرەر قېتىم ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئېسىدە قالدۇرالىشىنىڭ سەۋىبىمۇ ئەنە شۇنىڭدا.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئاهاڭغا چۈشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا خەلق قوشاقلىرى كوپ هاللاردا ناخشىغا ئايلىنىشىپ كېتىدۇ. ئومۇمەن ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ ھەۋىسى، ھىسسىياتى، قوشاقلارنى ئىگەللەش دەرىجىسى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، ئۆزى خالىغان قوشاقلارنى ئوخشاش بولمىغان ئاهاڭلارغا سېلىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەت باشقا خەلقلەرنىڭ قوشاقلىرىدا ئاز تېپىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن لىرىك قوشاقلار ۋە سىيۇژىتلىق قوشاقلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بولۇنىدۇ.

لىرىك قوشاقلار دىگىنىمىز ــ لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان قوشاقلاردۇر. يەنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشقا بولغان ئىچكى ھىس ـ تۇيغۇسىنى، ئىدىيىسۋى ھىسسىياتىنى ئىپادىلىگەن لىرىك ئوبرازغا ئىگە قوشاقلاردۇر. لىرىك قوشاقلاردا ھىس ـ تۇيغۇ ئوبرازلاشتۇرىلىدۇ. بۇ خىل ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىمۇ خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسى كەۋدىسىنى لىرىك قوشاقلار تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاهلىرىم تۈتقاي سېنى.
كوز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

ئەجەپ بىر زامان بولدى،
ئالەم چورگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئۇرىلەي دەيدۇ.

× × ×

ئارتۇشنىڭ يولى تاشلىق،
تاشلىقتابولۇ ئاشلىق.
يازدا ئاققان ي سۇدەك،
ئۇتۇپ كېتىدۇ لىق.

كوپلىگەن لىرىك قوشاقلاردا تەبىئەت دۇنياسىنى سۇرەتلەش ئارقىلىق ئاساسىي پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھىس-تۇيغۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىپىك ھىسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۇچۇن، ئۇ خەلقنىڭ ئورتاق تەلىۋى ۋە ئارزۇ-ئۇمىدىنى ئىپادىلەپ تېخىمۇ زور ئۇمۇملىققا ئىگە بولىدۇ.

بۇ جاھان شۇنداق جاھان.
سەندىن-مەندىن قالغۇسى،
يېتىملارنىڭ ئاھ-زارى
باي كېلىدىن ئالغۇسى.

ئىپىتسا-ئىپىتسا تۇگىمەس،
تارتىپ ئوتكەن جەۋرىمىز.
بىر يەرگە بېرىپ قالغان،
بىزنىڭ تاقەت-سەۋرىمىز.

زوركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كورۇندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.

مانا بۇ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلمەتلىك ئوتمۇش جەمىيەتكە بولغان ئىسيانكارلىق روھى ۋە ئازاتلىققا بولغان ئارزۇ-ئۇمىدىنىڭ ئوبرازلىق كورۇنىشىدۇر.

لىرىك قوشاقلاردا ئىپادىلەنگەن لىرىك تۇيغۇ كۆپ ھاللاردا رىياللىقتىكى شەيئىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم ۋەقە ۋە پېرسوناژ تەقدىرىنىڭ بەلگىلىك ھايات كارتىنىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

سيۇژېتلىق قوشاقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا شېئىرى يول بىلەن كونكرېت ۋەقە ۋە پېرسوناژ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئومۇمەن بىر ۋەقەلىك ۋە كونكرېت پېرسوناژ ئوبرازى بار. لېكىن سيۇژېتلىق قوشاقلارمۇ لىرىك قوشاقلار ئاساسىدا تەرەققى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ لىرىك ئامىل بولىدۇ. سيۇژېتلىق قوشاقلار كونكرېت تۇرمۇش ۋەقەلىكى ئارقىلىق رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا بۇنداق قوشاقلارنى ئاتاغلىق خەلق قوشاقچىلىرى ئىجات قىلىدۇ ھەمدە ئۇلار تەرىپىدىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. خەلقنىڭ سيۇژېتلىق قوشاقلىرى كۆپرەك ھەجۋى خاراكتېر ئالغان بولۇپ، قۇرۇلىشى پۇختا ۋە قىزىقارلىق تۈزۈلىدۇ.

سيۇژېتلىق قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭى بولۇپ، ئۇ مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. سيۇژېتلىق قوشاقلارنى خەلق داستانلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى شەكلى دېيىش مۇمكىن.

2-ناخشىلار (غەزەل)—خەلق ناخشىلىرى خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشاقلاردىن ئاساسىي پەرقى شۇكى، خەلق ناخشىلىرى بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى ئۆزىگە خاس ئاھاڭغا ئىگە.

ئۇيغۇر خەلقى ناخشا-ئۇسسۇلغا باي بولغانلىقى بىلەن مەشھۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بويىچە ناخشىسىز ئۆتكەن ھاياتنى تىرىكلىك ھېسابلىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرى-ياش، ئەر-ئايال دېگەندەك خۇشال بولغان چاغلىرىدىمۇ، خاپىلىق ۋە قايغۇغا چۆمگەن چاغلىرىدىمۇ ناخشا ئېيتىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى ۋە كەيپىياتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. ئومۇمەن ناخشا ئېيتىش ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدىنىڭ مۇزىكىلىق ئىنكاسى سۈپىتىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ناخشىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل بولۇپلا قالماي، بەلكى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش، رىۋاجلىنىش دەۋرىدىن تارتىپ كىشىلىك تۇرمۇشقا چوڭقۇر سىڭىپ، ئۆمۈرگە ئايرىلماس ھەمرا ۋە نەسىلدىن-نەسىلگە مىراس بولۇپ داۋام قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

خەلق ناخشىلىرى سۆز سەنئىتى بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بىر گەۋدىسى بولۇپ بىرىكىشىدىن تۇغۇلغان. خەلق ناخشىلىرىدىكى رىتىم ئومۇمەن شۇ خىل ئەمگەك رىتىمىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: بىز ئەمگەك ناخشىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى؛

ئۇنىڭدا سوز سەنئىتى بىلەن مۇزىكا ئۇزئارا ماسلاشقان ھالدا شۇ ئەمگەك شارائىتىنىڭ ئۇزىگە خاس بولغان مەنزىرىسىنى، رىتىمىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئوما ناخشىسى»، «خامان ناخشىسى»، «ھارۋىكەش ناخشىسى» قاتارلىق ئەمگەك ناخشىلىرى بۇنىڭغا جانلىق مىسال بولالايدۇ.

مەلۇمكى، سەنئەتتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولغان رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق ئەسلىدە ئەمگەكنىڭ تەشكىلى قىسمى، ئىنسانلار ئۇنىڭ تەبىئى گۇزەللىكىنى ھىس قىلغاندىن كېيىن ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە شەكىللەر ئارقىلىق ئۇنى سەنئەت يولى بىلەن ئۇمۇملاشتۇردى ۋە قايتا نامايەن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سوز سەنئىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ قويۇق ئىستىتىكىلىق سىزىمگە ئىگە بولغان مۇزىكا سەنئىتى بارلىققا كېلىپ، خەلقىنىڭ سوز سەنئىتى بىلەن بىرلىشىپ خەلق ناخشىلىرى بولۇپ شەكىللەندى.

خەلق ناخشىلىرى، ئىچىدە ئورپ-ئادەت ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسۇل سەنئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، روشەن ھالدىكى مىللى خاراكتىرگە ئىگە. ئورپ-ئادەت ناخشىلىرى شۇ خەلقلەرنىڭ مىللى ئورپ-ئادەت مۇراسىملىرى — توي-توكۇن، ئولۇم-يىتىم قاتارلىق مەرىكىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا، ئۇزىگە خاس مۇقىم ئاھاڭغا ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدىكى «يولەن ناخشىسى»، «يار-يار»، «كوچا ناخشىسى»، «ئەللەي ناخشىسى»، «ئوما ناخشىسى»، «خامان ناخشىسى»، «پادىچىلار ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلارنىڭ ھەممىسى شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ بەدىئى ئۇمۇملاشتۇرۇش كۇچى ناھايىتى يۇقۇرى بولۇپ، بىر ئىككى كوبلىت ناخشا ئارقىلىقلا، ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەپ بىرەلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن ئولەرمەن، مەن ئولەرمەن،
يولدا قويماڭلار مىنى.
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چولدە قويماڭلار مىنى.

مەن ئولۇپ تۇپراقتا ياتسام
كىم مىنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستلۇرۇم غەمكىن بولۇپ
دۇشمەنلىرىم شات ئەيلىسۇن

(«مەن ئولەرمەن» ناخشىسىدىن)

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ شەكلىمۇ خىلمۇ-خىل. خەلق ناخشىلىرىدا قوشاق (4 مىسرالىق)،

بېيىت (ئىككى مىسرالىق) شەكلى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. جۈملىدىن تاقماق (چاچما) شەكلىدىكى ناخشىلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئالمىخان»، «چىمەنگۈل» قاتارلىق ئېيتىشىش خاراكتېرلىق ناخشىلار تاقماق شەكلىدە تۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۈستىدە سۆزلىگەندە خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان خەلق مۇزىكا قامۇسى — «12 مۇقام»نى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتىنىڭ قامۇسى بولۇپلا قالماستىن، شەرق مۇزىكا سەنئىتىدىمۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۇلۇغ ئىجادىيەت. ئۇ، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى جاپا-مۇشەققەتلىك ۋە كۈرەشچان ھاياتىدا ئىجاد ئېتىلگەن ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ جانلىق مۇزىكا ئوبرازى ئارقىلىق ئوتمۇش قاراڭغۇ جەمىيەتكە قارشى خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرەتلىرىنى، بەخت-سائادەت ئىزدەش يولىدىكى ئارزۇ-غايىلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

«12 مۇقام» دۇنياغا داڭلىق غايەت چوڭ مۇزىكا غەزىنىسى بولۇپ، جەمئىي 268 ئاھاڭ (نەغمە) دىن ئىبارەت.

«12 مۇقام»دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي سەنئەت ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكى ئەڭ روشەن ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇ شۇ خەلقلەرنىڭ ئىستېتىكىلىق سېزىمىنىڭ مەھسۇلى، باي ۋە خىلمۇ-خىل بولغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مەجمۇئەسىدىن ئىبارەت.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرى «12 مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشىگە، سىستېمىلىشىشىغا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. جۈملىدىن، «12 مۇقام» شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، يېڭى خەلق ناخشىلىرى مۇقام ئاھاڭلىرىدىن شاخ چىقىرىپ، دەۋر روھىغا ماس ناخشا-مۇزىكىلار بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: «مىزانگۈلۈم» دېگەن خەلق ناخشىسى «ئىراق مۇقامى»دىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان، «ئەرزىم»، «دادەي» ناخشىلىرى «سىگاھ» مۇقامىدىن؛ «ئويناڭ دەردى بار باللا» ناخشىسى «پەنجىگاھ» مۇقامىدىن، «ئۇستەڭ ناخشىسى» «چەببىيات» مۇقامىنىڭ داستانىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. دېمەك، خەلق ناخشىلىرى ۋە داستانلىرى «12 مۇقام» نىڭ سىستېمىلىشىشىنى ئالغا سۈردى، «12 مۇقام» خەلق ناخشىلىرىنى قايتا گۈللەندۈردى. ئۇ، ئاممىۋىلاشقان، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك، ناخشا-مۇزىكا بايلىقى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خەلق ناخشا-مۇزىكا تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا. ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — «12 مۇقام» ئايرىم تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بىز «12 مۇقام» ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمىز.

3-بېيىتلار — بېيىت ئادەتتە «تاخماق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بېيىت مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنمايدىغان ئادەتتىكى نۇتۇق ياكى دېكلاماتسىيە شەكلىدە ئېيتىلىدىغان، مىسرا ۋە كوپلېت-

لىرى مۇقىم چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان مۇئەييەن بىر پىكىر ئىزچىللىقىغا ئىگە قوشاقلاردىن ئىبارەت. بەدىئىي قۇرۇلۇشى جەھەتتىن بېيىتلار ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەتتىكى قوشاقلاردەك بۇغۇم، رىتىم، مىسرا تۈزۈلىشى جەھەتتىن مۇقىملىققا ئىگە ئەمەس. مەسىلەن:

ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا لالە ئۈنۈپتۇ،
لالە بىلەن قىزىل ئالما بىللە پىشىپتۇ.
شۇنچە كىشى ئىچىدە مېنىڭ كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۇ ئىنتايىن قويۇق شېئىرى پۇراققا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بېيىتلار ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان يۈكسەك شېئىرى سىزىم ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە قىزغىن جەلىپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ يارنىڭ باغلىرىدا
سەبدە گۈلى بىر قۇچاق.
ئوڭ يېنىمغا ئوق تېگىپتۇ
سول يېنىمغا يۈز پىچاق.
يۈز پىچاقنىڭ دەردىنى
بىر پىچاقچە كۆرمىدىم.
مەڭلارچىسى ئاشىق ماڭا
بىرنى سېنىڭدەك كۆرمىدىم.

بېيىتلار توي-تۆكۈن مەرىكىلىرى ۋە مەشرەپلەردىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغاچقا، ئۇ كۆپىنچە ئېيتىشىش خاراكتېرىدە تۈزىلىدۇ ۋە بۇ ئېيتىشىشلار مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

— سىرلىق ساندۇق سىرى سىز
پەرىلەرنىڭ بىرى سىز.
دۇنياي دەيدۇ كۆڭلىمىز
ئەمما قورقۇپ تۇرىسىز.

— سىرلىق ساندۇق سىرى بىز
جۇۋانلارنىڭ پىرى بىز.
ھېچنەرسىدىن قورقمايمىز
يامان ئىشتىن نېرى بىز.

— ياغلىقىمىز رەڭمۇ-رەڭ
سەل سىلكىۋەتسەك گەپىنى دەڭ.

لەۋلىرى سۇزۇك جۇۋان
ئالما بىرەي يېرىپ يەڭ

— ئالمىڭىزنى يمەيمەن
يىسەم مەيدەم ئاغرىيدۇ.
يار ئۇستىگە يار تۇتسام
يارنىڭ كوڭلى ئاغرىيدۇ.

بېيىتلارنىڭ يەنە بەزىلىرى يومۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

قارا كوزدەك ئولتۇرغان
كوڭلى ئالا قارا كوز.
سوغاقچىلىق تۇغدۇرغان
ئوتى بالا قارا كوز.
توپ تېرەكنىڭ تۇۋىدە
توپ ئوينىغان قارا كوز.
ئاندا - ساندا گەپ قىلىپ
ئالداپ يۇرگەن قارا كوز.
تومۇر ئوخشاش قوللىرىدىن
پۇل ئوتەمدۇ قارا كوز.
بۇرۇنلىرىنىڭ تۇشۇگىدىن
پىل ئوتەمدۇ قارا كوز.
ھەلەپ يىگەن بۇقىدەك،
پۇشۇلدىماڭ قارا كوز.
كۇرۇك بولغان توخۇدەك،
كوتۇلدىماڭ قارا كوز.
مولۇن ئوخشاش ئالايماڭ،
جىم ئولتۇرۇڭ پالا كوز.
مۇز ياغدۇرماي چىرايلىق،
خوش ئولتۇرۇڭ كالا كوز.

بېيىتلار مىسرا، قاپىيە ۋە تۇراق جەھەتلەردىن لىرىك قوشاقلارغا قارىغاندا نىسبەتەن ئەركىنرەك تۈزۈلسىمۇ، لېكىن ئۇ قويۇق مۇزىكدارلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى بېيىتلار خەلق ناخشىلىرى قاتارىدا كۈيلەنگەن.

مەسىلەن: خەلق ناخشىسى — «يارۇ»نىڭ تېكستى بېيىتتىن تەركىب تاپقان:

ئاي ئالدىدا، كۆن كەينىدە
ھەسرەت ئىچىدە.
چىقماس ئۇتنى سىلىپ قويلا
دەردىم ئىچىدە.
ئىگىز ـ ئىگىز تاغ بېشىدا
چىراق كۆيەدۇ.
ئۇ كويگەنلەر چىراق ئەمەس
يۈرەك كۆيەدۇ.
ئىگىز ـ ئىگىز تاغ بېشىدا
قۇرغۇي ئەگىيدۇ.
ئۇ ئەگىگەن قۇرغۇي ئەمەس
يارلار ئەگىيدۇ.

نىقرات

بىر دانە ئىدىم، مىڭ دانە بولدۇم،
ئەقلى ھۇشۇمدىن يىگانە بولدۇم.
سەندەك قىزىل گۈل، ھەر جايدا بولماس،
ھەر جايدا بولسا سىننىڭچە بولماس.
خۇشتارمەن ساڭا ئامرىغىم، يارىم دىگەيسەن.

بېيىتلار پەقەت ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر شەكىل بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر ئەمەـ گەكچىلىرىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى، سەنئەت جەھەتتىكى ماھارىـ تىنى بولۇپمۇ خەلقنىڭ بېيىتلىرىدىن ئېنىق كورگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بېيىتلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى بىر تۇتاش ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۆگىنىش زورۇر.

## § 8 ـ خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى

ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئەزەلدىن ئەڭ ئۇلۇق رىيالىزىمچى ۋە بۈيۈك رومانتىـ زىمچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى بولغان قوشاقلىرىدىكى خاراكتېرـ لىك ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا رىيالىزىم بىلەن رومانتىزىم ئۆز ئارا ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىمۇ شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىـ لىرىنى، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئارزۇلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بەرگەن بوـ لۇپ، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى»دىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتمۇشتە ئىجات قىلـ غان قوشاقلىرىدا شۇ نەرسە روشەنكى؛ ئۇنىڭدا ئوتمۇش جەمىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىـ

ۋەتتىن شەكىللەنگەن رېئال سىنىپى مۇناسىۋەتلەر ئىنتايىن جانلىق ئىپادىلەنگەن؛ مەسىلەن:

ئۆتمۈشتىكى دەۋردە
يۇرتىمنىڭ ئىچى تار ئىدى.
پومىششىكنىڭ ئالدىدا
كەمبەغەللەر خار ئىدى.
دەريا-ئۆستەڭ سۈيىگە
مىراپ دېگەن باش ئىكەن.
ئادالەتنى بىلمىگەن
باغرى قارا تاش ئىكەن.

رېئالىزىم بىلەن رومانتىزىم بىرلىكى ئاساسىدا يارىتىلغان خەلق قوشاقلىرى ئەمگەكچىلەر هاياتىنىڭ، كۈچ-قۇدرىتىنىڭ، ئەقىل-پاراسىتىنىڭ، ئارزۇ-ئۈمىدىنىڭ سەنئەتتىكى ئىپادىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا تارقىلىپ، خەلقنى تەربىيىلەپ كەلدى. سەنئەت جەھەتتە ماركس ئېيتقاندەك: «مەڭگۈ گۈزەللىك» كە ئىگە بولۇپ، غايەت زور مەنىۋى كۈچ هاسىل قىلدى.

خەلق قوشاقلىرى شېئرىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن مۇزىكىلىق سۆز سەنئىتى بولۇپ، ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ يۈكسەك جەۋھىرى هېسابلىنىدۇ.

ئوبرازلىق تەپەككۇر ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر خىل تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ۋاستىلىرىغا ئىگە. ئوخشۇتۇش، سىمۋول، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش، كىنايە، تەمسىل قاتارلىق تەسۋىرى ۋاستىلار خەلق قوشاقلىرىدىكى بەدىئى ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئاساسى ۋاستىسى قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق قوشاقلار ئۆز-ئۆزىدىن ھەسسىيات تېپىپ تۇرىدىغان بۇلاققا ئايلانغان. مۇشۇ جەھەتتىن خەلق قوشاقلىرىنى سىمۋوللۇق ئەدەبىيات دەپ ئاتاش ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائى پىكىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كىشىنى ئىستىتىك تۇيغۇغا ئىگە قىلىدىغان سىمۋوللۇق ۋاستىلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىك ھەتتا خەلق قوشاقلىرىنىڭ كومپوزىتسىيە تۈزۈلۈشىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىسىنى تاپقان، مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ئالساق، بىر كوبلېت قوشاقنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسىدا تەبىئەت مەنزىرىسى ياكى باشقا بىر ھالەت تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ كېيىنكى مىسرالاردا بايان قىلىنماقچى بولغان تۈپ مەقسەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.

كوڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سويگىلى بولماس.

قاپ ـ قارا بوران كېلىپ،
توزۇتتى گۈلنىڭ بەرگىنى.
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي،
بىۋاپا يار دەردىنى.

خەلق قوشاقلىرىدا سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن بىر قاتاردا يەنە، ئەڭ كوپ قوللىنىدىغان بەدىئى ۋاستىلارنىڭ بىرى ئوخشۇتۇشتۇر. ئوخشۇتۇش خەلق قوشاقلىرىنى چوڭقۇر شېئرى ھېسسىياتقا، جانلىقلىق ۋە كونكرېتلىققا، ئىخچاملىق ۋە گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ؛ مەسىلەن:

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك،
قاشلىرىڭدىن ئورگىلەي.
تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىكتەك،
كوزلىرىڭدىن ئورگىلەي.

ئايكەن دېسەم ئاي خىجىل،
ئاي يۈزۈڭنىڭ ئالدىدا.
يۇلتۇز دېسەم كوزۈڭنى.
يۇلتۇز موكتى دالدىغا.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوخشۇتۇلغۇچى نەرسە بىلەن ئوخشىغۇچى نەرسە ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك خۇسۇسىيەت جەھەتتە ئوخشاشلىق بولىدۇ. گەرچە بەزىلىرىدە ئوخشاشلىق بولمىسىمۇ، شۇ خەلقلەرنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى ئىستېتىك تەسەۋۋۇرىدا بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشقان مەنىۋى ئوخشاشلىقىدىن شەكىللەنگەن ئوخشۇتۇشلار بولغاچقا، كىشىلەرگە ھېچقاچان غەيرى تۇيۇلمايدۇ. بۇنداق ئوخشۇتۇش شەكلىنى بەدىئى ئەدەبىياتتا مېتافورىلاش دەپ ئاتايمىز.

مەسىلەن: يارنىڭ قىياپىتى بىلەن چىراقنىڭ قىياپىتىدە ئوخشاشلىق يوق، شۇنداق بولسىمۇ يارنى چىراققا، ئۇزىنى پىلىككە ياكى پەرۋانىغا ئوخشۇتۇپ تەسۋىرلەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا يەنە مۇبالىغىلاشتۇرۇشمۇ كوپ قوللىنىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق قوشاقلاردىكى ئوبرازلار تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ، شېئرى پىكىر تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

يارنى كەپتەر دېسە،
يۈگرەپ چىقاي باشىم بىلەن.

يارى يۈرگەن كوچىلارنى،
سۈپۈرەي ساچىم بىلەن.
دەرت ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالىنىڭ باشىغا.
سايدا تۈگمەن چۆگىلەيدۇ،
كوزدىن ئاققان ياشىغا.

ئومۇمەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا خەلقىمىزنىڭ باي ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولغان جانلىق تىلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئۈلگىسى يارىتىلغان.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى سوزلىگەندە، ئۇيغۇر ماقال-تەمسىللىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى تەبىي سىڭىشكەنلىكىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇننىڭ ئالاھىدە كۈچەيگەنلىكىنى كورسەتىپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ. ھەتتا بەزى قوشاقلار باركى، ئۇنى ھەم قوشاق ھەم ماقال دەپ ئېيتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

جاپانى كىم تولا چەكسە،
گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گوھەرنى ئالغىچە تاشتىن،
نى سەۋدا ئوتمىدۇ باشتىن.
كىم يامانلىق ئويلىسا،
تاپماس يامانلىقتىن ئامان.
ئۇ يامانىنىڭ ئاپىتى،
يانغاي ئوزىگە شۇ زامان.

بەزى قوشاقلاردا بولسا ماقال-تەمسىللەر ئوزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەن؛ مەسىلەن:

دوستلۇرۇم مەندىن زېرىكتى،
دۈشمىنىم سەنمۇ زېرىك.
بىر مىسال باردۇر ئىشەنسەڭ،
تاغ ئارا ياتماس كېيىك.
تەلىيىم بولسا مېنىڭ،
يانغان چىراق ئوچەرمىدى.
ئىشەنگەن چوڭ تاغلىرىدىن،
كېيىكلىرىم قاچارمىدى.

دېمەك، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ماھىر سەنئەتكار سۈپىتىدە ھەر خىل ئۇسلۇبنى ئىستېتىك ۋاستىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئاكتىپ ھالدا ئىدىيىۋى مەزمۇننى روشەنلەشتۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن خەلق قوشاقلىرى بولۇپمۇ بەدىئىلىك جەھەتتىن بىر مۇنچە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولۇپ، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان جەلپ قىلارلىق سەنئەتكە ئايلانغان.

خەلق قوشاقلىرى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتى ۋە شېرىي تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىشىدىكى سەۋەبلىرىمۇ ئۇنىڭ بەدىئىلىك جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، مۇئەييەن دەرىجىدە يەرلىك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش لازىم.

تىل ئالاھىدىلىكى (يەرلىك شىۋە پەرقلىرى) گېئوگرافىيە ئالاھىدىلىك، ئۆرپ-ئادەت ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى... قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن خەلق قوشاقلىرىنىڭ تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا بەلگىلىك ئوخشىماسلىقلار پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل پەرقلەر كۆپرەك خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبى، ئوخشۇتۇش ۋاستىسى ۋە تۈزۈلۈشىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

مەسىلەن: جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق قوشاقلىرىدا يارنىڭ كۆزىنى بۇلاققا ئوخشاتسا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا كۆپۈنچە كېيىكنىڭ كۆزىگە (ئاھۇغا) ئوخشىتىدۇ. ئوخشۇتۇش جەھەتتىكى بۇنداق پەرقلەر شۇ جايلارنىڭ گېئوگرافىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق ئەھۋاللار ھەممە مىللەتلەرنىڭ خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە مۇنداق يەرلىك ئالاھىدىلىك لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

لوپنۇرلۇقلار تارىختىن بۇيان تارىم ۋادىسىدا چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىدا كۆپرەك دەريا، كۆللەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، دەرت-ئەلەم دەستىدە كۆزدىن ئاققان ياشنى دەرياغا، دەريا ئۈستىدىكى كېمىگە ئوخشىتىدۇ.

مەسىلەن:

ئوت كۆيەدۇ ئىچىمدە،
دەرتنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.

غارغالتىغا ① كەلدىم ساڭا بېرىشقا،
بېلىق تۇتۇپ سوغا-سالام قىلىشقا.

① غارغالتا — كېمە قويىدىغان جاي.

قىزىلگۈلۈم كويەك ئوتتۇڭ تەپتىدە،
ئازلا قالدىم كۆلخان بولۇپ يېنىشقا.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى؛ ھەر قايسى جايلارنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇ جايلارنىڭ ئۆز قوشاقلىرىغا سىڭگەن بولىدۇ.

تىل ۋە شىۋە ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن قوشاقلاردىكى يەرلىك ئالاھىدىلىكنى قومۇل رايونى ۋە لوپنۇر رايونى ئەتراپىدىكى قوشاقلاردىن نىسبەتەن ئېنىق كورگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ لوپنۇر تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ لوپنۇر قوشاقلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

يەلپۈنگەن قارا ساچىڭ،
ئايغىر ئاتنى قويروغۇ.
جۈپ دۇگادىن ئايرىغان،
خۇدايىمنى بۇيرۇغۇ.

× × ×

كويۇك ئوتۇ ئوتتى مېنى جېنىمدىن،
چىنالمىدىم سېنى ئېيتقان سوزۇگدىن.

بۇ مىساللاردىن كورۇشكە بولىدىكى، لوپنۇر دىئالېكتىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش ئوخشاش گىراممatikىلىق شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئويۇلغۇمنى مەھكەم باغلاپ،
چورۇلۇپ ئوتلادىمەن.
راست كېپىڭنى ئېيت ماڭا،
بۇگۈن ماڭماي توختادىمەن.
جانىمنى ئالدىم قولۇمغا،
كىشىدىن قورقمادىمەن.

بۇ مىساللاردا پېيلنىڭ زامانلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

ئەسكى ئۈيۈ كۆشارنى،
قىلغان ۋەدىسى قانى؟
خاننى يارشى بىلەن،
خاننى سولتانلىرىدەك.
چېقتىلا ئوما قوشتاپ،
قاناتىدا ئەگىتىپ،
تاس كۆيگەن تاموس ئوجاڭ.
تاموس قولۇۋ يىڭشىپ.

بۇ پارچىلاردىكى «كوشا» (كوچا، مەھەللە)، «قوشتاپ» (قوشلاپ)، «تاس» (تاز) «ئوجاڭ» ( ؟ ) قاتارلىق سوزلەر قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن قالغان ئاتالغۇلار بولۇپ ئۇنداق سوزلەر پەقەت لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدىلا ساقلانغان، قومۇل قوشاقلىرىدىمۇ قومۇل شىۋىسى كەۋدىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

گۈلەمشۇا گۈلنى كورۇڭ،
بەرگى سايان قايرىلىدۇ.
بەت گوپا يارنى كورۇڭ،
ئولمەي تىرىك ئايرىلىدۇ.

× × ×

ئەللىسۇنىمۇ ئەللىسۇن،
ئەللىسۇننى تېرىسۇن.
مەن يارىمغا خالتا بەرسەم،
ئەتلاپ - ئەتلاپ يىغلىسۇن.

× × ×

بۇ باغچىنىڭ بۇ باغچىنىڭ،
كوچە تىكىنىسى.
مېنىڭ ياردىم ئالەم خەلقىنىڭ،
چىچەككىنىسى.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپمۇ قوشاقلارنىڭ شەكلىدە بىر قەدەر روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەمدە ئەدەبىياتنىڭ ھەركەت شەكىللىرى، بولۇپمۇ يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان مۇزىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر قوشاقلىرى ئىچىدە 2 مىسرالىق بېيىت ۋە 4 مىسرالىق يەتتە بوغۇملۇق قوشاقلار كوپرەك سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

شىمالىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر قەدەر مۇقىم مەزمۇن ۋە مۇرەككەپ ئاھاڭلىق ناخشىلار كوپرەك بولۇپ، ئىلى ناخشىلىرىنىڭ ۋەزىن تەرتىۋى $8 + 5 = 13$ شەكلىدە بولىدۇ.

مەسىلەن:

سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ جېنىم،
بىر جان ئەمەسمۇ.
سېنىڭ ئۇچۇن مېنىڭ جېنىم،
قۇربان ئەمەسمۇ؟

(«جۇنۇن» ناخشىسىدىن)

قومۇل قوشاقلىرى ئىچىدە قومۇل مەشرىپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىگە ماسلاشقان بېيىتلار ئالاھىدە سالماقنى ئىگەللەيدۇ.①

مەسىلەن: «دور مۇقامى» دا:

سىم-سىم ئاربلاپ قارلار ياغدى،
تاغلارنى ئاربلاپ.
كورەي كوزۇم كورمەس بولدى،
يولۇڭنىا قاراپ.
يارىم سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ،
مىنگەنى دۇلدۇل.
مەھىزلەرى قىزىل ئالما،
چاچلارى سۇمبۇل.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى جەھەتتىكى يەرلىك ئالاھىدىلىك لوپنۇر قوشاقلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك.

ئادەتتە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە شەكىل جەھەتتىن كوپرەك ئۇچرايدىغىنى ۋە بىر قەدەر ئومۇملاشقىنى يەتتە بوغۇمدىن تۈزۈلگەن توت مىسرالىق قوشاقلاردىن ئىبارەت. لېكىن لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە ئاساسى سالماقنى 6 مىسرالىق قوشاقلار ئىگەللەيدۇ، 6 مىسرالىق قوشاقلارنىڭ رىتىم ۋە ئۇراقلىرىمۇ پەرقلىق بولۇپ، ئۇ لوپنۇرنىڭ كۈي خۇسۇسىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، يەنى لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۈي رىتىمى ۋە مېلودىيە ئوزگۈرۈشلىرى كوپۈنچە 6 مىسرالىق، ئالماش قاپىيىلىك قوشاقلارغا ماس كەلگەچكە لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى 6 مىسرالىق قوشاقلار تەشكىل قىلغان. مەسىلەن:

كوڭلىمدىكى يارىغا،
چاي بېرىدۇ قايماقلاپ.
يارى يۇرگەن يول بىلەن،
ماڭالمايمەن مايماقلاپ.
قۇچاقلىسام خوپ كومەي،
چىقىپ كەتتىڭ ناينىقلاپ.

× × ×

لاچىن بالىسى سايرايدۇ تاغدا،
سەمەر ① كېلىنگلار ئۇينايلى باغدا.
سەمەر كەلمىسەڭ قاچان كېلىسەن،

① سەمەر — يوشۇرۇن.

ئوتتۇم ئىچىڭدە كويۇپ بىلىسەن.
تارىسام كۈدەي ① نامغا ئونمەيسەن،
خىلىڭدە يارنى تاپىپ كېلىسەن.

لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە 6 مىسرالىق قوشاقلاردىن باشقا 5 مىسرالىق، 4 مىسرالىق قوشاقلارمۇ خېلى كوپ ئۇچرايدۇ. 5 مىسرالىق قوشاقلارنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇنراق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇنداق قوشاقلار ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، تىل قۇرىلىشى جەھەتلەردىن قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ نۇسخىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

مۇز ئاستىمدا كۈن پاتىپ،
ئويۇڭگە كەلدىم ئۇخلىماي.
شۇل ئىچىمدىكى ئارمانىم،
ماختاپ ئاتىڭنى توختاماي.
يار كوزۇڭ خۇمار ئىدى.

يار كوزى خۇمار ئىدى،
كوكسىدىكى تۇمار ئىدى.
بۇلتۇرغى شۇ ئابدالدىكى،
زەپ قىيامەت دۇنيا ئىدى،
چىرايىڭ بولەك جوسۇن ②
... ... ... ... ...

بۇنداق قوشاقلارنىڭ تۇراق ۋە رىتىمى 6 مىسرالىق قوشاقلارنىڭ تۇراق، رىتىمىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ ھەمدە ھەر بىر كوبلىتنىڭ 4 مىسراسى ئالماش ياكى جۈپ قاپىيىلىشىپ ئاخىرقى 5 - مىسرا شۇ كوپلىتتىكى شېئىرى پىكىرنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئالدىنقى مىسرالارغا قاپىيىلىشىش شەرت قىلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ نەقرات (ياندۇرۇش) سۈپىتىدە 2 - كوپلىتنىڭ 1 - مىسراسى بولۇپ تەكرارلىنىپ ئالدىنقى كوپلىت بىلەن كېيىنكى كوپلىتلارنىڭ مەزمۇنىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

لوپنۇر قوشاقلىرى ئىچىدىكى 4 مىسرالىق قوشاقلارمۇ باشقا جايلاردىكى 4 مىسرالىق قوشاقلاردىن بوغۇم سانى ۋەزىن، قۇرۇلىشى ۋە رىتىمى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ.

① كۈدەي — قومۇش ② جوسۇن — سوزۇك

ئاينى تۇساپ بۇلۇت ئېلىپ قاچقاندەك،
خامان تېپىپ ھوسۇلنى چاچقاندەك.
قىزىلگۈلۈم نەدە توزۇپ يۈرۈيسەن،
كۆزدە ئۇچۇل قاشىرىقىنى ئاچقاندەك.

(«قىزىلگۈلۈم» داستانىدىن)

بۇنداق قوشاقلار قاپىيە جەھەتتىن AABA شەكلىدە، تۇراق جەھەتتىن $4+4+3=11$ شەكلىدە تۈزۈلىدۇ.

ئۇمۇمەن ئالغاندا، بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى يۇقۇرقىدەك ھەر خىل سەۋەپلەر نەتىجىسىدە ئۆز ئارا مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر-بىردىن پەرقلىنىدىغان يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان. بۇنداق يەرلىك ئالاھىدىلىكنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ناھايىتى ئۇزاق تارىخى جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ تەبىي ۋە ئىجتىمائى سەۋەپلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر شۇنى ئىسپاتلايدىكى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكىل، ئۇسلۇپ ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە قەدەر ھەقىقەتەن بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان مول ۋە رەڭگارەڭ ۋادىردۇر. ئۇنىڭدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ بايلىقى، خىلمۇ-خىللىقى، خەلقنىڭ ھەر خىل ئارزۇ-ئۈمىتلىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## § 9 - خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكىل تۈزۈلىشى

خەلق تۇرمۇشىنىڭ باي ۋە خىلمۇ-خىللىقى، خەلقنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان ھەۋىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكلىكى خەلق قوشاقلىرىنى رەڭمۇ-رەڭ بەدىئى شەكىللەرگە ئىگە قىلىدۇ. بىزنىڭ يازما شېئىرىيىتىمىز خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت ئەنە شۇ چەكسىز باي مەنبە ئاساسىدا شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇڭلاشقا خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن بولۇپمۇ شەكىل جەھەتتىكى ئىسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىش — شېئىرى ئىجادىيىتىمىزنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ئالساق، ۋەزىن تۈرلىرى جەھەتتە بارماق ۋەزىن ھەم ئارۇز ۋەزىنىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىن سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ھەر قايسى سىستېمىدا بوغۇم سانىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇپ كېلىشى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ۋەزىن تۈرلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللى شەكلى بولۇپ، باشقا مىللەت خەلق قوشاقلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك ھېساپلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللى شەكلى ئالدى بى-

لەن ئۇلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا شەكىللىنىپ چىقىدۇ ۋە شۇ ئاساستا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ، راۋاجلىنىدۇ. لېكىن خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تاللىنىپ ۋە تاۋلىنىپ ئەمەلىيەتنىڭ تەكرار سىنىقىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئەڭ كەڭ ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى شەكلىدە مەۋجۇت بولغان ۋەزىن ۋە قاپىيە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇندىن مىڭلاپ يىللار ئىلگىرى يارىتىلغان قەدىمقى خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدىغانلىقى بىزگە ئەنە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللىي شەكىلنىڭ مۇنداق ئورتاق ئالامەتلىرىنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرىمىز. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە 4 بوغۇملۇق ۋەزىندىن تارتىپ 16 بوغۇملۇق ۋەزىنگىچە بولغان شەكىللەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ:

مەسىلەن: 4 بوغۇملۇق ۋەزىن:

ئانا دېسەم يىللار يامان،
ئاقتى يېشىم، خۇددى چايان،
دادا دېسەم ئۇگدا يېتىپ
قايدى بېشىم. تاپتى ھايان.

5 بوغۇملۇق ۋەزىن:

يايىرىم كېلىپتۇ، ئورگىلەي پەلەك،
ماڭا ئىرادە، چورگىلەي پەلەك،
سالغان ئوتلىرى كەپ قىلما ئاداش
ئاندىن زىيادە. خىيالىم بولەك.

5 بوغۇملۇق مىسرالاردىن تەركىپ تاپقان قوشاقلارنىڭ ۋەزنى يەڭگىل، جۇشقۇنلۇق ۋە ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.

6 بوغۇملۇق ۋەزىن:

ۋەزىننىڭ بۇ خىل تۈرى ئەڭ قەدىمقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان خەلق قوشاقلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ:

يالۇن ئانىڭ كوزى،
يەلكىن ئانىڭ ئوزى.
تولۇن ئايىن يۈزى،
يەردى مېنىڭ يۈرەك.

مەزمۇنى:

جادۇ ئۇنىڭ كۆزى،
مۇساپىر ئۇ ئۆزى.

تولۇن ئايدەك يۈزى،
ياردى يۈرىكىمنى.

7 بوغۇملۇق ۋەزىن:

مەن ئىشىمنى چاپمايمەن،
ئۇستەڭ بويى لوم - لومگە.
ئەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇ،
ئۇتۇپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.
رەڭگىمىز چىغدىن سېرىق،
ئۆتتى كۈنلەر غەم بىلەن.
ئوق تېگىپ ياتقان كېيىكتەك،
تولدى كۆزلەر نەم بىلەن.

مىسرالىرى 7 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن قوشاقلار سان نىسبىتى جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدا يۇقىرى سالماقتا ئىگە بولۇپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا ئەڭ لايىقلاشقان ۋەزىن تۈرىدۇر.

8 بوغۇملۇق ۋەزىن:

سۇ كېلىدۇ تاش ئۈستىدە،
ئۇركىشلەيدۇ قاش ئۈستىدە.
مەن يارىمنى ئويلا - ئويلا،
يىغلىغەنتىم ئاش ئۈستىدە.

9 بوغۇملۇق ۋەزىن:

قىزىل گۈلدەك سايىنىڭ بۇلاغى،
زەپ دىشۋاركەن يولنىڭ يىراغى.

10 بوغۇملۇق ۋەزىن:

يارنىڭ ئىشقىدا مەستانە بولدۇم،
خەختىن يوشۇرسام ئاشكارە بولدۇم.
ئاشكارە قىلغان سىنىڭ ئىشىڭدۇر،
مەستانە قىلغان سىنىڭ سۆزۈڭدۇر.

مىسرالىرى 10 بوغۇمدىن تەركىپ تاپقان قوشاقلار ماھىيەتتە قوشما ۋەزىنگە تەئەللۇق بولۇپ، 5 بوغۇملۇق ئىككى ۋەزىننىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىپ تاپقان.

11 بوغۇملۇق ۋەزىن:

مېڭىپ - مېڭىپ يېتەلمىدىم تارىمغا،
قانداق چىداي قىزىل گۈلدەك يارىمغا.

كېچىلەردە ئويغۇ كەلمەس كوزۇمگە،
قىزىل گۇلۇم سىز يەتكەندە يادىمغا.
(«قىزىل گۇلۇم» داستانىدىن)

12 بوغۇملۇق ۋەزىن:

كەتكەن ئىكەن ئاتام مېنى ساڭا تاشلاپ،
جېنىم ئانا كەتتىڭ مېنى كىمگە تاشلاپ؟
بۇ دۇنيادا ئوتەرمەنمۇ غېرىپ بولۇپ،
يېتىملىكتە كوڭلۇم كۇلمەي، يىغلاپ قاقشاپ.

13 بوغۇملۇق ۋەزىن:

ئارپا-بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ئورۇق توققان قېرىنداشتىن ئولۇم ئايرىيدۇ.
يامان يولۋاس يولدا يېتىپ ئىنىرغا يول بەرمەس،
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى كەلمەس.

14 بوغۇملۇق ۋەزىن:

ھىجران دەستىدە يىغلاپ ئاقتى كوزۇم قاراقى،
كەتمەس دەرتلىك بېشىمدىن شەمسى جانان پىراقى،
ئارامى جان بولارمۇ ئاشىققا يول يىراقى،
قەمەر شاھدۇر نادامەت، نالە ئەپغان ئىچىدە.
(«قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىدىن)

15 بوغۇملۇق ۋەزىن:

بۇلبۇلى بىچارىسەن گۇل ئىشقىدا پەريادى قىل،
ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ ئويغۇنى بىدارى قىل.
تىنماي شامۇ-سەھەرلەر يىغلاپ تۇرۇپ پەريادى قىل،
يار ئوچۇن سالدىم ئىمارەت ئىشقى يول ئابادى قىل.
جانىم موللام بىر زامان شۇل يارنى ئازادە قىل.
(«غېرىپ-سەنەم» داستانىدىن)

16 بوغۇملۇق ۋەزىن:

(1) باھار بولدى گۇل ئېچىلدى، مېنىڭ گۇلۇم ئېچىلماسمۇ؟
خۇشپۇراقلار خوپ چېچىلدى، ماڭا قەترە چېچىلماسمۇ؟
(«غېرىپ-سەنەم» داستانىدىن)

(2) سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك يۈزىڭگە نۇر ياراشىپتۇ،
بېلىڭ ئوتى-پىراقىڭدا يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

شۇ ئۇتلارنى ئۇزەك سالدىڭ خەۋەردار بولمىدىڭ يارىم،
شۇ ئۇتلاردا كۆيۈپ ئۇلسەم شەھىد بولسۇن مېنىڭ جانىم.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن باشقا، تۇراق ۋە رىتىم جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان باشقا شەكىللەرمۇ كوپ ئۇچرايدۇ.

يەنە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدىغان مۇنداقمۇ بىر ۋەزىن شەكلى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مىسرالارنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىغى قوشاقنىڭ ئاساسي رىتىمغا ھېچقانداق دەخلى يەتكۇزمەيدۇ:

ئوگزەڭدە كەپتەر — 5
تاماكۇ سەپپەر — 5
تاماكىنى چەكمەيمەن — 7
جورامنى تەپپەر 5

2 - خىلى:

قارا ساچىم يەلپۈنۈپ — 7
قاشىمغا چۈشتى — 5
تۇمەن سەۋداء بالالار — 7
باشىمغا چۈشتى. — 5

( «سىپىت نوچى» داستانىدىن)

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بوغۇم سانى ۋە ۋەزىن قۇرۇلىشى جەھەتلەردە يۇقۇرىقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن شەكىللىرى بار. بىز يۇقۇرىدا پەقەت بىر قەدەر ئۇمۇملاشقان شەكىللەردىن مىسال كەلتۈردۇق. بۇنىڭدىن كورۇشكە بولىدىكى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىن باي بولۇپلا قالماستىن، شەكىل جەھەتتىنمۇ خىلمۇ-خىللىقتا ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر شېئرىيىتىنىڭ مىللى شەكىللىرى ھىساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ خېلى كوپ بىر قىسمى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئارۇز ۋەزنى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەزىن تۇرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ئامىل مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ سانىنىڭ ئاز-كوپلۈگى بولماستىن بەلكى ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ نوۋەت بىلەن تەكرارلىنىپ، رىتىم (ۋەزىن) ھاسىل قىلىشىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ بىر قانچە بەھرلىرى ساقلانغان. تۆۋەندىكى ئۇنىڭ ھەر قايسى تۇرلىرىگە دائىر بىر قانچە مىساللاردىن ئىبارەت:

1 - مىسال

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

بۇ قوشاق ئارۇز ۋەزنىدىكى رەمەل بەھرىنىڭ «رەمەل مۇسەممەن سەلىم» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىگە مەنسۇپتۇر. ۋەزىن سىخمىسى: پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلاتۇن.

2 - مىسال:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم ئۇتقاي سېنى،
كوز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

بۇ قوشاق رەمەل بەھرىنىڭ «رەمەل مۇسەممەن سودۇر» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىگە مەنسۇپتۇر. ۋەزىن سىخمىسى: پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلۇن.

3 - مىسال:

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يايرىم،
يولۇڭغا بارغىدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغىدەك بولدۇم.

بۇ قوشاق ھەجەز بەھرىگە مەنسۇپتۇر. ۋەزىن سىخمىسى: مەپائىلۇن، مەپائىلۇن، مەپائىلۇن، مەپائىلۇن.

4 - مىسال:

سۇغا سالسام، سۇ كوتەرمەس مىسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كوڭۇلنى.

بۇ قوشاق مەنسىرىھ بەھرىنىڭ «مەنسىرىھ مۇسەممەن مەتۋى مەكفۇق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرىگە مەنسۇپتۇر. ۋەزىن سىخمىسى: مۇپتەئىلۇن، مۇپتەئىلۇن، مەپئۇل، پەئىلۇن.

5 - مىسال:

تاغمۇ-تاغلاردىن ئېگىز، ئاغمى بۇلاقنىڭ تاغلىرى،
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ، ئاستىدا كۆلباغلىرى.

بۇ قوشاق مۇقتەزىپ بەھرىگە مەنسۇپتۇر. ۋەزىن سىخمىسى: پائىلات، مۇپتەئىلۇن، مۇپتەئىلۇن، مۇپتەئىلۇن.

6 - مىسال:

راۋاپ چالسەن ئوزۇم،
يىغلايدۇ قارا كوزۇم.

ئوز يۇرتتا مۇساپىر مەن،
ئوتمەيدۇ مېنىڭ سوزۇم.

بۇ قوشاق رەجەز بەھرىگە مەنسۇپتۇر. ۋەزىن سخەمىسى: پائىلۇن، مەپائىلۇن، مەپائىلۇن، مەپائىلۇن.

7 - مىسال:

ئاتىم بولسا ھىللادىن،
جابدۇقلىرى تىللادىن.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
مەگزى قىزىل قىزلادىن.

بۇ قوشاق مۇتەقارىب بەھرىگە مەنسۇپتۇر. ۋەزىن سخەمىسى: ياي پەئۇلۇن، ياي پەئۇل.

يۇقۇرقىلار، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا كوپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم بەھرىلەرگە مىسال ئورنىدا كورسىتىلدى. يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۇرگەندە، بۇندىن باشقا بەھرىلەرگە مەنسۇپ بولغان قوشاقلارنىمۇ ئۇچرۇتۇش مۇمكىن.

× × ×

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى ھەم ۋەزىن تۇزۇلىشىدە يۇقۇرقىلاردىن ئالاھىدىرەك بولغان چاچما (تاخماق) شەكىلمۇ بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەركىن شېئىرلار ئەنە شۇ مەنبەئە ئاساسىدا شەكىللەنگەن. قوشاقلارنىڭ بۇ خىل تۇرىدە مىسرالاردىكى بوغۇم ياكى سوزلەرنىڭ بەلگىلىك تۇراق ھاسىل قىلىشى ئۇنىڭدا ئاھاڭدارلىقنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ:

مەسىلەن:

مىنىۋىلىپ ئالتە ئايلىق مۇشۇكنى،
ئوۋغا چىقتىم كىيىۋىلىپ كوشۇكنى.
ئۇنىمىگەن چىغ تۇۋىدىن،
تورەلمىگەن توشقان چىقتى.
كەسمىگەن چوماق بىلەن ئۇرۇۋىدىم،
كولمىگەن ئورىغا چۇشتى.
كوتۇرۇپ ئېلىپ سويىۋىدىم،
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى،
ئالتە ئاي ياز يەپ كېتەلمەي،
ھېلىمۇ بار تەڭ ياتىسى.

خولۇم - خوشنىلار بىلەن يەپ،
يەنە قالدى بىر پارىسى.
مەن تارت،
سەن تارت،
ئاغا - ئىنى ئۈچەيلەن،
تەڭ تارت.

....................................

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدا قاپىيەلىك سوزلەردىن قۇرۇلغان نەسرى قوشاقلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز، بۇ خىل قوشاقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نەسرى شېئىرلارنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسىدۇر. مىسال ئۇچۇن سالام خەت شەكلىدە يېزىلغان تۆۋەندىكى نەسرى قوشاقنى كورەيلى:

ئەنى جانابى ئىززەتلىك، ئەل ئىچىدە هورمەتلىك، مېهرى - شەپقەتلىك، قەدىرى - قىممەتلىك، ئاپتاپ تەلئەتلىك، مۇشتىرى سائادەتلىك، ئاشنا قىيامەتلىك، ئەدلى - ئادالەتلىك، سەۋرى قامەتلىك، كورۇشكىلى ئارزۇ بولغان، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق بولغان، قىزىل گۇلدىن بوي ئالغان، كاككۇكتىن خۇي ئالغان، كوڭلۇمنىڭ پىكرى، دىلىمنىڭ زىكرى، چىشلىرى ئۇنچە، لەۋلىرى غۇنچە، قاشلىرى قىياق، كوزلىرى بۇلاق، ئارامى باغىمنىڭ گۇلى، چىمەنلەرنىڭ بۇلبۇلى، دەردىمنىڭ داۋاسى، رەنجىمنىڭ شىپاسى، گۇزەللەرنىڭ رەناسى، ئاقىللارنىڭ داناسى، كوڭۇل رىشتى باغلانغان، هىجران ئوتىدا داغلانغان، كورۇشكە ئىشتىياق بولغان، ئارلىغىمىز يىراق بولغان، كېچە - كۇندۇز تەلەپكار، ئۇشبۇ دەرتكە سەۋەپكار، ئاشىقىم ۋاپادارغا، مەشۇق بىۋاپادىن سالام.

## قاپىيە شەكىللىرى

قاپىيە - قوشاقلاردا كەم بولسا بولمايدىغان مۇهىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قاپىيەسى ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە گۇزەل تۇزۇلۇشكە ئىگە. كوپىرەك ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

بىرىنچى شەكلى:

ئېرىقتىكى سۇلارغا،
مىراپ دېگەن باش ئىكەن.
ئادالەتنى بىلمەيدۇ،
كوڭلى قارا تاش ئىكەن.

قاپىيە سىخېمىسى

A
B

C

B

بۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەنئەنىلىك قاپىيە شەكلى بولۇپ، تۇرپان قوچۇ ئىدىقۇتلىغىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردا ۋە «قەدىمقى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» ئىچىدە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئادەتتە ئەركىن قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. 6 مىسرالىق كوبلىتلاردىن تۈزۈلگەن قوشاقلاردا بولسا، تاق مىسرالىرى (1 - 3 - 5 - مىسرالىرى) ئاق قالدۇرۇلۇپ، جۈپ مىسرالىرى (2 - 4 - 6 -) قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قارا چاچنى تالقىتاي،
سايە بولسۇن يۈلۈگىغا.
جىننىنى قېتىپ بېرەي،
كەتمەن تۇتقان قولۇڭغا.
كىلەرىڭنى مەن بىلسەم،
چىقار ئىدىم يۈلۈگىغا.

قاپىيە سخېمىسى

A
B
C
B
D
B

ئىككىنچى شەكلى:

چىراقنى چىراق دەگلار،
كويگەننى پىراق دەگلار.
ۋاپا قىلمىغان يارنى،
كوڭۈلدىن يىراق دەگلار.

قاپىيە سخېمىسى

A
A
B
A

بۇنىڭدا 4 مىسرالىق كوبلىتلاردىكى 3 - مىسرا ئاق قالدۇرۇلۇپ، 1 -، 2 -، 4 - مىسرالىرى قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ. بۇنداق قاپىيە شەكلىنى ئادەتتە ئۈچ قاپىيە دەپ ئاتايمىز.

ئۈچىنچى شەكلى:

يارىم كەتتى يىراققا،
قارىسام كۆزۈم يەتمەس.
مىنى قويدى پىراققا،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.

ياكى:

قىزىل ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ناۋات بىلەن سۇغارغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

قاپىيە سخېمىسى

A
B
A
B

بۇ ئالماش قاپىيە دەپ ئاتىلىپ، 1 - مىسرا بىلەن 3 - مىسرا، 2 - مىسرا بىلەن 4 - مىسرا قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ.

4 - شەكلى:

قوغلاپ چىققان چىرىكنىڭ
مىڭگەن ئاتلىرى قاشقا.
چىرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

قاپىيە سخېمىسى

A
B
B
B

بۇنىڭدا 1 - مىسرا ئاق قالدۇرۇلۇپ 2 -، 3 -، 4 - مىسرالىرى قاپىيەلىشىپ كېلىدۇ.

5 - شەكلى:

غېرىپتۇر مېنىڭ باشىم،
كۆزۈمدىن ئاقار ياشىم.

يوقتۇر مېنىڭ يولداشىم،
يېقىن قوۋمى-قېرىنداشىم.

قاپىيە سىخېمىسى:

A
A
A
A

بۇ ئۇدا قاپىيە دەپ ئاتىلىپ، ھەر بىر كوبلېتتىكى بارلىق مىسرالار تۇتاش قاپىيىلىنىدۇ.

6-شەكلى:

ئاتىسىدىن يېتىم قالغان،
ئانىسىدىن يېتىم قالغان.
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان،
ھېممىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

قاپىيە سىخېمىسى:

A
A
A
B

بۇمۇ ئۇدا قاپىيىنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇپ، 1-، 2-، 3-مىسرالىرى ئۆز ئارا قاپىيىلىنىدۇ. ئاخىرقى مىسرانىڭ قاپىيىسى باشقا مىسرالارنىڭ قاپىيىسىگە يېقىنماي، يۇقۇرقى مىسرالارنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرىدۇ.

7-شەكلى:

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ، قارا مەندە يوق،
قارامۇقنىڭ قاسىرىقىدەك گۇنا مەندە يوق.

قاپىيە سىخېمىسى:

A
A

بۇ جۈپ قاپىيە دەپ ئاتىلىپ، ئىككى مىسرالىق شېئىرلارنىڭ ئۆز ئارا قاپىيىلىنىشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاپىيىدىكى قوشاقلار بېيىت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تولۇق ۋە مۇكەممەل قاپىيىلىك تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغانلىقتىن، تەبىئىي ئاھاڭدارلىق شەكىللىنىپ، بۇ ھال ئۇنى تېز ئەستە قالدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا يالغۇز مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى سوزلەرنىڭ ئوز ئارا قاپىيىلىشىپ كېلىشىگە ئەھمىيەت بىرىپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە مىسرالارنىڭ بېشىدىكى سوزلەرنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىلمۇ-خىل قاپىيە شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇنداق قاپىيە شەكىللىرىنى ئادەتتە «باش قاپىيە» دەپ ئاتايمىز.

باش قاپىيە قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا كوپرەك ئۇچرايدۇ. قەدىمقى شېئىر-قوشاقلاردا مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيىگە قاراپ كوبلىتلارغا ئايرىماستىن، مىسرالارنىڭ بېشىدىكى قاپىيىگە قاراپ كوبلىتلارغا ئايرىغان. چۇنكى بۇ شەكىلدىكى مىسرالارنىڭ بۇغۇم سانىغا مۇقىم ئولچەم قويۇلمىغان. باش قاپىيە كەلتۇرۇش تەلىۋى بىلەن بەزى مىسرالار قىسقا، بەزى مىسرالار ئۇزۇن بولۇپ تۈزۈلگەن. نەتىجىدە ئاياق قاپىيىلەر ئىزچىل ھالدا ماسلىشىپ كەلمەي، پىكىر ئېقىمىغا قاراپ، ھەر خىل تەرتىپتە ماسلاشتۇرۇلغان. ئەگەر مىسرالارنىڭ بېشىنىڭ ئوخشاش تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنى كوبلىتلارنى ئايرىشتىكى بىرلىك قىلىپ ئالمىغاندا، ئۇ شەكىل جەھەتتىن ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەركىن شېئىر شەكلىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ قالىدۇ.

دېمەك، باش قاپىيىلىك شېئىرلاردا، ھەر بىر كوبلىت بىرلىك قىلىنىپ ئۇنىڭ مىسرالىرى ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش ياكى ئاخىرىغا ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش ئۇلىنىپ كەلگەن ئوخشاش ئۇزۇك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سوزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. ئىككىنچى كوبلىتقا ئوتكەندە، يەنە ئوز ئالدىغا باشقا تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدۇ.

مەسىلەن:

بەلدە تۇرغان بەش ئون ئوغلان،
...
بەگىم قايدا تەرمۇ ئەركى.
...
بەزەكلىكتە قىزلار قىرقىن،
...
بەتەرمۇ كوڭۇلىن (ئەركى).
...

مەنىسى:

يېنىمدا تۇرغان ئەللىك باتۇر،
بېگىم قايدا دەۋاتامدىكىن؟
بېزەكلىكتىكى خوتۇن-قىزلار،
كوڭۇللىرىنى بۇزۇۋاتامدىكىن؟

بۇ كوبلىتلارنىڭ مىسرالىرى «بە» بىلەن باشلانغان.

بىلىگ بىلىڭ يا بەگىم،

بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.
...
بىلىگ بىلگەن ئۇل ئەركە،
...
بىر كۈن دەۋلەت تۇش بولۇر.

مەنىسى: بىلىم ئۈگىنىڭ، ئەي بېگىم،
بىلىم سىزگە ھەمرا بولىدۇ.
بىلىم ئۈگەنگەن ئەركە،
دولەت ئاخىر يار بولىدۇ.

بۇ كوبلېتلارنىڭ مىسرالىرى «ب» بىلەن باشلانغان ۋە باشقىلار.

دېمەك، بۇ پاكىتلاردىن، قەدىمقى شېرىيىتىمىزدە قاپىيە شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىلا ئەمەس، مۇھىمى شېئىر مىسرالىرىنىڭ بېشىدا بولىدىغانلىقىنى، باش قاپىيە مۇتلەق كوپ شېئىر شەكىللىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىر مىللىي شەكىل ئىكەنلىكىنى كورۈۋالا-لايمىز. بۇ خۇسۇسىيەت قەدىمقى يازما يادىكارلىقلىرىمىزغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن سىڭىپ كىرگەن ۋە قېلىپلاشقان بولۇپ، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە (ھەتتا ھازىرغىچە) ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتىمىزدا داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن ۋە كۈچلۈك رول ئوينىغان.

مەسىلەن:

قېقىر ئاتىغ كەمشەلىم،
...
قالغان سۈنگۈن چۈمشالىم.
...
قايناپ يانا يۇمشالىم،
...
قاتىغ ياغى يوۋۇلسۇن.
...

مەنىسى: قىقراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان نەيزە ئۇرايلى.
قايناپ يەنە يۇمشايلى،
قاتتىق يىغا بوشىسۇن.

(«تۈركى تىللار دىۋانى»)

يەنە مەسىلەن:

قارا - قارا قاشلىرىڭغا،
...
قاتساگچۇ مىنى.
...
قارا قاشىنىڭ بازارىدا
......
ساتساگچۇ مىنى

قارا قاشىنىڭ بازارىدا

......

ئالمىسا مېنى،

كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ

ئاتساڭچۇ مېنى.

باش قاپىيە يەنە، ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ۋە ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ تۇراقلىق شېئىرى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن:

تەپسەم

...

تەۋرىمەس

...

كۆمسەم

.....

كۆمۈلمەس

...

كەل-كەل دىسە كەلمەيدۇ

...

كەلمە دىسە كېلىدۇ.

...

بېگىمگە يەتكىچە

...

بېلىڭ ئۈشتىلار.

...

ئىسسىق ئۆيۈم،

...

ئىسسىق ئۆيۈم.

...

ۋە باشقىلار.

لېكىن باش قاپىيە شەكلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇچرىمايدۇ. كىلاسسىك شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ ئىزنالىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلە ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنمىغان.

مەلۇمكى، بەدىئى ئىجادىيەتتە مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ. شۇنداقلا شەكىلمۇ پاسسىپ نەرسە بولماستىن ئۆز نۆۋىتىدە مەزمۇنغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى كونكرېت ئىجادىيەتتە بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى خەلق تۇرمۇشى بىلەن بىۋاستە باغلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ شەكلىمۇ شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، تىل ئالاھىدىلىكى، مىللى ئالاھىدىلىكى، ئىستېتىك پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ھال خەلق قوشاقلىرى شەكلىنىڭ نىسبى مۇستەقىللىقى ۋە نىسبى مۇقىملىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىكى ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكىنىڭ ۋارىسلىق خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى
ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن
*
شىنجاڭ داشۆې ئوقۇتۇش باشقارمىسى نەشر قىلدى
شىنجاڭ داشۆې دەرسلىك بۆلۈمى تارقاتتى
شىنجاڭ داشۆې باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
*
1983 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3,500 — 1